# گۈلستان

(ئەدبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى)

## (4)



# گۇلستان

## (4)

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى)

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گۈلستان (4)

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى)

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
ۋە نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1984 ـ يىل 12 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1984 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.55 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن

ئۇ ئادەتتىكى ئايال.........................گوەن خۇڭ ( 1 )
داڭلىق ئارتىس................................خاڭ يىك ( 29 )
ئون ئۈچ ياشقا كىرىشتىن قورقمايمەن...........لىۇ شىنۇۋ ( 36 )
بۆرە ئوۋلاش.................................يەن گورۋي ( 73 )
ئوقۇش پۈتتۈرۈش رەسىمدە قالغان خاتىرىلەر...زىلڭ گوۋبى ( 89 )
كىچىك ھىكايىلەر ...............جاڭ شىنمىن قاتارلىقلار (121)
«ئىشچىلار گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان بىرقانچە كىچىك ھىكايە
توغرىسىدا ....................................ساۋ مىڭ (161)

## سوۋېت ئەدەبىياتىدىن

قۇملۇق يېزىدىكى مۇئەللىمە.......................پلاتونوۋ (168)
قايىتىپ كېلىش ..................................پلاتونوۋ (184)
فۇرونتتىكى سۈرەت................................ل. يۇنىنا (228)
بۇرۇنقى بىر كېچىدە............................ۋ. سولوئۇخىن (252)
دادامنىڭ داچىسى..................................س. ۋورونىن (284)

# ئۇ ئادەتتىكى ئايال

## گۇەن خۇڭ

تۇغۇشۇن گېزىتتە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ جاڭ جى تېخىچىلا خاتىرجەم بولالمىدى. بۇنداق ئەھۋال جاڭ جىدەك ياش ئەمما تەجرىبىلىك مۇخبىرلاردا ئاز كۆرۈلەتتى.

جاڭ جى يىراق مۇساپىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىلگەنلىكى ۋە ئادەم تېنىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىغا دائىر ئەڭ يېڭى كەشپىيات دېگەندەك جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك زور يېڭىلىقنى خەۋەر قىلغان ئىدى. ئۇ بىر كېچىدە يەتتە ـ سەككىز مىڭ خەتلىك ماقالا يازاتتى، پۈتۈن بىر بەت كېلىدىغان چوڭ ـ چوڭ ماقالىلارنى بىراقلا پۈتتۈرۈۋېتەتتى. بىراق، ئۇ ئاران تۆت مىڭ خەتلىك بۇ تۇغۇشۇن ئۈچۈن يېرىم ئايدىن كۆپرەك باش قاتۇردى.

ئۇ دۇنيادىن ئۆتكەن بىر بىئولوگىيە ئالىمىنى تونۇشتۇرغان ئىدى. ئادەتتە ئۆلگەن ئادەم ئۈستىدىن خۇلاسە چىقىرىشقا كۈچ كەتمەيدۇ. ئىلگىرى ئاقساقال جۇ جۇڭنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە سوغاق مۇئامىلە قىلىنغان، ھازىر يولسا ئۇ مەلۇم بىئوفىزىئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىندى. جۇ جۇڭ ۋاپاتىنىڭ يىگىرمە يىللىقىنى خاتىرىلەش كۈنى ئۇ بۇرۇن ئىشلىگەن تەتقىقات ئورنى ئۇنىڭغا ئاتاپ مەرمەر تاشتىن ھەيكەل ئورناتقان ئىدى. بۇ مەرمەر ھەيكەل جاڭ جىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى تۇغۇشۇنىنى يېزىشىغا سەۋەپ بولغان. لېكىن، بۇ رەھمەتلىك ئۆزىنىڭ تېخى ھايات شاگىرتى بەي شياۋرۇ بىلەن

باغلىنىشلىق ئىدى، بەي شياۋرۇ جۇ جۇگنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقارا بىئولوگىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى. ھەتتا بەي شياۋرۇنىڭ نامى چىققانلىقى ئۈچۈنلا خەلقارا بىئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۇستازىنى "بايقىدى" ۋە "بىلدى" دېيىشكىمۇ بولاتتى. بىراق، ئۇ، ئۇستازى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خورلۇق-ئەلەم ئىچىدە قالدى، كىشىلەر ئۇنى ئۇستازىنىڭ سەمەرىلىرىنى ئوغرىلىۋالدى، ئۇستازىنىڭ ئايالىنى زەردىگۈش قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇستازىنىڭ مال-بىساتىنى بېسىۋالدى، دېيىشتى، ھەتتا ئۇنى ساختا ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللاندى، دېدى. بەي شياۋرۇنىڭ ئابرويى تۆكۈلگەن ئىدى. بەي شياۋرۇ يىگىرمە يىلنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدى. ئۇ ئادەتتىكىچە ئايال ئەمەس. تۈگىشىنىڭ يېرىمى دىگۈدەك بەي شياۋرۇ توغرىسىدا يېزىلغان ئىدى.

جاڭ جى ئۆلگۈچىدىن كۆرە ھايات كىشىگە بەكرەك قىزىقتى.

ئۇ جۇ جۇڭ ئاقساقال بىلەن بىللە ئۆتكەن بارلىق ئالاقىدار كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپ چىقتى. ئۇ زىيارەت قىلغانلار ئىچىدە بەي شياۋرۇ ئۈستىدە خاتا چۈشەنچىدە بولغانلار ۋە ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قارىغانلارمۇ بار ئىدى. ھەممىدىن بەك ئەپسۇسلىنارلىقى بەي شياۋرۇنىڭ ئۆزىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىنىڭ بولمىغانلىقى ئىدى.

جاڭ جى بەي شياۋرۇنى ئۈچ قېتىم ئىزدەپ بارغان بولسىمۇ، بەي شياۋرۇ رەت قىلغان ئىدى.

ئۇ مۇخبىرلىق ھاياتىدا ھۇجۇم قىلىش بۇنچىلىك تەسكە چۈشكەن "قورغان"نى تېخىچە ئۇچراتمىغان ئىدى.

ئۇ ئەزەلدىن بىرىنچى قول ماتېرىيالغا تايىنىپلا يېزىپ كەلگەن، بۇ

قېتىم مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىپ ئىككىنچى قول ماتېرىيالغا تايىنىپ يېزىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ تۇڭشۇننى تازا ئۇڭۇشلۇق يېزىپ كېتەلمىدى.

تۇڭشۇن يېزىلىپ بولۇپ، باش مۇھەررىر سىگنالىغا تارقىتىش تەستىقى سالغاندىن كېيىن بۇ ئىش تۈگىگەن ھېساپلىناتتى. بىراق، بەي شياۋرۇنىڭ ئوبرازى جاڭ جىنىڭ كاللىسىغا دائىم كىرىۋالاتتى. تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى جۇ جۇڭنىڭ مەرمەر تاش ھەيكىلىنى ئورنىتىش مۇراسىمىدا بەي شياۋرۇنىڭ جۇ جۇڭ نامىدىكى جۇ جۇڭ تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى جاكالىدى. بەي شياۋرۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسىغانچە بىر ھازا سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىپ، يىغىننى داۋاملاشتۇرۇشقا بولمىدى.

مۇخبىرلار ئادەتتە خەۋەر قىلىش قىممىتىگە ئىگە ئىشلارغىلا قىزىقىدۇ. جاڭ جى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ خەۋەر قىلىش قىممىتى بولمىسىمۇ، ئەمما بەي شياۋرۇنىڭ تىلىدىن مول سۈكۈتىگىمۇ قىزىقتى. ئۇ بەي شياۋرۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كىرىپ ئىزدىنىشنى ئويلايتتى. ئۇ يازغۇچى بولۇش تاماسىدا بولمىسىمۇ، مۇخبىر بىلەن يازغۇچى ئوخشاش، ھەممىسى ئىنسانلارنى تەتقىق قىلىدۇ، ئىنسانلار پسىخولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىدۇ، دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇ ئىزچىل تۈردە بەي شياۋرۇ بىلەن سۆزلىشىش، ھېچ بولمىغاندا بىرەر قېتىم، بىرنەچچە مىنۇت بولسىمۇ سۆزلىشىش ئىستىگىدە بولۇپ كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىغا ئىشىنەتتى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ يازغانلىرىغا زادى ئىشەنچ قىلالمايتتى.

www.uyghurkitap.com

جاڭ جى تارقىتىش بۆلۈمىگە بىرىپ بىرنەچچە نۇسخا گېزىت ئالدى، گېزىتنىڭ باسما مېيىنىڭ پۇرىقى گۇپۇلداپ كېلەتتى.

ئۇ قىن ـ قىنىغا پاتمىغان هالدا تەتقىقات ئورنىغا باردى ـ دە، بەي شياۋرۇنى تېپىپ:

ـــ يولداش لاۋبەي، بۈگۈنكى گېزىتنى كۆرگەنسىز؟ ـــ دەپ سورىدى تەۋازۇ بىلەن.

ـــ ياق، ـــ بەي شياۋرۇ سوغاقلا جاۋاپ بەردى.

ـــ بىرىنچى بەتتىكى تۈگشۈندە سىز توغرىلىق سۆزلەر بار... ـــ دىدى ئۇ ئېهتىياتچانلىق بىلەن.

بەي شياۋرۇ هېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي باشقا ياققا قارىدى ـ دە، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تونۇشىغا باش لىڭشىتتى.

ـــ مەڭ... ـــ جاڭ جى بىر نۇسخا گېزىتنى ئېلىپ ئۇزاتتى.

ـــ ئىشخانىمىزدا گېزىت بار. ـــ بەي شياۋرۇ گېزىتنى ئالمىدى ۋە ئەدەپ بىلەن:

ـــ كەچۈرۈڭ، ئىشىم بار ئىدى. ـــ دىدى ـ دە، ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

جاڭ جى بەي شياۋرۇنىڭ سەل ئېگىشكەن بەستىگە ئارقىدىن قارىغىنىچە يۆگىۋالغان گېزىت بىلەن ئۆزىنىڭ ئارقا مېڭىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

جاڭ جى ئىككىنچى كۈنىمۇ باردى.

بەي شياۋرۇ يەنىلا گېزىتنى كۆرمىگەنلىگىنى ئېيتتى.

گېزىتخانىدىن تەتقىقات ئورنىغىچە بىر سائەتلىك يول بولۇپ، ئۈچ قېتىم ماشىنا ئالمىشىشقا توغرا كېلەتتى. جاڭ جىنىڭ تاقىتى پۈتكەن ئىدى.

جاڭ جىنىڭ ھەقىقەتەن غەزىۋى كەلدى. بەي شياۋرۇ ئىنتايىن تەكەببۇر، تولىمۇ غەلىتە، غەرەز ئۇقمايدىغان، كىشىگە ئانچە ھۆرمەت قىلمايدىغان ئايال ئىكەن، دەپ ئويلىدى ئۇ.

جاڭ جىنىڭ غەزىۋى ئاستا-ئاستا بېسىلىپ قالدى. بەلكىم، بۇ، يۈزى ئېچىلمىغان قېرى قىزدىكى پسىخولوگىيىلىك ئۆزگىرىشتۇر، يا بولمىسا ئۇ ھەقىقى ئالىمدۇ. ئاللا ئىگەم ئۇنىڭغا ئىلىم-پەننىلا ئۆگىتىپ، ئادەمگەرچىلىكنى ئۆگەتمىگەندۇ.

مۇخبىرنىڭ چىگىش خىياللار سەھىپىسى ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي جاڭ جى يەنە تەتقىقات ئورنىغا زور بۆسۈش خاراكتېرلىق ئىلمىي تەتقىقات مېۋىسى توغرىسىدا ئەھۋال ئىگەللەش ئۈچۈن باردى.

ئۇ توساتتىن بەي شياۋرۇنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى، قېرىغاندا كېسەلمەن بولۇپ قالغانلىقىنى، بەي شياۋرۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بەرمەيتتى، بۇ قېتىم بىر مەھەل ئەسلىگە كېلەلمەسلىكى مۇمكىن دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدى. جاڭ جى قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، ئۇ دەرھال بەي شياۋرۇنىڭ ئادرېسىنى ئۇقۇشتى-دە، ئۆيىگە يوقلاپ بارماقچى بولدى.

جاڭ جى ئادرېس بويىچە خىش ۋە ياغاچتىن ياسالغان كونا پوسۇندىكى كىچىك بىنانى تاپتى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى رېمونتسىز قالغان پەلەمپەي تاختايلىرى ھەر بىر دەسسىگەندە غىچىلداپ كېتەتتى. جاڭ جى تۆتىنچى قەۋەتكە يەنى مۇشۇ بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە، توغرىسىنى ئېيتقاندا بالىخانىغا چىقتى. ئۆگزىسىنىڭ يېرىمى يانتۇ

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، يانتۇ قسمىدا تۈڭلۈك بار ئىدى، بۇ مۆشۈ كىچىك ئۆيىنىڭ بىردىن-بىر يورۇقلۇق مەنبەسى ئىدى. ئۆيدە ئىككى ياغاچ ساندۇق، بىر كىتاپ جاۋىنى، بىر كىچىك شىرە، بىر ئورۇندۇقنى ھىساپقا ئالمىغاندا، بەي شياۋرۇ ياتىقان ياغاچ كارۋاتلا بار ئىدى، باشقا سەرەمجان يوق ئىدى. شىرە ئۈستىگە قوش پىلىكلىك كونا پوسۇندىكى كىرسىن ئوچاق قويۇلغان ئىدى. كىرسىن ئوچاق كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، سىرى چۈشمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاكىز سۈرتۈلگەن ئىدى. مانا بۇ يالغۇز ئايالنىڭ بەكلا ئاددى ياتىغى ئىدى.

جاڭ جى ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن بۇ يېڭىدىن كۆتىرىلگەن كاندىدات تەتقىقاتچىنى ئىنتايىن ياخشى ئۆيلەردە تۇرىدىغاندۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋال ھەر ھالدا ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدىنمۇ يامان بولۇپ چىققان ئىدى. پەنلەر ئاكادېمىيىسى سېستىمىسى بويىچە "مۇتەخەسسىسلەر بىناسى" سالغان چاغدا، بەي شياۋرۇ تېخى "ئېتىراپ" قىلىنمىغان، "سالاھىيىتى" تېخى تونۇشمايتتى.

بەي شياۋرۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىدى. بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا ئۇ شۇنچە قىرىپ كەتكەندەك، چېكە چاچلىرى شالاڭلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بىر تۇتام چېچى بولسا قۇلىغى يېنىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى، يۈزىگە قورۇق چۈشكەن، چىرايى سارغايغان بولۇپ، نۇرسىز غەمكىن كۆزلىرى ھىلىقى تۈڭلۈككە تىكىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىز-بۇرنى تولىمۇ يارىشىملىق ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدا قالتىس چىرايلىق قىز ئىكەن، ھازىر گۈزەللىكىدىن ئەسەر قالمىغان بولۇپ، ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئىدى. جاڭ جىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىنىش ھىسسىياتى چۇلغىغاندەك بولدى.

— لاۋبەي، — جاڭ جى بوش ئاۋازدا چاقىردى.

بەي شياۋرۇ ئۆرۈلۈپ جاڭ جىغا تىكىلدى. ئېسىگە ئالدى، ئاشۇ، ھېلىقى مۇخبىر. ئۇ يەنە نېمىگە كەلگەندۇ ئەمدى.

بەي شياۋرۇ سوغاق كۈلدى-دە، ئولتۇرماقچى بولدى.

جاڭ جى ئىتتىك بېرىپ ئۇنى توستى.

بەي شياۋرۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ كارۋاتقا يۆلەندى.

جاڭ جى ھېلىقى بىردىن-بىر ئورۇندۇقنى كارۋات ئالدىغا تارتىپ، شىرە ئۈستىدىكى چايداننى ئېلىپ چايقىدى، قايناقسۇ بار ئىكەن، ئۇ بەي شياۋرۇنىڭ ئىستاكىنىغا قايناقسۇ جىقلاپ قويدى، ئۆزىگىمۇ بىر ئىستاكان قۇيماقچى ئىدى، بىراق يېرىم ئىستاكان قايناقسۇ قۇيغاندىن كېيىنلا چايدان قۇرۇقدىلىپ قالدى.

بەي شياۋرۇ كەچۈرۈم سورىغاندەك بېشىنى چايقاپ قويدى.

جاڭ جى ھېچقىسى يوق، دىگەن مەنىدە قول ئىشارىسى قىلدى ۋە شۇ ئانلا چەبدەسلىك بىلەن كىرسىن ئوچاقتا ئوت يېقىپ چۆگۈننى قويدى.

بەي شياۋرۇ مۇخبىرلارنى يامان كۆرەتتى، بىراق، بۇ ياشنى خېلى ياقتۇرۇپ قالدى.

جاڭ جى بىر ھازا پايپېتەك بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بەي شياۋرۇنىڭ ياستۇقىنىڭ يېنىدا بىرقانچە كەسپىي ژورنالنىڭ تۇرغانلىغىنى، ئارىسىدا بىر نۇسخا گېزىتنىڭمۇ تۇرغانلىغىنى، ئۇنىڭ شۇ كۈنلۈك گېزىت ئەمەسلىگىنى بايقىدى. ئۇ، زەڭ قويۇپ قارىغان ئىدى، نەق ئۆزى يازغان تۇگشۇن بېسىلغان گېزىت بولۇپ چىقتى.

بەي شياۋرۇ جاڭ جىنىڭ قاراۋاتقانلىغىنى سېزىپ، ئىختىيارسىز ھالدا قولىنى ھېلىقى گېزىت ئۈستىگە قويدى.

جاڭ جى دەرھال كۆزىنى يۆتكەپ، سەمىمىلىك بىلەن سورىدى:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ــ قانداقراق؟...سىز...

ــ مەن ئاللىبۇرۇن كۆرۈپ بولغان ئىدىم... ــ دېدى ئۇ جاك جىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك پىچىرلاپ.

بەي شياۋرۇ ھىلىقى گېزىتنى ئالدى.

جاك جى ئەسلىدە بۇ ئىش ئۈستىدە گەپ ئېچىش ئۆيىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ بەي شياۋرۇنى يوقلاش ئۈچۈنلا كەلگەن. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇسى كەلمىگەنلىكى تەبىئى ئىدى.

ــ سىزچە...

ــ يازماق تەستە. ــ دېدى بەي شياۋرۇ بېشىنى چايقاپ.

جاك جى "نېمە ئۈچۈن" دېگەندەك سىنچى كۆزى بىلەن قارىدى.

ــ سىز يازغان كىشى ماڭا ئوخشىغاندەكمۇ قىلىدۇ، ئوخشىمىغاندەكمۇ قىلىدۇ... ــ ئۇ كۈلۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ كەچۈرۈڭ، مېنىڭ مۇخبىرلارغا پىكرىم يوق. چۈنكى، ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىگە مەنسۇپ بىر مۇقەددەس ئورۇن بولىدۇ، بۇ باشقا ھەرقانداق ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ، ئۇنى جامائەتچىلىك ئىچىدە يېيىش تېخىمۇ ھاجەتسىز. بۇ بولمىسا، بىر ئادەم مۇكەممەل، ھەتتا چىن بولمايدۇ. شۇنداقمۇ؟

ــ چۈشىنىمەن. ــ دېدى جاك جى بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

ــ شياۋجاك، سىز مۇخبىر تۇرۇقلۇقمۇ مەن سىز بىلەن سۆزلىشىشنى رەت قىلغان ئىدىم، ھازىر مەن سىزنى دوستۇم، ياش دوستۇم دەپ قاراۋاتىمەن، سىز بىلەن سىرداشسام بولىدىكەن... ــ دېدى بەي شياۋرۇ ئېچىلىپ.

— سىز يېڭىلىشقان، شياۋجاڭ. سىز بەي شياۋرۇڭنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم، دەپ قارىغانسىز. ئۇنداق ئەمەس، سىز يېڭىلىشقانسىز. ئىلىم-پەن ئاغدۇرۇلۇشتىن قورقمايدۇ. ئاللىكىملەرنىڭ ئۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز دېيىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. چۈنكى، پەن دېگەن پەن، پەن ئۆزى ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىز تۈگشۈندە مېنى راسا ماختاپسىز، پۈتۈن كۈچ بىلەن مېنى ئاقلاپسىز. گويا ئادەتتە كىشىلەردە بولىدىغان ھېس-ئىستەكنىڭ مەندە يوقلۇقىنى ئىسپاتلىغاندەك، مەن ئاندىن ئالىم بولىدىغاندەك، ئاندىن ھۆرمەتكە ئەرزىيدىغاندەك. ياق، مەن ئادەممەن، يەنە كېلىپ ئايال كىشىمەن. مەن ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ياشىغان، مەندىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش مۇھەببەت بولغان. جۇ جۇڭ مەن ھەممىدىن بەك چوقۇنىدىغان ئۇستاز، مەن چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەن بىردىن-بىر كىشى ئىدى. تەئەججۈپلەنمەڭ، شياۋجاڭ. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئۈستىدە تۈرلۈك قىياس، سۆز-چۆچەك، ئۆزگىرىش ۋە بۆھتانلار بولغان بولسىمۇ، مەن غىڭ قىلمىغان ئىدىم. مەن سۆزلەپ ئولتۇرۇشنى خالىمايتتىم، لېكىن، ھامان بىرسىگە سۆزلەپ بېرەتتىم. ئەمدىلىكتە سىزگە دەيدىغانلىقىمنى پەقەت خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن.

بەي شياۋرۇڭنىڭ سارغايغان چىرايىدا قىزىللىق پەيدا بولدى. ئۇ سەل ھاياجانلانغان ئىدى. ئۇ ھوزۇرلىنىپ ئۇزاق نەپەس ئالدى-دە، ئۆزىنى تېچلاندۇرماقچى بولدى.

— سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىڭىزنى قاچان بىلگەن ئىدىڭىز؟ — سورىدى جاڭ جى.

مەنمۇ ئېنىق بىرنىمە دېيەلمەيمەن، راست، ئېنىق ئېيتىپ بېرەل-

مەيمەن. بەلكىم ئەجەپلىنىدىغانسىز، جۇ جۇڭ مەندىن يىگىرمە ياشچە چوڭ، مېنىڭ ئاتامدەك ئادەم. ئۇ چاغلاردا ھەممەيلەن ئۇنى مۆرمەت-لەپ جۇ جۇڭ ئاقساقال دەپ ئاتىشاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئانچە قېرى ئەمەس، ئەمدىلا ئەللىك ياشتىن ئاشقان ئىدى. سىز ئۇنى كۆرمىگەن. ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىنى ئۇنتالمايدۇ. ئۇنىڭ تەقى-تۇرقى ئادەتتىكىدەك، ئاشۇ بىر جۈپ كۆزى ئاجايىپ نۇرلۇق، جەزىبىلىك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپلا ئۇنى تامامەن چۈشەنگەنلىكىڭىزگە ئىشىنەتتىڭىز-دە، ئۇنىڭغا چوقۇنماي قالمايتتىڭىز. مەن جۇ جۇڭنى بىزەپ كۆرستىشنى خالىمايمەن، سىزنىڭمۇ ئالىملارنى غايىۋىلەشتۈرۈۋەتمەسلىكىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن، ئالىملارمۇ ئادەم، ئۇلاردىمۇ ئادەمدە بولىدىغان ئاجىزلىق بولىدۇ. جۇ جۇڭمۇ تاكامىللىشىپ كەتمىگەن. ئۇنىڭ مىجەزى "غەلىتە" رەك، چىقىشقاق ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىشتە ياكى ھەمكارلىشىشتا ئۇنىڭ ئادىتىگە كۆنۈش كېرەك ئىدى. بولمىسا، ئۇ: يوقال كۆزۈمە-دىن، دەيتتى. ئۇ كىشىلەرگە ھەددىدىن زىيادە قاتتىق، قوپال مۇئامىلە قىلاتتى، كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلمەيتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ خىسلىتى ۋە ھەركىتى بىلەن كىشىلەرگە تەسىر كۆرستەتتى. ئالايلۇق، ئۇ تەجرىبىخانىدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشقا يول قويمايتتى. ئۇ خىزمەتكە كىرىشكەندە كىم ئۈنلۈك گەپ قىلىدىكەن، ئۇ گەپ قىلغۇچىغا تىكىلىپ تۇرۇۋېلىپ، خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك قىلىۋېتەتتى. ئۇ دوست-بۇرادەرنى تەجرىبىخانىغا ئېلىپ كىرىپ پاراڭلىشىشقا تېخىمۇ يول قويمايتتى. بىر قېتىم، ئۇنىڭ فرانسىيىدە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشى بالىسىنىمۇ ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ كەلدى، ھىلىقى بالىمۇ بىئولوگىيىدە ئوقۇغاچقا، تەجرىبىخانىغا بەك كىرگۈسى بار

ئىكەن. بىراق، جۈجۈك ئۇلار بىلەن بوسۇغىدا بىرنەچچە مىنۇت پاراڭلىشىپلا يولغا سېلىنىۋەتتى. ئۇ مانا شۇنداق ئادەم ئىدى. ئەينى چاغلاردا ئۇنىڭ بەش ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى، مەن شۇلارنىڭ بىرسى. بىر قېتىم، ئۇ بىرمۇنچە كوررېكتور نۇسخىسىنى ماڭا بېرىپ، بۇ، مەن يېقىندا تەرجىمە قىلغان بىئولوگىيىگە دائىر مەخسۇس ئەسەر، كۆرۈپ باقسىڭىز، خاتا كەتكەن جايلارغا قېرىنداش بىلەن بەلگە قويۇپ قويسىڭىز، دېدى. مەن بۇ بىر ئايدا ئۇخلىغاندىن باشقا پۈتۈن ۋاقتىمنى دېگۈدەك شۇ كىتاپقا سەرپ قىلدىم. بۇ مەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئۆگىنىش ھەم ئىمتىھان بولدى. مەن تىزىشتا خاتا كەتكەن، خاتا يېزىلغان، تەرجىمىدە ئانچە توغرا بولمىغان جايلارنى تېپىپ چىققان ئىدىم. ئىشەنچىم يوق ئىدى، ھەممىشە كوررېكتور نۇسخىسىدا خاتالىق يوقتەك، ئۆزەم خاتا قىلغاندەك ھىس قىلاتتىم. مەن دەككە-دۈككىدە كوررېكتور نۇسخىسىنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ شۇ ھامانلا تەپسىلى كۆردى-دە، ئاخىرقى بېتىگە كەلگەندە يېنىدا تېخىچىلىك ئۆرە تۇرغانلىغىمنى ئېسىگە ئېلىپ، بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇنى نىمە قۇسۇر چىقىراركىن، دەپ خاتىرجەم بولالمىغان ئىدىم. راست گەپنى ئېيتسام، ئۇ چاغلاردا مەن ئۇنىڭدىن سەل قورقاتتىم. لېكىن، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن "مەن بۇ كوررزېكتور نۇسخىسىنى ئىككى پىروفېسسور تەكلىپ قىلىپ تەكشۈرتكەن ئىدىم. سىز ئۇلاردىنمۇ كۆپ خاتالىق تېپىپ چىقىپسىز، رەخمەت!" دېدى. ئۇ، كىشىلەرنى كەمدە-كەم ماختايتتى. مېنىمۇ شۇ بىرلا قېتىم ماختىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسى قىلىۋالدى. ئۇ قول يازمىلىرىنى ماڭا رەتلىتىپ كۆچەرتەتتى، مەن ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە پىكىر قىلىش يولىنى بىلىۋالغان ئىدىم. ئۇ تەج-

www.uyghurkitap.com

ربه قلماقچى بولسا، مەن تەييارلىق قىلىشىپ بېرەتتىم. مەن خۇددى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ ئوپېراتسىيە سېستراسىغا ئوخشاش، ئۇ قانچە بارمىغىنى ئاچسا، مەن نىمە كېرەكلىكىنى بىلەتتىم. ئۇ ئىشقا كىرىشىپ كەتسە ھەممىنى ئۇنتۇيتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە، مىكروسكوپ، تەجرىبە دورىلىرى، قىزدۇرغۇچ ۋارونكا ۋە سانلىق مەلۇماتلارلا بولاتتى. مەن ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ، تاماق ئەكىلىپ، لۆڭگە تۇتۇپ بېرەتتىم. مەن ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ يۇرچاقتىن ياسالغان يىمەكلىكلەرگە، گۆشسىز سەي، سۇيۇق ئاشقا ئامراقلىقىنى، كۆك چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، سوغاق سۇدا يۇيۇنۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. مەن يەنە ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ قارا سىيا، سالام خەت قەغىزى، ئايروپىلان كونۋېرتى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، رەتلىك، پاكىز يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىش ئۈستىلىگە ھېچقانداق كىشىنى چېقىلدۇرمايدىغانلىقىنى، ئەلنەغمە، چاكچىلىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ماي بوياق رەسىملەرنى قىزىقىپ كۆرىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم، ئۇ لۈۋر ئوردىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان ئىكەن، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك موننالىزانىڭ سىرلىق تەبەسسۇمىنى ئەستىن چىقارمىدى، بىراق ئۇ ئەزەلدىن تىياتىرخانا ۋە كۆرگەزمىخانىلارغا بارمايتتى؛ ئۇ تىل ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرەتتى، تىل ئۆگىنىش ئۇنىڭ ئۈچۈن قالتىس ھوزۇر ئىدى، ئۇ تۆت دۆلەتنىڭ تىلىنى بىلەتتى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا لاتىنچىمۇ ئۆگەنگەن، ئۇ مەن بىلەن پات-پاتلا ئىنگلىزچە سۆزلەشەتتى، ئۇ ئىنگلىزچە يەرلىك تەلەپپۇزدا سۆزلىسە، مەن ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالاتتىم؛ ئۇ ئۇستەل چىرىغىنىڭ گۇڭگا يورۇقىدا مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى، ئازراقمۇ تىرىق-تىرىق ئاۋازنىڭ

بولماسلىغىنى ياقتۇراتتى؛ ئۇ تاماقتىن كېيىن سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ھېچكىمنى ھەمرا قىلمايتتى؛ ئۇ باشقىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى قىلچە يوشۇرماي ئوتتۇرىغا قويۇ- شىنى، جۇ جۇڭنى نوپۇز ئىگىسى دەپ، ئۇ نىمە دىسە، ھە، شۇنداق، دەپ تۇرماسلىقىنى ياقتۇراتتى. ئۇ ئىلمىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان چاغلاردا ياشلارغا ئوخشايتتى، باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۆپكىدەك قىزىرىپ كېتەتتى. ئادەتتە بولسا بوۋايلاردەك بىرقانچە سائەتلەپ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇ پات-پاتلا نەچچە ئون سائەتلەپ ئۆزمەي تەجرىبە قىلاتتى. ئۇ ئارام ئالمىسا، مەنمۇ ئارام ئالالمايتتىم. ئەجەپلىنەرلىكى، مەنمۇ كۆنۈپ قالغان ئىدىم. ئەينى يىللاردا قانداق قىلىپ ئۇدا نەچچە ئون سائەتلەپ كىرپىك قاقمىغان- لىغىمنى ئۆزەممۇ زادى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. چىچىمنى پات-پات سوغاق سۇدا ھۆلدەۋالاتتىم. مەن ئۇ چاغدا راسا ياش ئىدىم-دە! بەزىلەر مېنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىمىسە بوپتىكەن، بەك جاپا چەكتى، دىگەن ھىسسىياتتا بولاتتى. لېكىن، مەن بۇنى بىر خىل لەززەت ھىساپلايتتىم. بىز دۇنيادا كۆرۈلمىگەن ئىلمىي نەمۇنە يارىتىۋاتاتتۇق. ئىجادىيەت خۇشاللىغىدىن باشقا، ئوتتۇرىمىزدا يەنە يوشۇرۇن ماسلىشىش خۇشاللىغىنىڭ بارلىغىنى ھىس قىلاتتىم، بۇنداق خۇشاللىق ھىسسىياتىنى كۆڭۈلدىلا بىلەتتۇقكى، سۆز بىلەن ئۇقتۇرۇشقا ئامالسىز ئىدۇق. مەن ئەينى ۋاقىتلاردا بۇنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىغىنىمۇ بىلمەيتتىم. كەسپتىن باشقا ھېچنىمىنى ئويلىمايتتىم. ئاپام دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىنلا يالغۇزسىراپ، ئۆپچۆرەمدە بىرەر تۇققىنىمنىڭ يوقلۇغىنى تونجى قېتىم ھىس قىلدىم. قاتتىق ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ ئون كۈن يېتىپ قالدىم. مەن ئاغرىپ

قېلىپ ئىككىنچى كۈنى ئۇ مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ تەجرىبىنى توختىتىپ
قويۇپلا كەپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى. ئۇ
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە كۈنمىڭدا ئىكەن،
ياپون ئايروپىلانلىرى بېشىدا غوڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرسىمۇ، سىگنال
شەھەرنى بىر ئالسىمۇ، ئۇ تەجرىبە تۈگىمىگەچكە لەخمىگە كىرىشكە
ئۇنىماي، مىكروسكوپ ئالدىدا بۇرۇنقىدەكلا ئولتۇرۇپ ئىشنى داۋام-
لاشتۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇ تۈنجى قېتىم، شۇنداقلا بىرلا قېتىم بۇ ھوجرىغا
كېلىپ، سىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىڭىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق ئولتۇرغان
ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا شۇنداق تىكىلگەن ئىدى-دە! ئۇنىڭ
نىملەرنى دىگەنلىكى خاتىرەمدىن كۆتۈرىلىپ قاپتۇ، شۇ چاغدا قىلىن-
ۋاتقان تەجرىبە ئەھۋالىنى سۆزلىگەن قىلىۋىدى. لېكىن، ئۇنىڭ يېنىك
خورسىنىپ: "سىزدەك ياردەمچىم بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى زادى
ئويلىمىغان ئىكەنمەن" دىگەنلىكى ئېسىمدە. ئۇ بىر تور سومكا نەرسە
ئېلىپ كەپتۇ. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كېسەل يوقلاپ بىر نەرسە ئاپىرىپ
باقمىغان ئىكەن، نىمە ئېلىشنى بىلمەيدىكەن. ماشىنىدىن چۈشۈپلا
ئۇدۇلدىكى يېمەكلىكلەر دۇكىنىغا كۆزى چۈشۈپتۇ-دە، يېنىدىكى
بار پۇلغا شۇ نەرسىلەرنى ئاپتۇ. قايتىشتا ئاپتوۋۇز بېلىتى ئالارمەن،
دەپ يانچۇقىدا بىرنەچچە تىيىن قالدۇرۇپتۇ. ئۇ ئالما، بانان،
پېچىنە، بولكا، بېلىق كونسېرۋاسى، گۆش كونسېرۋاسى، كونسېرۋا
سۈت، قەن سېتىۋاپتۇ، تېخى گۆش تالقىنى، فۇجيەن گۆش تالقىنى،
تەيساڭ گۆش تالقىنىمۇ بار، مېنىڭ نىمىگە ئامراقلىقىمنى بىلمىگەچكە،
ھەر قايسىسىدىن يېرىم جىڭدىن ئېلىۋېرىپتۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ
ئەتراپلىق ئويلاپتۇ! ئۇ كەتكەندىن كېيىن، مەن ئۇ ئەكەلگەن
نەرسىلەرگە قاراپ كۆز يېشى قىلدىم. نىمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىمنى

ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. مەن ساقىيىپ ئىشقا چىقىپلا يەنە بىر زور تەجرىبىگە ئۇلگۈرۈپتىمەن. ئۇ مېنىڭ ئۆزۈلۈپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، ياردەمچى بولۇشۇمغا ئۇنىمىدى. ئىشلەيمەن دەپ تۇرۇۋېلىۋىدىم، ئۇ قوشۇلدى. ئۇنىڭ خوشال بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. تەجرىبە يېرىملاشقاندا ئۇ قەستەن توختىۋالدى. مەن ”بۇ يەردە ئۆزۈپ قويماسلىق كېرەك ئىدىغۇ...“ دىسەم، ئۇ ”مەن چارچاپ قالدىم، ئىككىمىز ئايلىنىپ كەلسەك قانداق“ دىدى. ئۇ بۇرۇندىنلا يالغۇز سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بىرەرسى بىللە بولسا، خاتىرجەم-لىكىمگە كاشىلا قىلىدۇ، دەيتتى. تەجرىبە بۆلۈمىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك هويلىدا گۈل ئۆستۈرۈلگەن، كۆلچەكتە تەجرىبىگە ئىشلىتىل-دىغان ئالتۇن بېلىق، پاقا بېقىلاتتى. ئۇ سوكۇت ئىچىدە ئاستا كېتىۋې-تىپ، بىردىنلا مەن تەرەپكە بۇرالدى-دە: ”سىزنى ئىزدەپ كېلى-دىغان دوستلىرىڭىزنى كۆرگىلى بولمايدىغۇ؟“ دەپ سورىدى. مېنىڭ، دوستۇمنى ئالدىڭىزغا ئېلىپ كېلىشكە قانداقمۇ پېتىناي، ئۇنداق قىلىش دەشنەم ئىزدىگەندەك ئىش ئەمەسمۇ؟ مەن بۇرۇنقى دوستۇم بىلەن بولغان جۇدالىق ئۈچۈنمۇ ئەپسۇسلانمىدىم. چۈنكى، مەن تېخىمۇ قىممەتلىك بۆلەك بىر دوستلۇققا نائىل بولدۇم، دىگۈم كەلدى. ئۇ ”دوستىڭىز بولۇشى كېرەك، يىگىت دوستىڭىز بولۇشى كېرەك...“ دەپ پىچىرلىدى. يۈزۈم بىردىنلا ئوت ئېلىپ كەتتى، ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ كۆزنى كەچ ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. مەن ئارانلا ”ئۇ ئىشلارنى ئويلاشقا چولام يوق، مەن قانداق قىلىپ سىزنىڭ ياخشى ياردەمچىڭىز بولۇشنىلا ئويلايمەن...“ دىدىم تارتىنىپ. ئۇ بىر پەس ماڭا تىكىلگەندىن كېيىن ئالدىغا بۇرالدى. مەن ئۇنىڭ قاراڭغۇدا بېشىنى سەل چايقاپ: ”سىزنىڭ ئۆز تۇرمۇشىڭىز بولۇشى كېرەك...“

www.uyghurkitap.com

دىگەنلىگىنى بايقىدىم. ئۇ تەجرىبىخانىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تەجرىبىنى داۋاملاشتۇردى، يېنىپ ماڭا قارىمىدى. ئەمما مېنىڭ دىققىتىم چېچىلغان ئىدى. مەن كىچىك قىز ئەمەس، ئوتتۇز نەچچە ياشلىق بىر قىزدا ياش قىزلاردا بولىدىغان تۇنجى مۇھەببەتنىڭ قايناق ھىسسىياتى ۋە پاراكەندىچىلىكى بولمايدۇ، قايمۇقۇش ۋە خام خىياللارمۇ بولمايدۇ. مەن ئارامبەخش ئىناقلىق ۋە تىرەن چۈشىنىشكە مۇھتاج، ئۇزاق جەزبە ۋە ئەمەلىي چىدامغا مۇھتاج. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاپقان ئىدىم. مەن مانا بۇنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم.

— سىز سەزدىڭىزمۇ؟

— سەزدىم-يۇ، قورقتۇم.

— ئۇ چۇ؟

— ئۇمۇ شۇنداق، مېنىڭچە.

— خىزمەتداشلىرىڭىزچۇ؟

— ئۇلار سەزمىگەن ئىدى. يەتتە-سەككىز يىلدىن بېرى بىزنىڭ ئارىمىزدا ئازراقمۇ يېقىنچىلىق ئىپادىلىرى بولمىدى، پەقەت غايىۋانە، ھەممە يەردە مۇستەسناسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، قەلبلەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىناقلىق بىر خىل ۋە يوشۇرۇن رىشتىلا بار ئىدى. بۇ بىر خىل كەيپىيات، بىر خىل ھىسسىيات، بىر خىل مەنزىل، نىمىدىگەن گۈزەل مەنزىل-ھە! ھەي، بەزىلەر، يەنى ساۋاقداشلىرىم سەزگەن ئىدى. ئاقساقال جۇ جۈگىنىڭ ئايالى دۇنيادىن ئۆتۈپ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى ئۇ مېنىڭ قۇلۇغۇمغا پىچىرلاپ: "مەن سېنى تەبرىكلەيمەن!" دىمەسمۇ، مەن ئۆزەمنى زورىغا

بېسىۋېلىپ، بېشىمنى چايقىدىم.

— جۇجۇڭنىڭ ئايالى نىمە بولۇپ ئۆلگەن؟

— كېسەل بىلەن، ئۇ كېسەل بولۇپ ئۇزاق ياتقان ئىدى.

— ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق ئىدى؟

— ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. راست، ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ئاڭلىشىمچە، جۇجۇڭ ئوقۇغۇچىلار ھەركىتىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن چىقىرىلغان ئىكەن. ئۇ چەتئەلدە ئوقۇپ، ئىلىم-پەن بىلەن دۆلەتنى قۇتقۇزۇش يولىغا مېڭىش ئىرادىسىگە كەپتىكەن. ئانىسى ئۇنىڭ يىراققا كېتىشىگە قىيماي، جۇجۇڭنى ئۆيلەپ قويماقچى بولغاندا، ئۇ ئۇقتۇرمايلا گۇاڭجۇغا كېتىپتۇ. بىرىنچى تۈركۈمدە ياۋروپاغا چىقىپ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇيدىغانلار مېڭىپ كەتكەچكە، ئۇ ئىككىنچى تۈركۈمدە ماڭىدىغانلارنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولۇپ، گۇاڭجۇدا كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەپتۇ. كېيىن، ئۇ دادىسىنىڭ قازا تاپقانلىقى ھەققىدە تېلېگرامما تاپشۇرۇۋېلىپ، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كەلگەندە، ئاپىسى لايىق تېپىپ بولغان ئىكەن. لايىق تېخى جۇجۇڭدىن بەش ياش چوڭ ئىكەن. دادىسى ئەمدىلا قازا تاپقاچقا، ئۇ ئاپىسىنىڭ دىلىنى ئاغرىتىشنى خالىماي، ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇيۇ، توي مەرىكىسىنى تۈگىتىپلا يەنە كېتىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئالتە يىل سىرتتا يۈرۈپتۇ. جۇجۇڭنىڭ ئايالى تۆت تامنى بېقىپ، قېيىنانىسىنى كۈتۈپ، نېرى-بېرى گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. جۇجۇڭ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايالىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماي، دەپ ئاپىسى ئىككىسىنى بېيجىڭغا ئەكىلىۋاپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ، ئىناق ئۆتىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

جۇ جۇڭنىڭ ئايالى كىچىك پۇتلۇق، ساۋاتسىز، كىشىلەردىن تېرىپ تارتىدىغان ئايال ئىكەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىمۇ ئۆيىگە مېھمان كەلسە خىجىللىقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ، بىرەر-يېرىم ئېغىز تەكەللۇپ گەپنى قىلىپ قويۇپلا باشقا ئۆيگە كىرىپ كېتىدىكەن. ئۇ ئادەتتە تالا-تۈزگە چىقمايدىكەن. ئائىلىنىڭ جىمى ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىنى تۇل قالغان بىر نەۋرە سىڭلىسى قىلىدىكەن. جۇ جۇڭنىڭ ئايالى ئۆز ئۆيىدىن باشقا زېمىننى، يىڭنە ئىشىدىن باشقا خۇشلۇقنى بىلمەيدىكەن. ئۇ يولدىشىنىڭ كىيىملىرىنى كەشتە تىككەندەك چىرايلىق تىكىدىكەن. مەن ئۇنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ، ھەمىشە ئۇنى باردەك ھېس قىلىمەن. جۇ جۇڭ بىرقانچە ئون سائەتلەپ ئىشلىگەندىن كېيىن "موماي كۇتۇپ تەقەززا بولۇپ كەتتى" دەيتتى-دە، ئالدىراپ ئۆيگە ماڭاتتى. ئاڭلىسام، ئۇ قايتىمسا، ئايالى كىرىپىك قاقمايدىكەن. ياشلار مۇنداق كاتتا ئىلىم ئەھلىنىڭ كىچىك پۇتلۇق بىر ساۋاتسىز ئايال بىلەن قانداقلارچە بىر ئۆمۈر تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار تۈرلۈك قىياسلارنى قىلىشىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن مۇناسىپ دەلىل-ئىسپات تاپماي، ئاخىرىدا ئۇنى جۇڭگونىڭ ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بۈيۈك ئەنئەنىۋى ئەخلاق كۈچىدىن كۆرىدۇ. مەن ئۇنداق قارىمايمەن. مەن ئۇنىڭ يۈرىكى قېتىغا چوڭقۇر يوشۇرۇنغان يىگانىلىقىنى سېزىپ يەتكەن ئىدىم. ئۇ بىرقانچە ئون يىللاردىن بېرى ئىزچىل تەنھا ئادەم. ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنى ئىدرەك پوستى ئاستىدا چىڭ ساقلاپ كەلگەن. بۇنداق ھېسسىياتنىڭ ئۆز ئۆزىنى قامال قىلىشى بىلەن ئۇنىڭدا تۈرلۈك "غەلىتە مىجەز" پەيدا بولغان. شۇڭا، ھەرقانداق كىشىدىكى "غەلىتە مىجەز"نى چۈشەندۈرۈشكە

ھەم چۈشىنىشكە بولىدۇ. كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە ئۇنى چۈشەنسىڭىز، ئۇنى ئۆزگەرتىدىغان كۈچكە ئىگە بولىسىز. مەن ئۆزەمنى ئۇنى ئۆزگەرتىۋاتقاندەك سەزدىم، ئۇ بۇنى ئىخرار قىلمايتتى، مەنمۇ ھېچنەرسە دېيەلمەيتتىم.

— جۇ جۈگىنىڭ ئايالى ئۆلگەندىن كېيىن، دىسىڭىز بولماسمىدى؟

— قانداق دەيمەن؟!

— نىمە ئۈچۈن دېيەلمەيسىز؟

— ئۇنىڭ تەتقىقاتى ھالقىلىق پەيىتتە تۇراتتى، مۇشۇ بىرقانچە تەجرىبىدە نەتىجە كۆرۈلسىلا، ئۇ يېڭىدىن بەرپا قىلىۋاتقان سىستېمىسىنىڭ ئاساسى سېلىناتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ھەربىر مىنۇت-سېكونتنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىگى ھەممىدىن بەك ماڭا ئايان ئىدى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭغا كاشىلا قىلمىدىم.

— باشقا سەۋەپلەرمۇ باردۇ؟

— ھەي، سىز ھەقىقەتەن يامان مۇخبىر ئىكەنسىز. سىرلىق بىر پىسخىك ئامىلدەك باشقا سەۋەپنىڭ بولۇشىمۇ تەبىئى. جۇ جۈگىنىڭ ئايالىنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا، كىشىلەر ئۆلگۈچىگە بولغان تەزىيەنى ھايات قالغۇچىغا بولغان مەدھىيەگە ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. چۈنكى، ئۆلگۈچىنى ھېچكىم تونۇمايتتى، ھەممەيلەن ھايات قالغۇچىنى ھۆرمەتلەيتتى. كىشىلەر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، جۇ جۈگنى غايە ۋە ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ نامايەندىسى قىلىپ تەسۋىرلىشەتتى. جامائەت پىكرى گويا سىرتماقتا ئۇخشاش ئۇنى بوغۇپ، قىمىرلىيالماس قىلىپ قويغان ئىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۆزى سېلىپ كەلگەن بۇ سىرتماقتىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەچكە، ئۆزى بىلگەننى قىلىۋەرگەن-دە، قىلچە

تەپ تارتمىغان، ھەتتا كىشىلەر تەرىپىدىن "غەلىتە" ئادەم ھېساپلانغان، لېكىن، بۇ چاغدا ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا ئېھتىياتچان بولۇۋالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىنى بىراقلا ئۆزگەرتىشنى خالىمىغان. جۇڭگولۇقلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان قارىشىغا بەك دىققەت قىلىدۇ، بۇ يىرگىنىشلىك ئادەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. مەندىمۇ جاسارەت يوق ئىدى. راست گەپنى قىلسام، كەلگۈسىگە كۆزۈم يەتمەيتتى، مەن پەقەت ھازىرنىلا قەدىرلەيتتىم. ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا ياردەمچى بولدۇم، كاتىپمۇ بولدۇم. ئاچقۇچ، قول يازمىلىرى ۋە قەلەم ھەققىنى مەن ساقلايتتىم، ئۇنىڭ جىمىكى پارچە-پۇرات ئىشلىرىنى مەن بىر ياقلىق قىلىپ بېرەتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ قانچە ئون يىللاپ ئىلىپ بارغان تەتقىقاتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا، كۈنىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى بىلگەندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشكەن ئىدى، مەن ئۇنىڭ چېكى يوق بۇنداق خورىستىش ئۇرۇشىنى چەكلەشكە تىرىشىپ، مۇمكىن قەدەر ئۇنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىنى تەڭشەپ، ئۇنى رىتىم ۋە مول ئىلاستىكىلىققا، ئەڭ ياخشى ماھارەتنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ئىدىم. ئىلگىرى مېنىڭ ئەلنەغمە ۋە چاكچىلە بىلەن خوشۇم يوق ئىدى. شۇ چاغلاردا ھەر شەنبە كۈنى رادىيو پىروگىراممىسى گېزىتىنى ئېلىپ، رادىيودا بېرىلىدىغان ئەلنەغمە ۋە چاكچىلىنىڭ ۋاقتىنى قەلەم بىلەن سىزىپ قويۇپ، پۇرسەت تاپسىملا يېرىم ئۆتكۈزگۈچلىك رادىيونى ئۇنىڭغا قويۇپ بېرىدىغان بولدۇم. ئۇ ھەمىشە ھوزۇرلىنىپ ئاڭلايتتى. ياكى مەن چەتئەل تىلىدىكى كىتاپلاردىن تەرجىمە قىلىشقا تەسىرەك پارچىلارنى قەستەن تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن سورايتتىم. ئۇ چەتئەل

تىلى بىلەن ئۇچراشسىلا پىكىر قىلىشى ياشلارنىڭكىدەك جانلىنىپ كېتەتتى-دە، بىر ھازاغىچە زوقلىنىپ سۆزلەپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن، سەزگەن-سەزمىگەنىنىڭ ئارىلىقىدا جىددىيلىك توگەپ، ئارام ئېلىپ قالاتتى. ئۇ، مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ئۇستەل چىرىغىنىڭ گۈگۈم يورۇغىدا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيال سۈرمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ كاللىسىدا تېخى تولۇق يېتىلمىگەن پىكىرلەرنى ياكى غىل-پال پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئويلىرىنى ماڭا دەيتتى، مەن بىلەن مۇزاكىرىلىشەتتى. مەن بەزى سەلبىي پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېرەتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھاللا ئۆز ئىدىيىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەل جارى قىلدۇراتتى. ئۇ مۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى، پىكىر يولىنىڭ تېخىمۇ ئېچىلىدىغانلىقىنى بايقىغان ئىدى. ئۇ يالغۇز سەيلە قىلمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، بىراق تاماقتىن كېيىن سەيلە قىلماي قالمايتتى. ئۇنىڭغا مەن ھەمرا بولاتتىم. بىر كۈنى كېتىۋېتىپ، ئۇ ھاياجان بىلەن "شياۋ بەي، سىز مېنى ئۆزگەرتتىڭىز" دېگەن ئىدى. مەن كۈلدۈم. مېنىڭ باشقا گەپنى ئاڭلىغۇم بار ئىدى.

جاڭ جى بەي شياۋرۇنىڭ نىمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇھىم پەللىگە يېتىپ بارغان ئىدى، كىم ئېغىز ئېچىپ، بىر قەدەم ئالدىدا ماڭىدىغانلا بولسا، ھەممە ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ۋەقە ئەۋجىگە چىققان ئىدى. جاڭ جى ئۈن-تىنسىز بەي شياۋرۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپ تۇراتتى.

بەي شياۋرۇ يىراقلارغا تىكىلىپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى.

يىگىرمە يىلدىن بۇرۇنقى ئىش بولسىمۇ جاڭ جى كۆڭلىدە ئۇلارغا

www.uyghurkitap.com

بەخت تىلىدى.

بەي شياۋرۇ بەختىيار ئەسلىمىلەر دېڭىزىغا چۆمۈلگەن ئىدى. تاقىتى تاق بولغان جاڭ جى:

— ئۇ سىزگە كۆڭلىنى ئىزھار قىلدىمۇ؟ — دەپ ئاستا سورىدى.

— ياق، — دىدى بەي شياۋرۇ بېشىنى چايقاپ.

— ئىزھار قىلمىدى؟! نېمە ئۈچۈن ئىزھار قىلمىدى؟ — جاڭ جى مەيۈسلەنگەن ئىدى، ئۇ تىل بىلەن ئىپادە قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە نادامەت چەكمەكتە، ئۇلار ئۈچۈن ئۆكۈنمەكتە ۋە ئەپسۇسلانماقتا ئىدى. ئەمما بەي شياۋرۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئەگەر پۇرسەت بولغاندا، ئۇ چوقۇم ئىزھار قىلغان بولاتتى، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، — دىدى.

بەي شياۋرۇدا ئۆكۈنۈش ۋە ئەپسۇسلىنىشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

ۋەقەدە ئادەتتە كىشىلەرنى تەقەززا قىلىدىغان كولمىناتسىيە يوق ئىدى.

جاڭ جى جۇ جۈننىڭ پۈتۈن تەجرىبىنى تۈگىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا توساتتىن مىڭىسىگە قان چۈشۈپ، ئىش ئۈستىلى ئالدىدىن مىكروسكوپنى مەھكەم تۇتقان پېتى يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بەي شياۋرۇنىڭ ئىتتىك بېرىپ ئۇنى يۆلىگەنلىكىنى، جۇ جۈنىڭ بەي شياۋرۇنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنلا بالا-قازا يېتىپ كەلدى.

جۇ جۇڭ ئاقساقالنىڭ بالىلىرى دادىسىنىڭ ساقلاپ قويغان نۇرغۇن پۇلى بار دەپ قارىغان بولسىمۇ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرغاندا قاتتىق ئۈمىتسىزلەنگىنىدە، ئۈچىنى بەي شياۋرۇدىن ئالدى.

بەزى ئويۇن خۇمارلىرى تېرىپ ـ تۆشەپ، بىرگە ئىككىنى قوشۇپ، ئىنتايىن چاكىنا مۇھەببەت ھىكايىسى توقۇپ چىقتى، بەزىلەر بەي شياۋرۇنى روھىي ھالىتى غەيرى نورمال قىز دەپمۇ يۇرۇشتى.

ئەينى ۋاقىتتا، بەي شياۋرۇنىڭ جۇ جۇڭ ئاقساقالنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ، بۇ تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇرۇشتا رىياسەتچىلىك قىلىشى ئورۇنلۇق ۋە يوللۇق ئىش ئىدى. لېكىن، بەزىلەر بۇرۇنلا بۇ ئىشنى قىلىش تاماسىدا بولغان، بەزىلەر بولسا بۇرۇنلا ئۇنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش كويىدا يۈرگەن ئىدى. بىرەر جايدا مەنسەپ ئورنى چىقىپ قالسا، ھەر خىل شەخسلەر نىقاپىنى يىرتىپ تاشلاپ ھەقىقى قىياپىتىنى ئاشكارىلايدۇ، ياكى سەھنىدە ئويۇن كۆرسىتىدۇ، ياكى خۇپىيانە قىلتاق قويىدۇ، كەسكىن تالىشىشلار زۇكتۇك سايلىمىدىنمۇ قېلىشمايدۇ.

بۇ ئېلىشىشلارنىڭ قۇربانى مۇشۇ ئاجىزە ئىدى.

— سىز شۇ چاغدا نىمىشقا سۈكۈت قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى جاڭ جى تاقەتسىزلىك بىلەن.

— سۈكۈتتىن باشقا ئامالىم يوق.

— نىمە ئۈچۈن؟

— بىرنىمە دىيەلمەيتتىم، ھەتتا ئۆزەمدىنمۇ شۈبھىلىنەتتىم.

— سىز راستىنلا ئۆزىڭىزدىن شۈبھىلىنەتتىڭىز؟

— شۇنداق، ئۆزەمدىن شۈبھىلىنەتتىم. مەن ئىشەنچىمنى

يوقاتقان ئىدىم. بۇ تەتقىقات ئورنىدىن ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم، ھەممىنى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئەسكە ئالغان ئىدىم. بەزىلەرمۇ كېتىشىمنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى. جۇجۇڭ ئۆزى بەرپا قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ قولىدا بەربات بولۇشىنى كۆرۈشكە يۈرىكىم چىدىمىسىمۇ، لېكىن ئەھۋال يەنىلا ئايرىلىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلار دەل مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىق ئورۇننى، مەلۇم بىر يىغىننىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى دەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە ماقالىغا ئىمزا قويۇش مەسىلىسىنى دەپ قاتتىق تالىشىپ كەتكەن، جۇجۇڭدىن قېپقالغان ماتېرىياللارنى تاشلىۋەتكەن ئىدى. ئايرىلىپ كېتىشتىن جۇجۇڭ ئاۋال ئاقساقالدىن قېپقالغان بارلىق ماتېرىياللىنى مەن جىم-جىملا رەتلەپ چىققان ئىدىم. بۇنىڭ كىمگە قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنى رەتلەپ چىقماقچى ئىدىم. ئۇنىڭدىن قالغان نەرسىلەرنىڭ بۇنچە نۇرغۇنلىغىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. نۇرغۇن دىسسېرتاتسىيە كۆپىيىسى بار ئىكەن، ئۇ ئاساسلىقچە ماقالە ئىپلان قىلمايتتى، نۇرغۇن تاللانغان تېمىلار تېزىسى بولۇپ، كۆپىنچىسى پارچە-پۇرات قەغەزلەرگە يېزىپ قويۇلغان، بۇنىڭدىكى سۆز ۋە سانلىق مەلۇماتلار ئىنتايىن قىممەتلىك پىكىر-چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مەنىسىنى پەقەت مەنىلا چۈشىنەتتىم، چۈنكى، ئۇ ھەممىنى ماڭا دىگەن ئىدى. باشقىلارنىڭ ئۇنى كېرەكسىز قەغەز دەپ تاشلىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇ قەغەزلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى تەجرىبە خاتىرىسى بولۇپ، جۇجۇڭنىڭ ئۆزىگە خاس تەجرىبە ئۇسۇللىرى ۋە قىممەتلىك تەجرىبە سانلىق مەلۇماتلىرى خاتىرىلەنگەن ئىدى. بۇ تەجرىبىلەرنىڭ



www.uyghurkitap.com

كۆپىنچىسىنى ئىككىمىز ئېلىپ بارغان ئىدۇق. مەن بۇ تونۇش خەتلەرنى كۆرگەندە، ئۇ يەنىلا ھاياتتەك، ئۇدۇلىمدا ئولتۇرۇپ، ماڭا تەجرىبىنى قانداق قىلىشنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك، ئەڭ يېڭى تەجرىبە نەتىجىلىرىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك، تېخى شەكىللەنمىگەن ئوي-پىكىرلىرىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك، مەن گويا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ۋە تىنىغىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم... مەن تامامەن مۇشۇ ماتېرىياللار ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن ئىدىم. بۇ ماتېرىياللار مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى يورۇتقان، مەن بۇ ماتېرىياللاردىن ئايرىلالمايتتىم، بۇ يەردىن كېتەلمەيتتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەجرىبىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدۇم. ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماسلىق قارارىغا كەلدىم! بىراق، ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق باشلاندى. بەزىلەر جۇجۇڭنى "ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزى" دەپ تەنقىت قىلماقچى بولدى، بەزىلەر مېنى "ساختا ئىلىم" بىلەن شۇغۇللاندى، دەپ تەنقىت قىلماقچى بولدى، ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى پېچەتلىۋەتتى. شۇ كۈنى مەن ھەممىدىن بەك ئازاپلانغان كۈن بولدى، چۈنكى، ئۇلار مېنى تۇرمۇشۇمدىكى بىردىن-بىر مەنىۋى تۈۋرۈكتىن مەھرۇم قىلدى. ئۇلار "ئىنقىلاپ" بىلەن بولۇپ كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، پېچەت يوچۇقلىرىدىن بىرەر ماتېرىيالنى ئوغرىلىقچە ئېلىۋالاتتىم-دە، خۇپىيانە رەتلەپ، بەلگە قويغاندىن كېيىن، تۇيدۇرماي ئۆز جايىغا كىرگۈزۈۋېتىپ يەنە بىرىنى ئالاتتىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تەجرىبىخانىغا قايتىپ كېلىش لازىملىقىنى ئىسكە ئالغانغا قەدەر تولۇق بىر يۈرۈش ماتېرىيالنى رەتلەپ بولۇپ، بىر قاتار تەجرىبە ۋەزىپىلىرىنى تەييارلاپ چىققان ھەمدە تولۇق نەزىرىيىۋى تەتقىقات ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

بارغان ئىدىم. شۇڭلاشقا، مەن تېزلا نەتىجە قازاندىم. بەزىلەر ئىنتايىن تەئەججۇپلەندى. لېكىن، تەئەججۇپلەنگۇدەك نىمە بولسۇن؟ ئەسلىدە بۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كەتمەيتتى. ئەگەر مۇشۇ تەتقىقات ئىشخانىسىنى مېنى باشقۇر دىگەن بولسا، ئون يىل ۋاقىت يېتەتتى. جۇ جۇڭ ھايات بولسا، بەش يىلمۇ كەتمەيتتى. لېكىن مەن توپ-توغرا يىگىرمە يىل سەرپ قىلدىم-دە!

— بۇ يىللارنى ئۆتكۈزۈش سىزگە ئاسان چۈشمەپتۇ...

— كىشىلەر ھەممىسى شۇنداق دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس، سىلەر بىلمەيسىلەر. مېنىڭ كۆڭلۈمدە مۇقەددەس بىر جاي بار، مەن بەختىلىكمەن. سىلەر پەقەت مېنىڭ ئۇنىڭغا ئون يىل شاگىرت بولغانلىغىمنىلا كۆرگەنسىلەر، لېكىن، يىگىرمە يىلدىن بۇيان يەنىلا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەنلىگىمنى كۆرمىگەن. مەن ھەركۈنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىمەن، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالىمەن. ئىلگىرى مەن چوڭلارنىڭ غەلىتە مىجەزىنى ياقتۇرمايتتىم، ھازىر ئۆزەممۇ غەلىتە مىجەزلىك بولۇپ قالدىم، بۇنىڭ دەردىنى سىز تازا تارتىسىز. چۈنكى، مەنمۇ ئۆزەمنى قامال قىلىۋالغان ئىدىم، مېنىڭ قەلبىمدە ئۇلا بار، مەن ئۇ ئورۇنلىيالمىغان ئىشلارنى تاماملايمەن. ئەگەر مۇھەببەتنىڭ كۈچى بولمىغاندا، مەن روھىي جەھەتتىن ئاللىبۇرۇنلا بەربات بولغان بولاتتىم.

— سىز مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭىز...

— ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

— سىز ھەقىقى ئالىم...

— مەن يەنىلا ئايال.

— ئادەتتىكى ئايال ئەمەس.

— ئوھوي، سىزگە تەشەككۇر، شياۋجاڭ. مەن ئادەتتىكى ئايال.
سىز مۇخبىر، ئىپسكىزدە تۇتۇڭ، يۇزەكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە
ئىشىنىپ كەتمەڭ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ سىرتىدا يەنە ئالالقانداق
ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەتمەڭ. كىشىلەرنىڭ
كۆڭلىنى بىلىشكە تىرىشىڭ. ئەگەر ھەر بىر ئادەم ھەققىدە تەسىرلىك
بىر ھىكايە قىلىپ يېزىپ چىققىلى بولسا، ھەر بىر ئالىمنىڭ ئەقىل
مۇساپىسىنىمۇ بىر رومان قىلىپ يېزىپ چىققىلى بولىدۇ.

— سىزگە رەخمەت، لاۋبەي. گېزىتتە يېڭىۋاشتىن بىر تۈگشۈن
ئېلان قىلىپ، ئالدىنقى تۈگشۈنگە تۈزىتىش بېرىشىمنىڭ مۇمكىن
ئەمەسلىگى سىزگە مەلۇم، مۇشۇنداق تۈگشۈننى ئېلان قىلىشقا
بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئىشەنچ قىلالمايمەن. لېكىن، مەن
ئۇنى چوقۇم يېزىپ چىقىمەن. مەن بىر ھىكايە يېزىشنى، "ھىكايە



ئەمەس“ دىگەن تېما قويۇشنى ئويلاۋاتىمەن، بۇنىڭ مەنىسى ئۆيدۇرما ئەمەس، دىگەنلىك بولىدۇ.

— ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. مەن دەيدىغاننى دىدىم، مېنىڭ ئىشىم تۈگىدى.

بەي شياۋرۇ خاتىرجەملىك بىلەن كۆزىنى يۇمدى. ئۇ چارچىغان ئىدى.

نىمە بولغاندۇ، چۈگۈندىكى سۇ تېخىچىلىك قاينىماپتىغۇ؟

ھە، كىرسىن تۈگەپ، ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. جاڭ جى سۇرتۈپ پاقىرىتىۋېتىلگەن كونا پوسۇندىكى بۇ كىرسىن ئوچاقتا قاراپلا قالغان ئىدى.

**[ئاپتور ھەققىدە]** گۇەن خۇڭ، ئەسلى ئىسمى شياۋگۇەنخۇڭ، ئەر، 1949 ـ يىلى تۇغۇلغان، «ۋېنخۇي» ئايلىق ژورنىلىنىڭ مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتى شاڭخەي شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. 1972 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان، يېقىنقى يىللاردا ھېكايە، ئەدىبىي ئاخبارات ۋە نەسىرلىرى بولۇپ نەچچە ئون پارچە ئەسىرى ئېلان قىلىندى.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن)
تەرجىمە قىلغۇچى: جاپپار قاسىم.
تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابدۇللا ئابلىز.

# داڭلىق ئارتىس

**خاڭ يىڭ**



مەلۇم ئوپېراتور گۇرۇپپىسى
F شەھىرىگە بېرىپ تاشقى مەنزىرە
تارتماقچى بولدى، دەريادىن
ئۆتۈشتە پاراخوتقا چۈشۈشكە توغرا
كەلدى. ئەتە F شەھىردە ئارتىس-
لارنى كۈتۈۋېلىش زىياپىتى ئۆت-
كۈزۈلىدىغان بولغاچقا، ھەممىسىنىڭ
تاقىتى تاق بولۇپ تۇراتتى. بىراق،
قىزىقچاندەك، شۇ كۈندىكى بىر
قېتىملا قاتنايدىغان پاراخوتنىڭ
بېلىتى سېتىلىپ بولغان ئىدى،
پاراخوتقا يەنە ئادەم سىغىشقا
بولمايتتى، يەنە ئادەم سالغاندا
خەتەر چىقاتتى. ئوپېراتور گۇرۇپ-
پىسىدىكى كىنو ئىشلىرى مۇلازىمى
بېلەت ساتقۇچى ئاقساقالغا ھەرقانچە
قىلىپمۇ گەپ يىگۈزەلمىدى.

كىنو ئىشلىرى مۇلازىمى قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتىۋىدى،
ئاغزىمىزغا كىرەي دەپلا قالغان ئۆدەكلەر ئۇچۇپ كېتىدىغان بولدى-

www.uyghurkitap.com

دە، دەپ ئويلاپ، ئارتىسلارنىڭ بېشى ساڭگىلاپ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. سەنئەتتە كاللىسى ئۆتكۈرلەر چېچەن كېلىدۇ دېگەندەك، جىددى پەيتتە بىرسى ئەقىل كۆرسىتىپ:

— كوزىر چىقىرايلى! — دېدى.

كىنو ئىشلىرى مۇلازىمى ئىككىنچى قېتىم بېلەت سېتىش ئورنىغا بېرىپ، سالاپەتلىك قىياپەتتە ئاتنىڭ تۇيىغىدەك يوغان تامغا بېسىلغان تونۇشتۇرۇشنى چىقاردى، تونۇشتۇرۇشقا مۇنۇ خەتلەر ئىنتايىن كۆركەم قىلىپ يېزىلغان ئىدى:

ئىستودىيىمىز كىنو ئىشلەش ئۈچۈن F شەھىرىگە دەرھال يېتىپ بېرىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئەتىكى زور قوشۇننىڭ كۆرۈنۈشنى تارتماقچى، ئاساسلىق بىرنەچچە ئارتىسىمىز ئۆلگۈرۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق بولمىغاندا دۆلەتكە بولىدىغان ئىقتىسادىي زىيان ناھايىتى زور بولىدۇ، ئورنىڭىزلەرنىڭ ياردەملىشىپ بۈگۈننىڭ پاراخوت بېلىتىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى سورايمىز!

قىزلار كۆزەينەكنى تاقىۋالغان ئاقساقال تونۇشتۇرۇشنى كۆرۈپ چىقتى-دە، كۆزلىرىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ:

— ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا، تۈزۈمنى قايرىپ قويۇپ، مەخسۇس پاراخوت بىلەن يەتكۈزۈپ قويايلى، پاراخوت ھەقىقى ئۈچۈن بەش يۈز يۈەن تاپشۇرۇڭ! — دېدى كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن كىنو ئىشلىرى مۇلازىمىغا قاراپ قويۇپ.

مۇلازىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ”زىياپەتتىن باشقا نەنىڭ زور قوشۇنى بولسۇن؟ مۇنچە كۆپ پۇلنىڭ ھساۋىنى فىلىم مۇدىرىغا قانداق ئۆتكۈزەرمەن“ دەپ ئىچىدە زارلاندى.

مۇلازىم قايتىپ كەلدى-دە، غۇلچىنى كېرىپ، كۆپچىلىككە ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان نۇرغۇن

ئارتىسلار بولدى قىلماق بولۇشتى. پەقەت بىرلا ياش ئارتىس مەيدىسىگە ئۇرۇپ:

— ئاغىنىلەر، مەن بىرىپ باقاي، بارسامىلا سۆزسىز ھەل قىلىۋىتىمەن! پىرىستان باشلىغى بىر تىيىن ئالماستىنلا بىزنى پاراخوتقا چىقىرىپ قويىدۇ. — دىدى.

بۇ ياش ئارتىس ئەسلىدە يەتتە ياشتىن-يەتمىش ياشقىچە ھەممە كىشى تونۇيدىغان داڭلىق ئارتىس بولۇپ، گىپى تونۇشتۇرۇشتىنمۇ بەكرەك ئۆتەتتى. شەھەر خەلقى ھەددىسىلا ئاتاقلىق ئارتىسلارغا باش قويىدىغان چاغلاردا، ئۇ ھەممىلا يەردە كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى، نىمە قىلغۇسى كەلسە، شۇنى سۆزسىز ۋۇجۇتقا چىقىراتتى.

كىنو چولپىنى بىلەت سېتىش ئورنىغا كەلدى-دە:

— چوڭ دادا! — دىدى خۇشخۇي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — سورىدى ئاقساقال تەبەسسۇم بىلەن.

داڭلىق ئارتىس جەسۇرانە قىياپەتتە كىرىشىدى، تۇرقى كىنو ئېلانىدىكى رەسىمدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتتى، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا قولىنى ئاقساقالغا ئۇزاتتى. لېكىن ئاقساقال ھېساپ بوغۇش بىلەن بەنت بولۇۋاتقاچقا، بۇ ئالاھىدە شەرەپنى قوبۇل قىلالمىدى. ئەگەر كىنو مەستانىلىرى كىنو چولپانلىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ بۇ بەختتىن بەھرىمەن بولغاندا، لاما دىنىنىڭ مۇرتلىرى گىگەنلەرنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەندەك، قىن-قىنىغا پاتماي كەتكەن بولاتتى.

داڭلىق ئارتىس ئاقساقالنىڭ ئۆزىنى تونۇمىغانلىغى بىلەن مەيۈسلىنىپ كەتمىدى. ئۇ ئاقساقالنى باش كۆتىرىپ ئۆزىگە قاراشقا

جەلىپ قىلىش ئۈچۈن:

— چوڭ دادا، تاماكا چېكىڭ! — دېدى - دە تاماكا چىقاردى.

ئاقساقال تەكەللۇپ بىلەن تاماكا چەكمەيدىغانلىغىنى بىلدۈردى. قارشى تەرەپتىكى كىشىنىڭ كۆزى داغلىق ئارتىسنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقاندا، داغلىق ئارتىس غاچچىدىلا مول دىراماتىك ھىسسىيات ئالماشتۇرۇش ھەركىتىنى ئورۇنلىدى، بۇ ھەركەت مەلۇم كىنودىكى ئالاھىدە كۆرۈنۈش ئىدى. ئۇ ئاقساقالنىڭ ئۆزىگە سەپسالغانلىغىنى، كۆزەينەك ئاستىدىكى كۆزنىڭ راستلا ئۆزىگە تىكىلىپ قارىغانلىغىنى ئېنىق سەزدى. مۆجىزە يۈز بېرىدىغان بولدى، ئاۋۇ كۆزلەردىن ھەيرانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ - دە، ئاقساقال دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ ھەمدە ”سىز... سىز پاراخوتقا چۈشەمتىڭىز؟ مانا مەن ھۆددە قىلىمەن، بىرىنچى دەرىجىلىك بۆلۈم سىزنىڭ!“ دەيدۇ.

شۇ ئەسنادا، ئاقساقال تەمكىنلىك بىلەن:

— نىمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ يېنىشلاپ سورىدى.

— پاراخوتقا چۈشىدىغان جىددى ئىشىم بار ئىدى.

— كەچۈرۈڭ، بۈگۈنكى بېلەت تۈگىدى، ئەتىنىڭكىنى ئالسىڭىز! ئالدىنقى تەرەپتە مېھمانخانا بار، يېتىش - قوپۇشقا ئەپلىك.

داغلىق ئارتىس غەزەپلەندى، ”دۇنيادا مۇنداقمۇ كۆزى ئوچۇق قارغۇلار بولىدىكىنا، مېنىمۇ تونۇمايۋاتىدۇ؟!“ بىراق، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇماسلىغى ئەيىپ بولمىغاچقا، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى تونۇشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى:

— قاراڭا، چىرايىم تونۇشتەكمۇ؟

ئاقساقال بېشىنى چايقىدى.

— سەپسېلسپ قاراڭا!

ئاقساقال ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا بىر قۇر سەپسېلىپ، يەنە بېشىنى چايقىدى.

داڭلىق ئارتىس ئىچ - ئىچىدىن ھەسرەتلەندى، ئۇ جۇڭگولۇقلار - نىڭ مېنى بىلمەسلىكى گويا فرانسۇزلارنىڭ ناپولېئوننى بىلمىگەنلە - گىگە ئوخشاش ئىش، دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئۆزەمنى تونۇشتۇرمىسام بولمىغىدەك دەپ ئويلىغان ئارتىس:

— سىز ×× دىگەن كىنونى كۆرگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق.

— ××× دىگەن كىنونى كۆرگەنمۇ؟

— ياق.

— ×××× دىگەن كىنونى كۆرگەنمۇ؟

— ياق.

— سىز ××××× دىگەن كىنو كۆرگەنمۇ؟

— ياق، مېنىڭ كىنو بىلەن خوشۇم يوق.

— ئۇنداقتا... ئۆيىڭىزدە تېلېۋىزور باردۇ؟ ××× دىگەن تېلېۋىزور تىياتىرىنى كۆرگەنسىز؟

— كەچۇرۇك، مەن تېلېۋىزوردا پەقەت خەۋەرلەر بىلەن ھايۋانات دۇنياسى دىگەن پىروگىراممىنىلا كۆرىمەن.

— ئۇنداقتا سىز كىنو چاتما رەسىملىرىنى كۆرىدىغانسىز؟

— ياق. ئۇنىڭغا نەۋرەم ئامراق.

بۇ گەپدان ئارتىس تۇنجى قېتىم تىلدا گادايلىغىنى بىلدى.

— يولداش، كىنونىڭ گېپىنى قىلىۋېرىپ نىمە قىلماقچىسىز؟ —

سورىدى ئاقساقال ئەجەپلەنگەن هالدا ۋە ئارقىدىنلا چۈشەندۈردى، — مەن كىنو بىلەن خوشى يوق بىر ئادەم، ئىشقا بارغىچە-كەلگىچىمۇ كىنوخانىغا دارىمايمەن. شۇڭلاشقا كىنو ئېلانلىرىدىكى رەسىمگىمۇ دىققەت قىلىپ كەتمەيمەن. ئۆيىمىزدىكى كالپىندارمۇ چولپانلار ئاسما كالپىندارى ئەمەس، كونا پوسۇندىكى كالپىندار، ئىچىدا چاڭ ئې پەرىنىڭ ئايغا چىقىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى بار.

داڭلىق ئارتىس ئوڭايسىز هالەتتە قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن، داڭلىق ئارتىس ئەل-ئاغىنىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا ھىلىقى پاراخوت بېلەتى ساتىدىغان ئاقساقالنىڭ ئوتتۇزىنچى يىللاردىكى كىنو ئارتىسى، داڭلىق ئارتىسنىڭ ئاتائانىسى تۆرىلىشتىن ئاۋال داڭلىق ئارتىس ئىكەنلىكىنى ئاسادىپى بىلدى. داڭلىق ئارتىس چۆچۈپ كەتتى، «راستىمدۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس.» ئۇ غۇدۇرايتتى. يۈزى بولسا قىزىرىشقا باشلىدى.

**[ئاپتور ھەققىدە]** خاڭ يىڭ، ئەسلى ئىسمى ليۇ خاڭيىڭ، ئايال، 40 ياش، شەندۇڭلۇق. 1959 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تيەنجىن خەلق سەنئەت تىياتىرخانىسىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، سەھنە گۈزەل سەنئىتى خىزمىتىنى ئىشلىگەن، 1970 - يىلدىن باشلاپ سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، 1980 - يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن پوۋېست، ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان، بۇلاردىن «توي» ناملىق دىرامىسى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقىنى تەبرىكلەشكە سوغا قىلىش يۈزىسىدىن ئۆينالغاندا ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، «ئالتۇن بۇغا» ۋە «نۇر قىز» ناملىق ھېكايىلىرى 1981 - ۋە 1982 - يىللىرى ئايرىم-ئايرىم هالدا مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ھېكايىلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئاپتور هازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى

تيەنجىن شەھەرلىك شۆبىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى.

(«تاللانغان ھىكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984 - يىللىق 6 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: جاپپار قاسىم.
تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابدۇللا ئابلىز.

ئەسەر يازماقچى بولغاندا، بىرىنچىدىن كۆزىتىش، ئىككىنچىدىن باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش لازىم. لېكىن بىرلا ئادەمنىڭ ئەسىرىنى كۆرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئاسارىتىدە بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ھەر خىل يازغۇچىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى كۆپلەپ توپلاش، ئۇلاردىكى ئارتۇقـچىلىقىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا مۇستەقىل ئىش كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. مېنىڭ تەقلىت قىلغانلىرىم، كۆپىنچە چەتئەل يازغۇچىلىرى.

— لۇشۈن.

www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچ ياشقا كىرىشتىن قورقمايمەن

## ليۇ شىنۋۇ

كەچلىك تاماق يەۋېتىپ دادامدىن:

— دادا، چەتئەللىكلەر نېمە ئۈچۈن ئون ئۈچ دېگەن ساندىن قورقىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

دادام چۈشەندۈرگىلى تۇردى:

— غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا، شۇنىڭدەك ئاۋستىرالىيىگە ئوخشاش جايلاردا، ئىشقىلىپ خرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلار كۆپرەك بولغان جايلاردا ئون ئۈچ دېگەن ساننى يامان كۆرىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭدىن قورقىدىغان ئادەت بار ئىكەن، تىياتىرخانىلاردا ئون ئۈچىنچى رەت دېيىدىغان رەت بولمايدىكەن، ئون ئۈچىنچى نومۇر دېيىدىغان نومۇر بولمايدىكەن، مېھمانخانىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئون ئىككىنچى نومۇردىن كېيىنلا ئون تۆتىنچى نومۇر باشلىنىدىكەن... بۇ ئەلۋەتتە خۇراپىي روھىي ھالەت، ئۇلار ئون ئۈچىنچى دېگەن ساننى پېشكەللىكنىڭ بىشارىتى دەپ قارايدىكەن، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ھېچقانداق داۋلىسى يوق. بۇنداق روھىي ھالەتنىڭ نېمە سەۋەپتىن شەكىللىنىپ قالغانلىقى ھەققىدە خىلمۇ-خىل گەپلەر بار...

تازا زوق بىلەن ئاڭلاۋاتاتتىم، ئاپام چوكا بىلەن چىنىنى ئۇرۇپ:

— بولدى، بولدى، تاماق ۋاقتىدا نېمە ئۇنداق تولا گەپ قىلىسىز! — دېۋىدى، دادام دەرھال جىم بولدى.

مەن بۇنىڭغا ماقۇل دېيەتتىممۇ. قولۇمدىكى چوكىنى جوزىغا

تاشلاپ قويۇپ:

— دادا، سىز ماڭا چەتئەللىكلەرنىڭ زادى نىمە ئۈچۈن ئۇن ئۈچ دىگەن ساندىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمىگىچە تاماق يىمەيمەن، — دەپ تۇرۇۋالدىم.

ئاپامنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئۇ ئاۋال ماڭا:

— كىچىككىنە تۇرۇپ نەدىكى يوقىلاڭ ئىشلارغا كاللاڭنى قاتۇرۇپ نىمە قىلىسەن، — دەپ ۋاقىرىدى. ئارقىدىن دادامغا قاراپ:

— سىزمۇزە، كىچىككىنە بالىغا نەدىكى ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرنى دەپ يۈرىدىكەنسىز... — دەپ كوتۇلدىدى.

كەچتە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، يەنە بايىقى ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى:

— دادا، ئېيتىپ بەرسىڭىزچۇ، چەتئەللىكلەر ئۇن ئۈچ دىگەن ساندىن نىمىشقا قورقىدۇ، — دەپ سورىدىم دادامدىن.

ئاپام ئاڭلاپلا ماڭا كۆزىنى ئالايتىپ قويۇپ، ئارقىدىن دادامغا تىكىلىپ قارىدى.

— ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىمۇ بىرلىككە كەلگەن چۈشەنچە يوق. ئىشقىلىپ ئۇ بىر خۇراپىي روھىي ھالەت، — دىدى دادام پەرۋاسىزلا. بۇ مەسىلە مېنىڭ كۆڭلۈمدە بىر تۈگۈن بولۇپ قالدى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىغا چىققاندىن تارتىپ، مېنىڭ كۆڭلۈمدە سان-ساناقسىز تۈگۈنلەر پەيدا بولدى. مۇئەللىم، ئاتا-ئانام، شۇنىڭدەك مەن ئۈچراشقان چوڭ كىشىلەر سورىغان سوئاللىرىمغا بىر بولسا توغرىدىن-توغرا جاۋاپ بەرمەيتتى، بىر بولسا بىزمۇ ئۇقمايمىز دەپلا تۈگەشەتتى، بۇنداق قىلىشىمىزغۇ مەيلىتى، يامىنى، ئۇلار دائىم، بۇنداق سوئاللارنى سورىماسلىقنىڭ كېرەك

www.uyghurkitap.com

ئىدى، دەپ مېنى ئەيىپلەيتتى، شۇڭلاشقا كۆڭلۈمدىكى تۈگۈنلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى.

ئۇلار جاۋاپ بەرمىسە، ئۆزەم جاۋاپ تاپىمەن! كۆڭلۈمدىكى سان-ساناقسىز تۈگۈنلەرنى ئۆزەمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ يېشىمەن!

تېلېۋىزوردا بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى قويۇلۇۋاتاتتى، ۋاھ، مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟ ۋەقەلىكلەرنىڭ قانچىلىك يالغانلىقىنى ئېيتمايلا قويۇڭ — ئاۋۇ ئايال قەھرىمانىغا نەچچە تال ئوق تەگسىمۇ يەنىلا ئۆلمىدى، ئۇ ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىر تال گىراناتنى ئېتىۋېدى، ”گۈم“ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ھېلىقى بەش-ئالتە ئەبلەخنىڭ تۈگەشكەنلىكىدە گەپ يوق. بۇ تىياتىرنىڭ ئاپتورى، رېژىسورى قانداق ئادەملەردۇ، ئۇلار كىمنى ئالدىماقچى؟ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئالدىشى مۇمكىن، مەن دېگەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى، ئۇلارنىڭ بۇ نىمىسىگە كىم ئىشىنىدۇ! مەن دەرھال تېلېۋىزورنىڭ ئېكرانىنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ ئەبلەخلەر تازىمۇ دۆت نىمىلەر ئىكەن! دەسلەپتە ھېلىقى ئايالنى ئۆلتۈرەلمىگەنىمۇ بولسۇن، بىراق ئۇنىڭ گىراناتنى ئىگىز كۆتەرگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال بىرنەچچە تال ئوق ئاتسا بولمامدۇ، ھەممىسى بىر يەرگە تۈگۈلۈشۈۋېلىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغىنى نىمىسى؟ — دېدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئاپامنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ مېنى جېملىدى:

— قىلىۋاتقان گېپىڭنى قارا، ئەبلەخلەرگە يان باسساڭ بولامدۇ؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ ئاقىۋىتىڭ نىمە بولار؟ يا ھەق-ناھەقنى ئايرىمىساڭ، يا مۇھەببەت-نەپرىتىڭ روشەن بولمىسا...

لېكىن ئارقىدىنلا تېخىمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنۈشلەر چىققىلى تۇردى: مەخپىي خىزمەت ئىشلەيدىغان يەنە بىر ئايال قەھرىمان غەلىتە ياسىنىۋاپتۇ، دۈشمەن ئۇنى سىزىپ قېلىپ تۇتقىلى كەلدى، دۈشمەن تاپانچىنى ئۇنىڭغا تەڭلەۋاتسا، ئۇ قولىدىكى يەلپۈگۈچنى ئېتىۋىدى — يەلپۈگۈچتە پىچاق بار ئىكەن، پىچاق دۈشمەننىڭ قولىنىڭ كەينىگە سانچىلىپ قېلىپ، تاپانچا يەرگە چۈشۈپ كەتتى...

مەن بىرنىمە دېگىچە، دادام ئاۋال ئۆزىنى تۇختىتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى دە:

— كۆزىنى يۇمۇپلا توقۇپ چىقىرىپتۇ! توقۇپ چىقىرىپتۇ...، — دەپ بېشىنى چايقىدى.

مەن دەرھال دادامغا ئەگىشىپ:

— قانداق قاملاشمىغان تىياتىر بۇ، ئۇلارنى "ھىۋيت - ھىۋيت" دېسە بولغۇدەك، — دېدىم.

ئاپام بۇ قېتىم دادامغا ئاچچىقلاندى:

— قارىڭا، بالىغا بەرگەن تەسىرىڭىزنى؟ سىزگە ئېيتىپ قويايكى، يېقىندىن بۇيانقى شياۋكەيدە كۆرۈلۈۋاتقان نۇقسانلارنىڭ ئوندىن توققۇزى سىزنىڭ تەسىرىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك!

دادام ماڭا قاراپ:

— ھەي شياۋكەي، چوڭ ئادەملەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈۋالما...، مانا ماۋۇ تىياتىرنى ئالايلۇق، ئۇنىڭ نۇقسانلىرى ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ، بىراق ئۇنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ مۇددىئاسى توغرا؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرەر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئىشلەپ چىقماق ئاسان ئەمەس...، — دېدى.

مەن قايىل بولمۇدۇم. دادام "توقۇپ چىقىرىپتۇ" دېسە بولىدىكەنۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن "هويت ـ هويت" دىسەم بولىمامدىكەن؟

مەن چوڭ ئادەملەر ــ مۇئەللىمىدىن تارتىپ ئاتا ـ ئانىلارغىچە، خوشنىلاردىن تارتىپ تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان كىشىلەرگىچە ــ ھەممىسىنىڭ بىزگە تەڭ ـ باراۋەر مۇئامىلە قىلمايدىغانلىقىنى ھىس قىلدىم. نىمىشقىدۇ، يېقىندىن بۇيان مەندە چوڭلار سورىغىلى قويمايدىغان سوئاللارنى قەستەن سورايدىغان، چوڭلار بىلىشكە رۇخسەت قىلمايدىغان ئىشلارنى قەستەن بىلمەكچى بولىدىغان، چوڭلار قىلغىلى قويمايدىغان ئىشلارنى قەستەن قىلىدىغان بىر خىل قارشىلىشىش كەيپىياتى پەيدا بولدى.

بىر كۈنى ئاپامدىن:

ــ ئاپا، سىز زادى مېنى نەرىگىزدىن تۇققان؟ راستىنلا كىندىكەگىزدىن تۇققانمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.

ئاپام بۇ سوئالدىن شۇنچىلىك قورقۇپ كەتتىكى، قولىدىكى تەخسە يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. چىرايى تاتىرىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى. ئاپامنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىگە قاراپ ئىچىم ئاغرىغانلىقتىنلا، كوچىلاپ سوراۋېرىشتىن ۋازكەچتىم.

بۇ ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاپام جىددى ھالدا:

ــ شياۋكەي، كەلسە ـ كەلمەس نەرسىلەرنى ئويلاۋەرمىگىن! بۇزۇلۇپ كەتسەڭ بولمايدۇ، ــ دەپ تەنبىھ بەردى، ھەتتا سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ تاشلىدى.

مەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدىم. مەن نىمىشقا بۇزۇلۇپ كېتىدىكەنمەن؟ مەن ياخشى ـ يامانىنى بىلمەيدىغان بالا ئەمەس. ھەممە نەرسىنى بىلگۈم كېلىدۇ، خالاس. بىراق، نىملا دىگەن بىلەن ئاپامنى رەنجىتىشنى خالىمايمەن. ئاپام ئەتىدىن ـ كەچكىچە كوتولدىسىمۇ،

مېنى ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدەك كۆرسىمۇ، لېكىن ئاپامنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن. ئاپامنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھېلىقى سوئالنى قايتىلاپ سورىمىدىم. بۇ تۈگۈن شۇ پېتى قېلىۋەرسۇن. ئۇ ئۇنچىۋالا مۇھىممۇ ئەمەس. مەن يېشىشكە تەقەززا بولۇپ تۇرغان تۈگۈنلەر ئىچىدە تېخى ئۇنىڭغا سان تەگمەيدۇ.

يەنە بىر كۈنى، بىزنىڭ ئۆيگە بىر مېھمان — دادامنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى كەلدى. مەن ئۇنى ما تاغا دېيىشىم كېرەك. ما تاغام قانداقتۇ بىر خەلقارا ئىلىم-پەن يىغىنىغا قاتنىشىپ، يېڭىلا فرانسىيەدىن قايتىپ كەلگەن ئىكەن. دادام بىلەن ما تاغام قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزى گەپلىرىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىسەممۇ، بىر چەتتە ئولتۇرۇپ راسا قىزىقىپ ئاڭلاۋاتاتتىم. كىم بىلسۇن، گەپنىڭ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە، ئاپام تۇيۇقسىز يان ئۆيدە تۇرۇپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن مېنى چاقىردى، مەن بوينۇمدىن باغلىغاندەك چىقىپ ئاپامدىن:

— چاقىرىپ نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلە! — دېدى ئاپام.

— تاپشۇرۇقلىرىمنى ئاللىقاچان ئىشلەپ بولدۇم، — دېدىم مەن.

— باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىڭدا تاپشۇرۇقنى نەقەدەر ئەستايىدىل ئىشلەيتتىڭ-ھە! مەسىلەن ئىنشا يازغاندا، ھەر بىر خەتنى رەتلىك قىلىپ كاتەكچىنىڭ ئىچىگە يازاتتىڭ؛ ھازىرچۇ، بولۇۋالدىڭ؛ يازغان خەتلىرىڭ ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتىغا ئوخشايدۇ! ھېلىراقتا يازغان ئىنشايىڭنى تەكشۈرۈپ باقتىم، مەزمۇنى يامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەمەس بوپتۇ، لېكىن خەتنى بەك قالايمىقان يېزىپسەن، باشقىدىن كۆچۈرۈپ چىققىن! — دېدى ئاپام.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلاردىكى شياۋكەي ئەمەس-تە، مەن بۇرنۇمنى پۇرۇشتۇرۇپ:

— ماڭا ھۆنەر ئۆگىنىشنى ئاكتىپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلماڭ. ئاپا قويۇڭ — مېنى نىمىشقا چاقىرىۋالغانلىقىڭىزنى بىلمەيدۇ دەمسىز، مېنى ئىنشا ئۈچۈن چاقىرغىنىڭىز يوق، مېنى ئاۋۇ ئۆيدە دادام بىلەن ما تاغامنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ ئولتۇرمىسۇن دەۋاتىسىز، — دېدىم.

— كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەن بولساڭ ياخشى — دېدى ئاپام بۇنى ئېتىراپ قىلىپ. — ئۇلار پاراڭلاشقانسېرى خالىغىنىنى دېيىشىۋېرىدۇ، سەن بۇ گەپلەرنى چۈشىنىپ كېتەلمەيسەن، ئاڭلىغىنىڭنىڭ پايدىسى يوق!

نىمىشقا پايدىسى بولمايدىكەن؟ ھېچ بولمىغاندا مەن بۇرۇن بىلمەيدىغان بىرمۇنچە ئىشلارنى بىلىۋالىمەن. يەنە كېلىپ، مەن نىمىشقا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەيدىكەنمەن؟ بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مەن كۆرەڭلىگەن ھالدا ئاپامغا:

— فرانسىيىدە دېگوللى دېگەن بىر گېنېرال ئۆتكەن ئىكەن، بۇ راستمۇ؟ ماۋجۇشى ئۇنى قالتىس ئادەم دېگەن ئىكەن، بۇمۇ راستمۇ؟ ماۋجۇشى تېخى ئۇنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭمۇ ئىستىقبالى بار ئىكەن، شۇغىنىسى ئەپسۇسكى — ئۇ كېلەي دېگۈچە، ۋاپات بوپتۇ... ئۇنىڭ بويى قەۋەتلا ئېگىز ئىكەن، بىزنىڭ دۆلەت مېھمانخانىمىزدىكى كارۋاتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قىسقا كېلىدىكەن، ئۇ كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئالايىتەن كارۋات ياساتمىسا توغرا كېلىمدىكەن، ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

ئوكارۋات ناھايىتى ئۇزۇن، ناھايىتى ئۇزۇن بولۇشى كېرەك، كىرلىك، يوتقانلارنىمۇ مەخسۇس تەييارلاش كېرەك... بىراق ئاپا، دېگوللې ياخشى ئادەممۇ، يامان ئادەممۇ؟ ئۇنى ياخشى ئادەم دېسە بولار، لېكىن ما تاغام يەنە نېمىشقا ئۇنى ”ئوڭقانات“ دەيدۇ؟

— ماۋۇ بالىنى، — ئاپام تىت-تىت بولۇپ بېشىنى چايقىدى، — بۇ گەپلەرنى قۇلىقىڭغا قويۇۋېلىپ نېمە پايدا تاپاتتىڭ؟ كاللاڭ قوچۇلۇپ كېتىپتۇ! چوڭ بولغاندىلا بۇ مەسىلىلەرنى ئېنىقلىۋالالايسەن! بۇنىڭدىن كېيىن ما تاغاڭدەك مېھمانلار كەلگەندە، چوڭلار ئۆزلىرىنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىشىۋاتقاندا، ئارىغا قىستۇرۇلۇۋالمىغىن، ئاڭلىق ھالدا ماۋۇ ئۆيگە كىرىپ، تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلە، ئىشلەپ بولساڭ دەرستىن سىرتقى كىتاپلارنى كۆرسەڭمۇ بولىدىغۇ!

— نېمىشقا؟ بۇرۇنلاردا مېنى قوغلىمايتتىڭلار، ئەمدى چوڭ بولغاندا ھەممە ئىشتا چەكلەۋېرەمسىلەر، مەن بۇنىڭغا كۆنمەيمەن، — دېدىم ئەلەم بىلەن.

ئاپام بېشى قاتقان ھالدا ماڭا قاراپلا قالدى. ئاپامنىڭ كوتۇلدىمىغىنى كوتۇلدىغىنىدىنمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇنىڭ كۆزىدىن ھەقىقەتەن ماڭا كۆيۈنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ راست — باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، دادام مېھمانلار بىلەن پاراڭ سېلىشىۋاتقان چاغلاردا، ئۇلارنىڭ قېشىدا ئويۇنچۇقلىرىمنى ئويناپ يۈرىۋېرەتتىم، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنىڭ بىرسىمۇ قۇلىقىمغا كىرمەيتتى، ئەمدىلىكتە، يا ئۆيدە تۇرسامۇ، مېھمانخانا تەرەپتىن ئاندا-ساندا بىرەر ئېغىز گەپنى ئاڭلاپ قالسام ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم...

يەنە بىر كۈنى، قايسىدۇ بىر ئورۇن دادامغا ئىككى دانە تىياتىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېلىتنى ئەۋەتىپتۇ، دادام بىلەن ئاپام بېلەتنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتتى، لېكىن بېلەتنىڭ چېسلاسىغا قاراپلا، ئۇلار لاسىدە بولۇپ قېلىشتى ـــ دەل شۇ كۈنى ئائىلىمىز بويىچە ھاماچامنى يوقلاپ بارماقچى ئىدۇق، بۇ ئىشنى بۇرۇنلا دېيىشىپ قويغان، شۇ كۈنى ھاماچام بىلەن يېزنە ئاتامنىڭ "كۈمۈش تويى" بولاتتى، دېمەك ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا توپ-توغرا ئوتتۇز يىل بولغان بولۇپ، بۇنى داغدۇغىلىق خاتىرىلىمەكچى ئىدى، بىزنىڭ ئۆيدىكى ھەممەيلەن ھاماچامنىڭ ئۆيىدە كەچلىك تاماق يېمەكچى ئىدۇق، داستىخانغا جەزمەن خىلمۇ-خىل نازۇ-نېمەتلەرنىڭ تىزىلىدىغانلىقىنى ئويلىغانلا گەپ، ئاخىردا چوقۇم يەنە چوڭ تورت قويۇلىدۇ، بەلكىم داڭلىق چۈنمەلك يېمەكلىكلەر دۇكىنىدا بۇيرۇتۇپ ياساتقان تورتتۇ ـــ دادام بىلەن ئاپام ئۇ كۈنى كەچتە ھاماچامنىڭ ئۆيىگە بارماي، تىياتىر كۆرگىلى كەتسە، ھاماچام ئاچچىغلىنىپ ساراڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئاپام بېلەت سېلىنغان كونۋېرتنى تامدىكى موم بوياق رەختتىن تىكىلگەن خەت خالتىسىغا سېلىۋاتقاندا، ئاپامدىن:

— ئاپا، قايسى تىياتىر ئىكەن؟ — دەپ سورىدىم.

ئاپام ئويلاپ تۇرمايلا:

— كىچىك باللارغا لايىق ئەمەس تىياتىر ئىكەن، ساڭىمۇ ئەپسۇسلانغۇدەك ھېچنېمە يوق، — دېدى.

ھىم! ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتساممۇ، ئاپام ھە دېسىلا "كىچىك بالا"، "كىچىك بالا" دەۋېرىدۇ، كىم مېنى مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى يوق دەيدۇ؟ كىم مېنى ھەق-ناھەقنى ئايرىيالمايدۇ دەيدۇ؟ كىم مېنى ياخشى ئىشلارنى ئۆگەنمەي ئەسكى ئىشلارنىلا ئۆگەنمەكچى

دەيدۇ؟

ئۇ چاغدا مەن زۇۋان سۈرمىدىم. لېكىن ھامماچامنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان كۈنى كەچتە، دادام، ئاپام كىيىملىرىنى كىيىشىپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىشىۋاتقاندا، ئاپام تېخى ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، مېنى كىيىم كىيىشكە ئالدىرىتىۋاتقاندا، مەن تۇيۇقسىز قوشۇمامنى تۈرۈپ، قوسىقىمنى ئۇۋۇلاپ ئىنجىقلىغان ھالدا:

— ۋايجان، قوسىقىم سەل ئاغرىۋاتىدۇ، بارغۇم يوق... ئۆزەڭلار بېرىۋېرىڭلار، مەن دېگەن كىچىك بالا بولغاندىكىن بارساممۇ، بارمىساممۇ ھامماچاملار ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ...، — دېدىم.

ئاپام ھودۇققان ھالدا پېشانەمنى تۇتۇپ باقتى، ئارقىدىن:

— زادى قەيىرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ؟ ئاشقازىنىڭمۇ، ئۈچەيىڭمۇ؟ سول تەرەپ ئاغرىۋاتامدۇ، ئوڭ تەرەپمۇ؟... دەپ سورىسىغىلى تۇردى.

دادام بىر قېشىنى ئۇچۇرۇپ، ماڭا گۇمان نەزىرىدە قاراپ قويدى.

مەن يالغاننى راسا قاملاشتۇردۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرسەتكەن سەۋەپلىرىنىمۇ بارغانسېرى قاملاشقىلى تۇردى:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئانچىكىلا بىر ئاغرىق... چۈشتە مايدا پىشۇرغان بېلىقنى كۆپرەك يېۋەتكەن ئوخشايمەن... ھېچنېمە بولمايدۇ، خاتىرجەم كېتىۋېرىڭلار... يەنە كېلىپ ئالگېبرا كۈنۈكمىسىدىن يەنە ئۈچنى ئىشلەپ بولالمىدىم... ماڭا بىرەر پارچە تورت ئالغاچ كەلسەڭلەرلا بولىدۇ... ئىنگلىزچىنىمۇ تەكرارلاپ قوياي دەۋاتىمەن، ئەتە ئىمتىھان ئالماقچى ئىدى...

ئاپام مەجبۇرلاپ يۈرۈپ ماڭا ئىككى تال دورا ئىچكۈزدى، ئاندىن

www.uyghurkitap.com

دادامنىڭ نەرسە سېتىۋېلىشنى بىلمەيدىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ:

ـــ مايدا پىشۇرۇپ قويغان بېلىقنىڭ تولىسى كونا بېلىق، ئۇنداق نەرسىنى ئىككىنچىلەپ ئالماڭ! سىزچۇ، بىر بولسا، ئۇيگە ھېچ نەرسە ئالمايسىز، بىر بولسا، قالايمىقان بىر نەرسىلەرنى ئالسىز، ـــ دەپ ۋايسىغىنىچە، دادام بىلەن چىقىپ كەتتى.

دادام ئىشكتىن چىققىچە، ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

ـــ شياۋكەي، بىزنى ئەنسىرىتىدىغان ئىشنى قىلما جۇمۇ! ـــ دېدى.

ئەمىلىيەتتە، مېنىڭ نەرىم ئۇلارنى ئەنسىرىتىدىكەن!

مەن كەلسە ـ كەلمەس ئىشلارنى قىلاتتىممۇ؟ مەن ھېلىقى لوكچەك، ئوغرىلارنى ۋە دەرسنى ئوبدان ئوقۇمايدىغان ئەسكى ئوقۇغۇچىلارنى قىلچە كۆزگە ئىلمايمەن، چوڭلار مېنى ئۇلاردىن ئۆگىنىپ ئەسكى بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىشىدۇ، ئۇلار ماڭا ئوخشاش "كۆزگە سىغمايدىغان" تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىرىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسىنىڭ ھېلىقىدەك ئەبلەخلەرگە تامامەن ئوخشىماي-غانلىقىنى بىلمەيدۇ!

دادام بىلەن ئاپام كېتىپ چارەك سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئاۋتوبۇسقا چىقىپ بولدى دەپ مۆلچەرلەپ ھەركەتلىنىشكە باشلىدىم ـــ ياتاق كەشمىنى يۆتكەپ، چاپىنىمنى كىيىپ تاشقىرىغا چىقىپ، ئۆينى قۇلۇپلىدىم ـ دە، پەلەمپەيدىن چۈشتۈم...

يانچۇغۇمدا ھېلىقى ئىككى دانە تىياتىر بېلىتى بار. "ماڭا لايىق كەلمەيدىغان" ھېلىقى تىياتىرنى كۆرمەكچىمەن، خالاس.

ئۇ تىياتىرنى چۈشىنەلمەيدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن. ناھايىتى بولسا، بىر چەتئەل تىياتىرىدۇ، ياكى قەدىمقى چاكچىلىدۇ. ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتكۇدەك ئۇنىڭ نىمە كارامىتى بار! مەن ئەنگلىيىدە نەچچە

يۈز يىلىنىڭ ئالدىدا شېكىسپىر دىگەن چوڭ دىراماتۇرگىنىڭ ئۆتكەنلىگىنى بىلىمەن، "قىساس ئېلىپ نومۇسىنى ئاقلاش ئۈچۈن ھازىرلانماق" دىگەننىڭ نىمە ئىكەنلىگىنىمۇ بىلىمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە يانچۇغۇمدا بىرنەچچە موچەن بار، ماشىنا بېلىتى، تاڭخولۇ ئالىدىغان پۇلنى چىقىرىۋەتكەنىدىمۇ، يەنە بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ئېلىشقا يېتىدۇ، تىياتىرخانىغا چوڭلار يېتىلەپ كىرىدىغان، چۈشەندۈرۈشنىڭ نىمە كېرىگى بارلىغىنى بىلمەيدىغان دەۋرلەر مەن ئۈچۈن ئۆزۈل-كېسىل ئاياقلاشتى.

تىياتىرخانىنىڭ ئىشىگىگە يېقىنلاشتىم. ئىشىكتە چوڭ ئېلان چاپلاق-لىق ئىكەن. ئېلانغا قاراپلا ئىككىلىنىپ قالدىم.

كەچتە قويۇلىدىغىنى «ئۇنبەش نىكادىن ئاجرىشش ئەنىزىسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل» دىگەن دىراما ئىكەن.

ئاخىرى بەربىر بۇ دىراممىنى كۆرمىدىم. كۆرمىگەنلىگىم بۇ دىراممىنىڭ ماڭا لايىق بولمىغانلىغىدىن ئەمەس، بەلكى دىتىمغا ياقمىغانلىغىدىن بولدى. سىز مېنى كىچىك بالا، قانداقلا تىياتىر بولسا تاقەت قىلىپ كۆرۈۋېرىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ مەن دىگەن ئۆزەم خالىغانلىرىمنى تاللاپ كۆرىمەن.

مەن چوڭ بولدۇم. ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە ئەمدى ئۇنچىۋالا مۇقەددەس تۇيۇلمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەتراپىم-دىكى ھەممە نەرسىنى تولىمۇ سىرلىق ھىس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، ئوقۇتقۇچىلار — مەيلى قايسى ئوقۇتقۇچى بولسۇن — مەندە ئۇلاردىن قورقۇش تۇيغۇسى بار ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن كۆزۈم ئېچىلدى. ھازىر

بىلدىمكى، ئوقۇتقۇچىلار بىر بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقى، ياش-قورامى، رەڭگى-روبىي ئوخشىمايلا قالماستىن، ئوقۇش تارىخىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىكەن، ئالىدىغان مائاشىمۇ خېلىلا پەرقلىنىدىكەن.

بىزنىڭ سىنىپ مۇدىرىمىز ياڭ مۇئەللىمنى ئالايلى. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىم بولسا، ئۇنى مەنستىمەسلىككە پىتىنالمىغان بولاتتىم. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ "تېگى-تەكتى"نى بەش قولدەك بىلىۋالدىم: ئۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپىنى پۈتتۈرۈپتۇ، پېداگوگىكا شۆبىۋەننى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىككى يىل كەم ئوقۇغان ئىكەن، ئاران قىرىق نەچچە يۈەن مائاش ئالىدىكەن، شۇ ھالىغا ئۇنىڭ قانچىلىك بىگىسى بار دەيسىز؟ بىزنىڭ سىنىپنى تازا پالاكەت بېسىپتۇ، بىرىنچى يىللىق ئۈچىنچى سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرى ۋاڭ مۇئەللىم ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى، بىر ئايدا يۈز نەچچە يۈەن مائاش ئالىدىكەن؛ 1-يىللىق تۆتىنچى سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرى چى مۇئەللىم داشۆنىڭ مەخسۇس پەن سىنىپىنى پۈتتۈرۈپلا قالماي، يەنە ژورناللاردا ماقالا ئېلان قىلغان... بىزنىڭ سىنىپ مۇدىرىمىزچۇ؟ بىرەرسى "سىلەرنىڭ سىنىپ مۇدىرىڭلار كىم؟" دەپ سوراپ قالسىلا جۇدۇنۇم تۇتىدۇ، كۆزلىرىمنى ئالايتىپ، تومشۇغۇمنى سوزۇپ "كىم بولۇشى بىلەن نىمە چاتىقىڭ!" دەپ چالۋاقايمەن.

ئوقۇش باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ياڭ مۇئەللىم تازىلىق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئۇ جىددى تۇستە:

— مەكتەپتىكى بارلىق جامائەت مۈلكىنى ئاسرىشىڭلار كېرەك...، — دەپ ئۇقتۇردى.

مەن شۇ زامات قولۇمنى كۆتەردىم، ئۇ قاتتىق ئەجەپلەنگەن

ھالدا، ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلىپ:
— لوشكەي، نىمە سوئالىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.
— مەكتەپنىڭكى بارلىق جامائەت مۈلكىنى ئاسىرىشىڭلار كېرەك دىدىڭىزما؟
ئۇ ماڭا قارىغىنىچە، ئاغزى ئېچىلىپ ھاڭ-تاڭ بولۇپلا قالدى.
مەن كۆرەڭلىگەن ھالدا يەنە سوئال قويدۇم:
— مەكتەپنىڭ ئارقا ئىشىگىدىكى ئەخلەت ساندۇغىغا قاچىلانغان ئەخلەتلەرنىمۇ ئاسرىشىمىز كېرەكمۇ؟
مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلار تۇيۇقسىز قويۇلغان بۇ كارامەت سوئالدىن ھەيران قالدى، سىنىپتا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.
مەن ئىچى قارىلىق قىلغان ھالدا ياش مۇئەللىمگە قاراپ، ئۇنىڭ نىمە دەپ جاۋاپ قايتۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇردۇم.
ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى:
— لوشكەي، قەستەن چاتاق چىقارما! كىم سىنى ئەخلەتنى ئاسرىسۇن دىدى؟ — دىدى ئۇ ئاچچىق بىلەن.
مەن تەمتىرىمەي رەددىيە بەردىم:
— سىز بايا مەكتەپنىڭكى بارلىق جامائەت مۈلكىنى ئاسراش كېرەك دىدىڭىزغۇ؟ ھىلىقى ئەخلەتلەر مەكتەپنىڭ بولماي، قايسىبىر شەخسنىڭمىكەن؟ بۇ گېپىم سىنىپتا قاتتىق كۈلكە قوزغىدى.
ئاچچىقلانغىنىدىن ياش مۇئەللىمنىڭ يۈزىنىڭ گۆشى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ قارا تاختا سۈرتكۈچ بىلەن ئالدىدىكى جوزىنى ئۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى جىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى.
مەن ئۇنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا راسا تېرىكىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم، لېكىن ئۇ ئاچچىغىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇ بىرنەچچە سېكۇنت جىم

www.uyghurkitap.com

تۇرغاندىن كېيىن، قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن ساۋاقداشلارغا سۆزلىدى:
— ئۇمۇمەنلىك نەرسىسىنى ئاسراش دېگەندە، ئۇمۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاسراش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ”مال ـ مۈلۈك“ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى قىممىتى بار نەرسە دېگەن بولىدۇ؛ ئەخلەت كېرەكسىز نەرسە، مال ـ مۈلۈك ئەمەس، ئۇنىڭ قىممىتى يوق، ئۇنى ئەلۋەتتە ئاسراشقا بولمايدۇ، بەلكى تازىلاپ چىقىرىۋېتىش كېرەك!
مەن كۆپ ساندىكى ساۋاقداشلار مۇئەللىمنىڭ سۆزىگە چوقۇم بوي سۇنىدۇ دەپ ئويلىدىم. ئۆزەممۇ شۇ ئاندا ئۇنىڭ تەمكىنلىكىگە ۋە سۆز قابىلىيىتىگە قول قويىدۇم.
ياڭ مۇئەللىم ساۋاقداشلارغا سۆزلەپ بولۇپ، كۆزىنى ماڭا يۆتكەپ، قاتتىق پوزىتسىيە بىلەن:
— لو شىكەي، چۈشەندىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.
ئۆزەمنىڭ نىمە ئۈچۈن ئاخىرغىچە قارىشلاشماقچى بولغانلىقىمنى بىلمەيمەن. تۇيۇقسىز كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى، بوينۇمنى قاتتىق تۈتۈپ يەنە تالاشقىلى باشلىدىم:
— ئەخلەتنى پىرىسلاپ بىناكارلىق ماتېرىياللىرىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىكەن، بۇنى تېلېۋىزوردا كۆرسەتكەن، بىسىم كۈچى ناھايىتى زور بىر پىرىسلاش ماشىنىسى بار ئىكەن، ئەخلەتنى پارچە ـ پارچە بىناكارلىق ماتېرىيالىغا ئايلاندۇرىدىكەن... شۇڭا ئەخلەتنىڭمۇ قىممىتى بار، ئۇمۇ مال ـ مۈلۈك...
ساۋاقداشلار مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ يەنە جانلىنىشقا باشلىدى، سىنىپ دەرھال كۇسۇر ـ كۇسۇر ئاۋازلار بىلەن تولدى...
بۇ قېتىم ياڭ مۇئەللىمنىڭ راستىنلا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى، يۈزلىرى ئۆپكىدەك قىزىپ كەتتى. ئۇ قولىنى شىلتىپ مېنى

ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە:

— ئەمسە تازىلىقنى باشلايلى! تازىلىق تۈگىگەندىن كېيىن لو شىكەي مۇدىر ئىشخانىسىغا بارسۇن! دەپ جاكالىدى.

نىمە؟ مۇدىر ئىشخانىسىغا بارسۇن؟ سىنىپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىشخانىسىغا بارماي، مۇدىر ئىشخانىسىغا بارامدىكەنمەن؟ ھىم، ئۇ مېنى مۇشۇنداق قىلىپ قورقۇتىمەن دەۋاتقان ئوخشايدۇ، بۇنچىلىك ئىشقا پەرۋايىم پەلەك!

تازىلىق قىلغاندا مەن ھەممىدىن بەك تىرىشىپ ئىشلىدىم. ياڭ مۇئەللىم كۆرۈپ قويسۇن، مېنىڭ ھېلىقى سوئالنى سورىغىنىم تازىلىق قىلىشقا قارشى چىققانلىقىمدىن ئەمەس، بولۇپمۇ قەستەن قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماقچى بولغانلىقىمدىن ئەمەس. قاراپ تۇرۇڭلار، مەن ئەسكى ئوقۇغۇچى ئەمەس، مەن ھېرىشتىنمۇ، پاسكىنىچىلىقتىنمۇ قورقمايمەن!

مەكتەپنىڭ ئارقا ئىشىگىدىكى ئەخلەتلەرنى چىقىرىۋېتىدىغان چاغدا، مەن تېخىمۇ ئاكتىپ ئىشلىدىم، گۇرجەك بىلەن ھارۋىغا ئەخلەت ئۇسۇۋېتىپ، بىر دەم: ”سېنى ھەرگىز ئاسرىمايمەن!“ دەپ توۋلاپ، بىر دەم: ”سەن قىممەتسىز نەرسە ئەمەستىڭغۇ!“ دەپ ۋاقىراپ، سىنىپتىكى ئوغۇل باللارنى كۈلدۈرۈۋەتتىم.

تازىلىق تۈگىگەندىن كېيىن مۇدىر ئىشخانىسىغا باردىم. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىم بولغان بولسا، ”مۇدىر ئىشخانىسى“ دىگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان، قورقۇپ پۇت-قولۇمدا جان قالمىغان بولاتتى، لېكىن ھازىر قىلچە غەم قىلىپمۇ قويمىدىم، مۇدىر بولسا نىمە بوپتۇ؟ مۇدىرنىڭ ئەمىلى قانچىلىكتى، ئۇنى باشقۇرىدىغان مائارىپ ئىدارىسى بار، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

قانچىلىك ئادەمتى، ئۇنىمۇ مائارىپ مىنىستىرلىكى باشقۇرىدىغۇ؟ مىنىستىرنىڭ ئۇستىدىمۇ ئۇنى باشقۇرىدىغان ئادەم بار، ھەممىسىنى باشقۇرىدىغان ئادەم بار. ئۇلارنىڭ ھېچقايىسىسى ماڭا خاتا مۇئامىلە قىلىشقا يېتىنالمايدۇ، شۇنداق قىلىدىكەن ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن يۇقۇرىغا ئەرز قىلىمەن!

مەن ئىشكنى چېكىپ، "رۇخسەتمۇ" دەپ سورىدىم، رۇخسەت بېرىلگەندىن كېيىن ئاندىن كىرىش كېرەك. مېنى قانۇن-ئىنتىزام بىلەنمۇ چاتىغى يوق بالا دەپ قالماڭلار.

مۇدىرىمىزنىڭ پەملىسى ۋۇ، ئۇ ئورۇق-ئېگىز كىشى بولۇپ، كۆزەينەك تاقايدۇ، قارىماققا دادامدىن ئانچە چوڭ ئەمەس.

ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، مەن كۆرەڭلىك بىلەن ئۇنىڭ ئىش ئۇستىلىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم، ئۇ ماڭا بىر ئىستاكان قايناقسۇ قۇيۇپ بەردى، مەن "رەخمەت" دەپ ئىستاكاننى قولۇمغا ئېلىپ قىلچە قورۇنمايلا بىرنەچچە ئوتلام ئىچتىم.

مەن ئۇنىڭ ئەدەپلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم، لېكىن ئۇ ياڭ مۇئەللىمنىڭ ئەرزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغاندەك، مەن بىلەن ئۇ ياقتىن-بۇ ياقتىن پاراڭ سالغىلى تۇردى. ئۇ مەندىن تىزىمغا ئالدۇرغىلى كەلگەن كۈنى مەكتەپنىڭ مەندە قانداق تەسىر قالدۇرغانلىقىنى سورىدى. مەن مەكتەپنىڭ ياخشى تەسىر قالدۇرغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ بېشىنى ئاستا چايقاپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق ئەمەستۇ. مەكتەپنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭ سوۋۇغاندۇ؟ دىمىسىمۇ مەكتەپنىڭ بىنالىرى بەك كونىراپ كەتتى! — دىدى.

مەن كۆڭلۈم سوۋۇغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— مەكتەپكە يېڭى بىنا سالىمىز دىگەنىغۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ھەئە، يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن ئىش باشلىنىدۇ، — دىدى.

مەن ئۇنىڭ گەپ قىلىۋاتقان چاغدىكى غەمكىن قىياپىتىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھەيران قالدىم.

— يېڭى بىنا سېلىش خوشاللىق ئىش ئەمەسمۇ؟ سىز خاپا بولغان-دەك تۇرامسىز-نىمە؟ — دەپ سورىدىم تاقەت قىلالماي.

ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، گويا مەن بىلەن مەسلىھەت قىلىۋاتقاندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— يېڭى بىنا قۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شەرق تەرەپتىكى كونا بىنانى چاقماي بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، تولۇقسىز ئىككىنچى يىللىقلار بىلەن تولۇق بىرىنچى يىللىقلارنى ئىككىگە بۆلۈپ ئوقۇتۇشقا توغرا كېلەر. ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنىڭ زايا بولۇپ كەتكەنلىكى ئەمەسمۇ! ئۇلارنى ئىككىگە بۆلۈپ ئوقۇت-مايلى دىسەك، يەنە نىمە ئامال بار؟

ۋۇ مۇدىرنىڭ سەممىي چىرايى ۋە گەپ-سوزلىرى ماڭا تەسىر قىلدىمىكىن، ئەيتاۋۇر، دەرھال مەيدەمگە ئۇرۇپ:

— ئىككىنچى يىللىقلارنى ئىككىگە بۆلۈپ نىمە قىلىسىز؟ بىز بىرىنچى يىللىقلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئوقۇيلى، بىزمۇ كىچىك ئەمەسقۇ، بىزنى ئاڭلىق ئەمەس، دەرس ئۆتۈلمەيدىغان يېرىم كۈندە جاھاننى بېشىغا كېيىپ چاتاق چىقىرىدۇ دەپ ئەندىشە قىلىۋاتامسىز؟ — دىدىم.

ۋۇ مۇدىر چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا سۆزلىدى:

— ئىككىگە بۆلۈپ ئوقۇتۇش ھەرقانداق يىللىقلار ئۈچۈن پايدى-

سىز، ھەممىسىدە ئايرىم ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ سەۋەپتىن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ...لېكىن ھەر خىل ئامىللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ دەگسەپ باققاندا، يەنىلا بىرىنچى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئىككىگە بۆلۈپ ئوقۇتۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى ھازىر سىلەرنىڭ داۋالغۇپ تۇرىدىغان ۋاقىتىڭلار، ئاسانلا...

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا:

— كىچىك بولغاچقا، بىزنى ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ دەۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدىم.

ۋۇ مۇدىر ماڭا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇنداقمۇ ئەمەس. راستىنى ئېيتسام مەن يەنىلا باشقىچىرەك چارە تاپساقمىكىن دەيمەن، ئالايلۇق، بىر تۈركۈم كۆچمە ئۆي ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرساقمۇ بولىدۇ، بىراق، ئۇ چاغدا مەيدان قالمايدۇ...بەلكىم تەنتەربىيە دەرسىنى خەندەك بويىدا ئۆتۈشكە بولار؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ۋاقىراپ كەتتىم:

— ۋايئۇۋي، ئەجەپ قالتىس ئويلاپسىز! خەق سىزگە جەرىمانە قويىدۇ! — ھازىر باغ-ۋاران ئىدارىسى ئۇ جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىدارلىقىغا ئالدى، ئۇ يەردە خالىغانچە يۈز مېتىرغا يۈگۈرگىلى بولىدۇ دەۋاتامسىز؟

ۋۇ مۇدىر بېشىنى لىڭشىتقىنىچە كۈلۈپ كەتتى، كۈلۈۋېتىپ يۆتىلىنى توختىتالماي قالدى، ئۇ مېنى ماختىغان ھالدا:

— بۇ تازا جايىدا گەپ بولدى! راست شۇنداق! ئۇلار جەرىمانە قويىدىغان ئىشنى قىلساق بولمايدۇ-دە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

ئىككىمىزنىڭ پارىڭى تازا قىزىپ كەتتى، ۋۇ مۇدىر تېخى يېڭى

بىنانىڭ ئىسخىمىسىنى ئېلىپ ماڭا كۆرسىتىشكە باشلىدى، شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز ياڭ مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. روشەنكى، ۋۇ مۇدىر بىلەن ئىككىمىزنىڭ پاراڭلىشىۋاتقان ھالىتىمىز ئۇنى قاتتىق ئەجەپلەندۈرگەندۇ.

ياڭ مۇئەللىمنىڭ بۇنداق ئەھۋالدا كىرىپ قېلىشى مېنى ئوڭايسىزلاندۇردى.

ۋۇ مۇدىر ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ياڭ مۇئەللىمنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا:

— لو شىكەيمۇ كۆچمە ئۆي ئىجارە ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. تەنتەربىيە دەرسىنى قانداق ئۆتۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭمۇ چارىسىنى تاپقىلى بولىدۇ، — دېدى.

ئويلىمىغان يەردىن، ياڭ مۇئەللىم گەپ باشلاپلا:

— بايا ساۋاقداشلار بىردەك ھالدا، تازىلىق قىلغاندا لو شىكەينىڭ ئىپادىسىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولغانلىقىنى، بولۇپمۇ پاسكىنىچىلىقتىن قورقماي، ئەخلەتنى ئاكتىپلىق بىلەن تازىلىغانلىقىنى... ئىنكاس قىلىشتى، — دەپ مېنى مۇدىرغا ماختاپ بەردى.

مېنىڭ ئۇنىڭغا: "غەلىتە سوئاللارنى سوراپ، سىز بىلەن تاكاللاشقىنىم توغرا ئەمەس" دېگۈم كەلگەن بولسىمۇ، ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم. نىمىشقا خاتا قىلدىم دەيدىكەنمەن؟ بېشىمنى ساڭگىلىتىپ، يېڭى بىنانىڭ ئىسخىمىسىدىكى بىر جايلارنى تەتقىق قىلىۋاتقاندەك بولۇپ ئولتۇرۇۋالدىم.

شۇ چاغدا ۋۇ مۇدىرنىڭ سۆزى قۇلۇغۇمنىڭ يېنىدا جاراڭلىدى:

— لو شىكەي، سەن سىنىپتا تەسىرىڭ چوڭ ئوقۇغۇچى، بولۇپمۇ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە سەن ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە،

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ خىزمىتىمنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن قوللىغانغا ئوخشاشلا، يالغۇز ئەللىمنىڭ خىزمىتىنىمۇ جەزمەن ھەرقايسى جەھەتلەردىن قوللىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن. باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان مەزگىل كىشىلىك ھاياتىدا بالىلىق دەۋردىن ئۆسمۈرلۈك دەۋرگە ئۆتىدىغان باسقۇچ، بۇ ئىنتايىن مۇھىم باسقۇچ-تە! ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆسمۈرلۈك دەۋردىن ياشلىق دەۋرگە ئۆتىدىغان باسقۇچنىڭكىدىن كىچىك ئەمەس!

ھە، كىشىلىك ھاياتىدا بىرمۇنچە باسقۇچ بار ئىكەندە: بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق، قىرانلىق، ئوتتۇرا ياشلىق، قېرىلىق...

ۋۇ مۇدىرنىڭ سۆزلىرى مېنى ئېرىتتى. لېكىن نىمە سەۋەپتىندۇر، چوڭلار بىلەن تاكاللىشىدىغان مىجەزىمنى يەنىلا ئۆزگەرتەلمىدىم. چوڭلار بۇ تەرەپ شەرق دىسە، مەن قەستەن غەرپ دەيمەن. چوڭلار مېنى جەنۇپقا ماڭ دىسە، مەن قەستەن شىمالغا ماڭىمەن — ھەممىدىن يامان بولغىنى شۇكى، مەن چوڭلارنىڭ جەنۇپقا ماڭ دىگىنىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىگىنى ئېنىق بىلىپ تۇرساممۇ، ئاۋال شىمال تەرەپكە بىر دوقۇرۇۋېتىپ، ئارقىدىن تۈيدۇرماي جەنۇپقا بۇرۇلىمەن.

مەن تۇيۇقسىزلا ئەينەككە قاراشقا ئامراق بولۇپ قالدىم. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا ئەينەك مەن ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيەتسىز نەرسە ئىدى — باغچىلاردا پۇل تۆلەپ كۆرىدىغان شەيتان ئەينەك بۇنىڭ سىرتىدا — ئۇ چاغلاردا ھەتتا ئۆيدە زادى قانچە دانە ئەينەك بارلىغىنىمۇ بىلمەيتتىم، لېكىن ھازىر مەن قول يۇيىدىغان جايغا ئېسىقلىق كىچىك ئەينەك، دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئۆيىدىكى كىيىم ئىشكاۋىنىڭ ئەينىگى ۋە ئاپامنىڭ پەدەز تومپۇچكىسىنىڭ سوقىچاق ئەينىگى قاتارلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپلا قالماستىن، يەنە سۇلياۋ-

دىن ياسالغان ماگنىت قۇلۇپلۇق قەلەمدىنىمدىمۇ ئۆزەمگىلا خاس كىچىك ئەينىكىم بار ئىدى. ھازىر ئاپام ھەيدەكچىلىك قىلمىسىمۇ، ئۆزلىگىمدىن يۇزۇمنى پاكىز يۇيىمەن، يەنە قۇلىغىمنىڭ كەينىدە ھەرگىز كىر قالدۇرمايمەن؛ ھەر ئايدا ئاز دىگەندە ئىككى قېتىم مونچىدا يۇيۇنىمەن، بۇرۇن ھەمىشە دادام بىللە ئېلىپ كېرەتتى، ھازىرچۇ، ئۇ مېنى چاقىرغاندا، "ۋاقتىم يوق" دەپ تۇرۇۋالىمەن، ئۆزەم مونچىغا كىرىدىغان چاغدا بولسا ھەرگىز ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمايمەن. مونچىدا دۇشتا يۇيۇنغاندا، گويا بەدىنىمگە باشقا بىر نەرسە كىرىۋې-لىپ ھەركەت قىلىۋاتقاندەك بۆلەكچە بىر خىل سىزىم پەيدا بولىدۇ...

مەن ياك مۇئەللىم بىلەن خېلى ئوبدان ئۆتۈۋاتقان چاغدا، تۇيۇقسىز بىر كۈنى ۋۇ مۇدىر سىنىپقا كىرىپ:

— سىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلار ئاغرىپ قالدى. ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشى كېرەك. ئوپېراتسىيە قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ دەرسىنى پېڭ مۇئەللىم ئۆتىدۇ ھەم سىلەرگە سىنىپ مۇدىرى بولىدۇ، — دىدى.

پېڭ مۇئەللىم دەسلەپتىلا بىزنى بەك خوشال قىلىۋەتتى — ئۇ قىرىق نەچچە ياشلاردا بولۇپ، ئاڭلىساق يەتمىش يوەن مائاش ئالىدىكەن، ئوقۇش تارىخى، ئوقۇتۇش تارىخىنىڭ ياك مۇئەللىمنىڭكىدىن ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى دىمىگەندىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرى ياك مۇئەللىمنىڭكىدىن قىزىق ئىكەن، بىرىنچى قېتىملىق دەرستىلا قىزىق گەپ قىلىپ بىزنى توختىماي كۈلدۈردى. لېكىن بىرنەچچە قېتىملىق دەرستىن كېيىن، ئۇنىڭ دەرسنى ياك مۇئەللىمدەك ئەستايىدىل تەييارلىمايدىغانلىقىنى سەزدىم، ئۇنىڭ بىزنى كۈلدۈرىدىغان قىزىق گەپلىرى ئەمىلىيەتتە قىلچىمۇ بىلىم ئەمەس، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىمنى بولسا ئۇ مۇجە-

www.uyghurkitap.com

مەللا سۆزلەيتتى، ئۇنى ئاز دەپ بەزىدە خاتا سۆزلەپمۇ قوياتتى. بىر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە، مەن قەستەن دەرس مۇنبىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن سوئال سورىدىم، ئۇ ماڭا جاۋاپ بېرىۋاتقاندا، ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى، پۈتۈن دىققىتىم مۇئەللىمنىڭ ئېچىقلىق تۇرغان دەپتىرىگە مەركەزلەشتى — ۋايجانەي، ئېخى بىزنى خەتنى رەتلىك يېزىڭلار دەپ كەتكەنلىرىنى قاراڭ، ئۆزىنىڭ خەتلىرى ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتىغا ئوخشايدۇ! مۇشۇ بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدىكى ئەھۋال ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى — كۆپ ماڭاش ئالىدىغانلارنىڭ دەرسنى ئاز ماڭاش ئالىدىغانلاردىن ئوبدان سۆزلىشى ناتايىن ئىكەنغۇ!

شۇ كۈنى كەچتە ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتۇق، خەۋەرلەر نومۇرىدا قانداقتۇ بىر پەن-تېخنىكا يىغىنىنى خەۋەر قىلدى، ئېكراندا يۈزنى قورۇق بېسىپ كەتكەن بىر قېرى مۇتەخەسسىس كۆرۈنۈشى بىلەنلا، مەن قەستەن ئاۋازىمنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ سۆزلىگىلى تۇردۇم:

— ئاۋۇ گومۇش قېرىنىڭ ئولتۇرۇشىنى قاراڭ — سالاھىيىتى كونا بولغان بىلەن، ئۇنىڭ ھەقىقى بىلىمى بولۇشى ناتايىن!

ئاپام بۇ گەپنى ئاڭلاپلا جىلى بولدى-دە، مېنى جېملىگىلى تۇردى:

— سەن نىمانداق ھە دېسىلا ئەكسىيەتچى گەپلەرنى قىلىسەن؟ بۇنداق قىلىشنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟

— كىم ئەكسىيەتچى ئىكەن؟ ئۆز كۆزقارىشىمنى ئېيتىشقا يول قويۇلمامدىكەن؟ — دېدىم مەن مەزدانىلىق بىلەن.

— يول قويۇلمايدۇ! — دېدى ئاپام دەرھال خورىگىمنى بېسىپ قويماقچى بولۇپ، — بۇنداق ئىشلارغا ئۆز كۆزقارىشىنى قويىدىغان

ۋاقتىڭ كەلمىدى! مۇئەللىمنىڭ ۋە ئاتا-ئانىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىڭ كېرەك، قالايمىقان نەرسىلەرنى ئويلىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ، ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈپ يۈرۈشۈڭگە تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ!

مەن تۇمشۇغۇمنى سوزۇپ سوغاق كۈلۈپ قويدۇم. دەل شۇ پەيتتە تېلېۋىزور ئېكرانىدا سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ سۈرىتى كۆرۈنىدى، مەن يەنە قەستەن ئاۋازىمنى يوغان چىقىرىپ:

— ئەمىلىيەتتە، سۈن جۇڭشەن جياڭ جيېشىنى بەك ياخشى كۆردىكەن دۇق. شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جياڭ جيېشى شىمالغا يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بوپتىكەن! — دېدىم.

ئاپام مېنى پەيچۇسوغا ئاپىرىپ بېرىشكە تاس قالدى، ئۇ ئىككى مۇشتۇمى بىلەن تىزىغا ئۇرۇپ:

— كاللاڭ ئېلىشىپ قالدىمۇ، ئەكسىلئىنقىلاپچى بولمىساڭ كۆڭلۈڭ ئۇنىمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساڭ، ئاخىر بىر كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە بالا-قازا كەلتۈرمەي قالمايسەن! — دېدى زارلىنىپ.

— ئاپىسى، مۇنچىۋالا يۇقۇرى پىرىنسىپقا كۆتىرىشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنچىلىكمۇ تېرىكىپ كەتكەن بارمۇ، — دېدى دادام ئاپامغا تەسەللى بېرىپ، ئارقىدىن ماڭا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى، — شاۋكەي، ئاپاڭنى قەستەن خاپا قىلما. بۇرۇن، مۇئەللىم بىلەن بىز ساڭا جياڭ جيېشىنىڭ چوڭ ئەبلەخ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن، بۇ خۇلاسىنى ئاغدۇرۇۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ، جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا ئوينىغان ئومۇمى رولىغا قارىتىپ چىقىرىلغان يەكۈن. ئەلۋەتتە، سەن ھازىر خېلى چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بىلىدىغانلىرىڭمۇ خېلى كۆپەيدى. سەن دېگەندەك، سۈن

جۇگشەن ئەپەندى جياڭ جيېشىغا ئىشەنگەن، جياڭ جيېشى خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىسىنىڭ مۇدىرى، شىمالغا يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولغان...دىمەك، ئىنقىلاپقا ئاسىلىق قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭمۇ ياخشى تەرىپى بولغان، ئۇنداق بولسا سەن قانداق ئويلىشىڭ كېرەك؟ سەن ئەسلىدە چوڭلارنىڭ ئېيتىپ بەرگەن يەكۈنىنى خاتا ئىكەن دىمەستىن، بىر ئادەمنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىنىڭ ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەسلىكىنىلا بىلىۋېلىشىڭ كېرەك...

— بولدى، قويۇڭ، — ئاپام دادامنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — سىز مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلغانسىرى ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى گەپلەرنى قىلىدىغان ئادىتى تېخىمۇ ئەۋج ئالىدۇ! ئۇنىڭ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغان مۇشۇنداق ئادىتى، راستىنى ئېيتقاندا، سىزنىڭ ھەدىسىلا ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكىڭىزدىن پەيدا بولغان! سىز مۇشۇنداق ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىۋېرىڭ!

قارىسام ئۇلارنىڭ ئۇرۇشۇپ قالىدىغان ئەلپازى بار، نائىلاج پۈتۈمنى يەرگە ئۇرۇپ:

— بولدى، بولدى، گەپ قىلمىساڭلا ئىش تۈگەيدىغۇ؟ كىنو كۆرسەڭلارچۇ! — دىدىم.

تېلېۋىزوردا قويۇلۇۋاتقان كىنو ئەسلىدە بىز ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان كىنو ئىدى، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ قالغاچقا، زوقىمىزمۇ پەسىيىپ قالدى.

ئەتىسى پېشىن مۇئەللىم دەرس ئۆتۈۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭدىن خاتالىق تېپىشقا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك دىققەت قىلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ "سورلۇك" دىگەن ئىبارىنى چۈشەندۈرۈش جەريانىدا، ساۋاقداشلارنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇنداق مىسال كەلتۈردى:

— فرانسىيەدىكى پارىژدا باستى تۇرمىسى دەيدىغان بىر تۇرمە بار، ئۇنىڭ ئىچى ھەم قاراڭغۇ، ھەم زەي، قەۋەتلا قورقۇنچلۇق! ئۇلانما تېلېۋىزىيە تىياتىرى «قوش شەھەر»دىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن بولغىيدىڭلار، بۇ كۆرۈنۈشلەر باستى تۇرمىسىدە ئېلىنغان...

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا دەرھال ئۇنىڭ قولۇمنى ئىگىز كۆتەردىم.

پېڭ مۇئەللىم مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ:

— نىمە سوئالىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.

— سوئالىم يوق. لېكىن خاتا سۆزلەپ قويدىڭىز، — دىدىم مەن ئەستايىدىللىق بىلەن، — پارىژدىكى باستى تۇرمىسىنى ئىككى يۈز نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا خەلق بۇزۇپ تاشلىغان، ھەتتا بىرەر تال خىشىمۇ قالدۇرمىغان...

پېڭ مۇئەللىم مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ:

— ھەئە، شۇنداق بولسىمۇ نىمە بوپتۇ؟ — دىدى.

— سىز خاتا ئېيتتىڭىز! — دىدىم مەن غالىپلارچە شاتلىنىپ چۆمۈپ، — سىز «قوش شەھەر»دىكى كۆرۈنۈشلەر باستى تۇرمىسىدە ئېلىنغان دەيسىز، بۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. باستى تۇرمىسى ئاللىبۇرۇنلا يوقالغان، ھازىر ئۇ يەردە باستى مەيدانى دېيىلىدىغان بىر مەيدان بار، مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىگىز خاتىرە مۇنار بار، مۇنارنىڭ ئۈستىگە قاناتلىق بىر ئەركىنلىك ئىلاھىنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان...

پېڭ مۇئەللىم ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ ماڭا ئالىيىپ قويدى، بىراق سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ خاتا سۆزلەپ قويغانلىقىنى ئىقرار قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ، ئەپلەپ-سەپلەپ

ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى بولۇپ:

— باستى تۇرمىشنىڭ بۇزۇلغان-بۇزۇلمىغانلىقى بىر مۇزاكىرە قىلىدىغان مەسىلە بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق، بىزنىڭ ھازىر ئېنىقلىۋالماقچى بولۇۋاتقىنىمىز "سۈرلۈك" دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى، باستى تۇرمىشنى "سۈرلۈك" دېگەن ئىبارە بىلەن سۈپەتلىسە دەل جايىدا بولىدۇ... — دېدى.

ئۇ قولىنى پۇلاڭلىتىپ مېنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. مەن ئۆرە تۇرغان پېتى ساۋاقداشلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ:

— ئۇنىڭ سۆزلىگىنى خاتا. باستى تۇرمىشنىڭ ئاللىبۇرۇن بۇزۇپ تاشلانغانلىقىدا گەپ يوق. دادامنىڭ كونا ساۋاقدىشى ما تاغام يېقىندىلا پارىژدىن قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ باستى مەيدانىنىڭ تارىخى توغرىسىدا سۆزلىگەنلىرىنى ئۆز قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىدىم، — دېدىم.

مېنىڭ بۇنداق پوزىتسىيەم، شۇنىڭدەك سىنىپتىكى كۆپ سانلىق ساۋاقداشلار — جۈملىدىن بىر قىسىم قىزلار — نىڭ ماڭا ئاشكارا قايىل بولۇشى پېك مۇئەللىمنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ئۇ غەزەپ بىلەن دەرس مۇنبىرىنى پاققىدە ئۇرۇپ ماڭا ۋاقىرىدى:

— لو شىكەي! نېمە قىلماقچىسەن؟ دەرسنى زادى سەن سۆزلەمسەن، مەن سۆزلەمدىمەن؟

ئۇنىڭ ھەيۋە قىلغىنىدىن قورقاتتىممۇ! مەن تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭغا:

— مەيلى كىم سۆزلىمىسۇن قارىسىغا سۆزلەشكە بولمايدۇ، سۆزلىگەن ئىكەن توغرا سۆزلەش كېرەك... — دېدىم.

ئاچچىقلانغىنىدىن پېك مۇئەللىمنىڭ كۆز قارچۇقى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى، ئۇ ئەلپازى بۇزۇلغان ھالدا ماڭا قولىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەڭلەپ ئاندىن ئىشكنى كۆرسىتىپ:
ــ مېنىڭ دەرسىمنى ئاڭلاشنى خالىمىساڭ مەرھەمەت، ھازىرلا چىقىپ كەت، ــ دەپ بۇيرۇق قىلدى.
باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىم بولغان بولسا، مۇئەللىمنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ يىغلاپ تاشلىغان بولاتتىم. ئەمدىلىكتە بۇنچە-لىك ئىشلارغا پەرۋايىم پەلەك. چىقىپ كەت؟ چىقىپ كەتسەم چىقىپ كېتىۋېرىمەن! چىقىپ كەتسەم نىمە بوپتۇ؟
مەن سوغاق كۈلۈپ قويۇپ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، ساۋاقداشلىرىمنىڭ نەزىرى ئاستىدا ئىغاڭلىغان پېتى سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم ھەمدە ئۆزەمگىمۇ چۈشىنىكسىز بولغان بىر كۈچنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن توختىماي مېڭىپ مەكتەپتىن چىق-تىم، كاللام سەل سەگىگەندىن كېيىن، قارىسام ئاۋات كوچىغا بېرىپ قاپتىمەن.
شامال يۈزۈمنى سىلاپ ئۆتتى. شۇ چاغدىلا يۈزۈمنىڭ ئازراق قىزد-ۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىم. ئىككى قولۇمنى شىمىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، مەيدەمنى كەرگەن ھالدا پىيادىلەر يولى بىلەن ئالغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدىم. يولدا كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ماڭا دىققەت قىلمىدى، تاڭخۇلۇ ساتىدىغان بىر يىگىتلا غەلىتە نەزەر بىلەن ماڭا قاراپ قويدى، يەنە يېزىدىن كەلگەنلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان، بىر تېڭىق يىپەك پاختىنى يۈدۈۋالغان بىر بوۋاي پىت كۆزىنى ئالايتىپ ماڭا بىرنەچچە قېتىم قاراپ قويدى...مەن ئىچىمدە كۈلۈپ قويدۇم. ئۇلارغا پىسەنت قىلماي ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. قاملاشمىغان تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كەلسە-كەلمەسلا تۈزىدىغان زاتلارغا ئەمدى ماتىرىيال تېپىلدى ــ مەن ــ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەك-

www.uyghurkitap.com



تەپ بىرىنچى يىللىقىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مۇئەللىم تەرىپىدىن سىنىپتىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرىمەن، نەتىجىدە كۈشكۈرتكۈچى جىنايەتكارلار تەرىپىدىن ئاسانلا ئەسىر قىلىنىپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىمەن...تەبىئىكى، ئاخىرىدا ئەگرى-توقايلىقلارنى بېشىمدىن كەچۈرۈپ، "تۇيۇق يولدىن يانىمەن"، ئاخىرىدا مەن قايتىدىن سىنىپقا قايتىپ كېلىپ، مۇئەللىم ۋە ساۋاق-داشلارنىڭ چاۋاك چېلىپ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىمەن، بۇ چاغدا قىستۇرما ناخشا ئېيتىلىدۇ، ھەقىچان لى گۈيى ھەدە نازلىق ئاۋازدا: "قايتىپ كەل بالا! قايتىپ كەل! ھەي، يولدىن ئازغان بالا، تېزراق كوللېكتىپ قوينىغا قايتىپ كەل..." دەپ ناخشا ئېيتار، مۇشۇ چاغدا ئېكراندا مېنىڭ يۈزۈم يوغان كۆرسىتىلىدۇ، مېنىڭ رولۇمنى ئالغان ئارتىس يىغلىيالمىغاچقا، رېژىسسور ھىلىقى كۆرۈنۈشنى كىنوغا ئالدىغان چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە گلىتسېرىن تېمىتىدۇ...

"پاھ، بۇ ئويدۇرمىچىلىقنى قاراڭ! ئۇلارنى 'ھويت-ھويت' دېيىش كېرەك!" مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلىدىم: مەن پېيىڭ مۇئەللىمنىڭ سىنىپتىن ھەيدەپ چىقارغىنىنى بىلەن ئوغرى، لۈكچەك بولۇپ كېتەرمەنمۇ؟ بۇ تازا كۈلكىلىك گەپتە!

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە قەدىمىمنى توختاتتىم. مەن ئەھمە-يەتلىك، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىرەر ئىش قىلماقچى بولدۇم. ھەم، خەقلەر مېنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن ئۆزەمنىڭ ئىسىل پەزىلىتىمنى تولۇق نامايەن قىلغانلىقىمنى بىلىپ قويسۇن.

نىمە ئىش قىلسام بولار؟ تۇيۇقسىز ياڭ مۇئەللىم ئېسىمگە كەلدى. ياڭ مۇئەللىم دوختۇرخانىدا ياتىدۇ، ئۇنى يوقلاپ كېلىشىم كېرەك!

uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

قۇرۇق قول بارسام سەت بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇنى ئىنتايىن خوشال قىلىدىغان بىرەر نەرسە ئالغاچ باراي!

شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن يانچۇغۇمنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم. يانچۇغۇمدىن ھەممىسى بولۇپ سەككىز مو ئالتە پۇڭ چىقتى، بۇ پۇلنى ئاپام ماڭا خەجلىگىلى بەرگەن پۇلدىن تېجەپ قالغان ئىدىم.

سەككىز مو ئالتە پۇڭنى قولۇمدا تۇتۇپ، ماگىزىنلارنى ئارىلاپ قاراپ ماڭدىم. ياڭ مۇئەللىمگە نىمە ئېلىپ بارسام بولار؟ يەيدىغان نەرسىمۇ؟ ياكى ئىشلىتىدىغان نەرسىمۇ؟...ھە، گۈل دۇكىنى! يەيدىغان، ئىشلىتىدىغان نەرسە ئالغاندىن كۆرە، بىر تەشتەك گۈل ئالغاچ بارغىنىم تۈزۈك!

مەن دەرھال گۈل دۇكىنىغا كىرىپ، سەككىز موغا بىر تەشتەك ياپ-يېشىل قارىغاي گۈل ئالدىم.

قارىغاي گۈل كۆتىرىپ، ياڭ مۇئەللىم ياتقان ھىلىقى دوختۇرخانىغا كەلدىم. ئۆتكەن كۈنى سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا كېلىپ ئۇنى يوقلىغاندا، ئۇ مىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خوشال بولغان ئىدى. بۇ قېتىم بىر تەشتەك قارىغاي گۈل كۆتىرىپ يوقلاپ بارسام، ئۇ جەزمەن تېخىمۇ خوشال بولىدۇ. بىراق، ئۇ مەندىن: "ئەجەپ مۇشۇ ۋاقىتتا كەپسەنغۇ؟ ھازىر دەرس ئۆتۈلىدىغان ۋاقىت ئەمەسمۇ؟" دەپ سوراپ قالسا قانداق قىلارمەن؟ ئازراق يالغان سۆزلەپ قويايمۇ، ياكى راستىنى ئېيتىۋېرەيمۇ؟...

لېكىن بالىنىسقا كەلسەم ئۇلار مېنى زادىلا كىرگۈزمىدى. ئەسلىدە شۇ كۈنى پۈتۈن كۈن كېسەل يوقلاشقا بولمايدىكەن، نىمە ئامال بار، نائىلاج قارىغاي گۈل ياڭ مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار دەپ ئۇلارغا قالدۇردۇم. ئۇلار مەندىن: سەن ئۇنىڭ نىمىسى؟" دەپ

سوردى؛ يەنە گۈل بىلەن بىللە ئېلىپ كىرگىلى كىچىككىنە باغاقچە يېزىپ بەرسەممۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەن: ”مۇشۇ گۈلنى بېرىپ قويساڭلارلا بولىدۇ“ دېدىمدە، باغاقچىمۇ يېزىپ قالدۇرماي دوختۇر-خانىدىن چىقىپ كەتتىم.

دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن تۇيۇقسىز بەكمۇ زېرىككەشلىك ھېس قىلدىم. مەن ھېلىقى سەككىز مونى خەجلىۋەتكىنىمگە سەل پۇشاي-مان قىلدىم، چۈنكى كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كەلسەم، «تەلۋە ئاقسۆ-ڭەك» دېگەن كىنو قويۇلماقچى ئىكەن، قايسىدۇ بىركۈنى دادام مۇشۇ كىنونىڭ بېلىتىنى ئېلىپ كەلگەندە پەقەت كۆرگۈم كەلمىگەن ئىدى، بىراق ھازىر بۇ كىنونى كۆرەلىگەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى! — بېلەت كاسسىسىدىكى ھەدە بېلەتنى ساتالماي ئېڭىكىنى تۇتۇپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدۇ، لېكىن قولۇمدا ئالتە پۇڭدىن ئارتۇق پۇل يوق. ھەي، قانداق قىلاي، كىنو ئېلانىنىڭ ئالدىدا بىر دەم چۆگىلەپ يۈرۈپ، بەش پۇڭغا بىر تال شاكىلات بىگگۇر ئېلىپ، ئاز-ئازدىن شورىغانچە، ئىزلەڭگۈلۈك بىلەن ئالدى تەرەپكە قاراپ نىشانسىز مېڭىۋەردىم.

مۇشۇ تاپتا ماڭا بىرەر ئاجايىپ ئىش ئۇچرىسا ئىدى، ئالايلۇق، بىر لۈكچەك بىر قىزچاقنى بوزەك ئېتىۋاتقان بولسا، مەن دەرھال ئېتىلىپ بېرىپ لۈكچەكنىڭ ئەدىۋىنى بەرسەم، ياكى بولمىسا، تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىكى دەرەخنىڭ ئاستىدىن ئاز دېگەندە يۈز يۈەن پۇل، يەنە خىزمەت كىنىشكىسى قاتارلىقلار تومپايتىپ سېلىنغان بىر پورتمال چېلىقسا، مەن دەرھال ئۇنى ئېلىپ يوقاتقان پېتى ساقچى تاغامغا تاپشۇرۇپ بەرسەم... كېيىن پورتمالنىڭ ئىگىسى تېپىلسا، ئۇ قاتتىق تەسىرلىنىپ سۆيۈنچە سۈپىتىدە ماڭا ئون يۈەنلىك

www.uyghurkitap.com

پۇلدىن بىرنى تەڭلىسە، مەن مەغرۇرانە قىياپەتتە: ”ماڭا مۇشۇنداق قارايدىغان بولسىڭىز، پورتمالىڭىزنى قايتىدىن دەرەخنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويىمەن!“ دىسەم... نىمىشقا ئىجابى رولنىلا ئالىدىكەنىمەن؟ نىمىشقا قولۇمغا تاش ئېلىپ ئاۋۇ دورىخانىنىڭ چوڭ ئەينەك دەرىزىسگە ئاتمايمەن؟ ئۇنداق قىلسام بەلكىم مىنى تۇتۇۋېلىپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا سولاپ قويار. يېشىم شۇنچىگە يېتىپتۇ، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسام نىمىشقا بولمايدىكەن؟ يەنە ئاۋۇ كومىسسيونىنىڭ سېتىۋېلىش ئورنىغا: ”ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا بولمايدۇ“ دىگەن خەت يېزىلغان يوغان تاختىنى ئېسىپ قويۇپتۇ. نىمىشقا ”ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا بولمايدۇ“كەن؟ مەن نىمىشقا باتۇرلۇق بىلەن ئۇسۇپ كىرمەيمەن؟ خەقلەر مىنى قوغلىسىمۇ ماڭغىلى ئۇنىماي، ئېكىسكۇرسىيە قىلغىنىم قىلغان دەپ تۇرىۋالمايمەن؟... ئەنە، ئالدى تەرەپتە بانكا تۇرىدۇ. پۇل ئامانەت قويۇش دىگەن زادى قانداق ئىشتۇ؟ نىمىشقا پۇل ئامانەت قويغان ئادەملەرگە ئۆسۈم بېرىدۇ؟ بۇ ئىشلىمەي چىشلىگەننى رىغبەتلەندۇرگەنلىك بولامدۇ؟ يېنىمدا بىر پۇڭ پۇلۇم بار، بىر پۇڭنىمۇ ئامانەت قويسا بولامدىغاندۇ؟ ئېيىغا قانچە پۇل ئۆسۈم بېرىدىغاندۇ؟...

لېكىن ئاخىرى ماڭا يا بىرەر ئاجايىپ ئىش ئۇچرىمىدى، يا مەن قالايمىقانچىلىق چىقارمىدىم، تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا كىرىۋىدىم، ناھايىتى تېزلا ھەم ئوشۇق ۋاقتىم بىلەن ئوشۇق زېھنىمنى خورىتىدىغان، ھەم ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولغان بىر ئىشنى تاپتىم — مەن يەر تازىلايدىغان ئۇستام بىلەن تازىلىغۇچىنى ئىتتىرىپ ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدىم، يەر تازىلىغۇچىنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان يۈزى بىر يېرىم مېتىردىنمۇ ئارتۇق بولۇپ، ئۇنى بېنزىنغا چىلاپ

ھەرە كېپىگىنى ئېتىرىپ ماڭمىدىغان بولسا، يەر قالتىس پاكىز بولۇپ كېتىدىكەن، تازىلىغۇچىنىڭ سېپىدا يەنە قوڭغۇراق ئورنىتىلغان بولۇپ، خېرىدارلار يولنى توسىۋالسا، قوڭغۇراقنى بېسىپ يول ئاچتۇق.

مەن ياردەملەشكەچكە بۇ ئۇستامغا كۆپ ئارام بولدى، ئىش ئۈنۈمىمۇ بىرمۇنچە ئۆستى. ئەلۋەتتە، ئۇ مەندىن:

— ساۋاقداش، بۈگۈن نېمىشقا دەرس ئوقۇمىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— تۈنۈگۈن مەكتەپتە تەنھەرىكەت يىغىنى ئېچىلغان ئىدى، شۇڭا بۈگۈن دەم ئالدۇق، — دەپ يالغان ئېيتتىم.

ئۇ مېنى تەقدىرلەپ:

— تۈنۈگۈن مۇسابىقىگە قاتناشقانسەن؟ قارا، شۇنچە ھارغان تۇرۇپمۇ يەنە دەم ئالاي دېمەي، خالىسانە ئەمگەك قىلغىلى كەپسەن، — دېدى.

مەن ئويلىنىپمۇ تۇرماي:

— ھېچ ۋەقەسى يوق! مەن چۆيلۈن توپ ئېتىشقا ئامراق، سىزگە يەر تازىلىشىپ بەرسەم بىلىگىمنىڭ كۈچى ئاشامدۇ؟ — دېدىم.

راستىنى ئېيتقاندا ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىشلىدىم، دۇكاننىڭ تاقىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قاپتىمەن. ئۇستامنىڭ يەرنى ئاخىرقى قېتىم تازىلىشىغا ياردەملىشەي دېۋىدىم، ئۇ، ئۆيگە قايتىپ كەتمىسەڭ ئاتا-ئاناڭ ئەنسىرەپ قالىدۇ، دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. خوشلىشىدىغان چاغدا ئۇ مەندىن قايسى مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىمنى، ئىسمىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپ تۇرۇۋالدى، خالىمىسامۇ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ماگىزىندىن چىققاندىن كېيىن، نېمىشقىمۇ ئېيتىپ بەرگەندىمەن دەپ خېلى ئۇزاققىچە

پۇشايمان قىلدىم.

بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ ئەتراپنى تاماشا قىلىغاچ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. كەيپىم خىلى ئازادە ئىدى. ماڭا ئۇيۇقتىكى كەچكى شەپەق ھال رەڭلىك بولدۇرگەن ماروژنىسىدەك، ستولىبىدىن يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوزۇلۇپ تۇرغان يىڭىچىچە يول چىراقلىرى ھىلىقى ماروژنىنى يەيدىغان چوڭ قوشۇقلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى، پىياك مۇئەللىم بىلەن جىدەللىشىپ قالغانلىقىم ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدىكى ئىشتەك تامامەن ئېسىمدىن كۆتىرىلىپ كەتتى...

پەلەمپەيدىن چىقىپ ئۆيىمىزنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەلگەندىلا، بوگۈن ئەھۋالنىڭ باشقىچىرەك ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. ئىشىك چىڭ يېپىلماپتۇ. ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا، ئاپامنىڭ ئېسەدەۋاتقان ئاۋازى بىلەن ۋۇ مۇدىرنىڭ تەسەللى بىرىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىسىڭىزدە بولسۇنكى، ئون ئۈچ ياش ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ياش، باللار مۇشۇ يېشىدا فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە جەھەتلەردە كۈچلۈك داۋالغۇشنى باشتىن كەچۈرىدۇ، ئۇلارنى ئاددىلا چۈشەنسەك ۋە ئۇلارغا ئاددىلا مۇئامىلە قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ، بولۇپمۇ سىياسى جەھەتتە ۋە ئەخلاق جەھەتتە ئۇلارغا زورمو-زور يەكۈن چىقىرىشتىن ساقلىنىش، بەلكى ئۆسمۈرلەر پسىخولوگىيىسىنى ئاز-تولا ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى توغرا ئىگەللەش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئۆزلىرىنى پەيدىن-پەي تونۇپ يېتىشكە ۋە تۈزىتىۋېلىشقا يېتەكلەش كېرەك، ئۇلارنىڭ بەدەن تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەنگە ئوخشاشلا، روھىي تازىلىقىنى ياخشى ئىشلىشىگىمۇ ياردەم قىلىشىمىز لازىم...

مەن ئارىلىقتا نەپەسىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئاڭلاپ تۇردۇم، راس-

تىنى ئېيتقاندا بۇ گەپلەرنى چۈشىنەلمىدىم، لېكىن تۇيۇقسىز ئىنتايىن تەسىرلەندىم. ۋۇ مۇدىرنىڭ گەپ-سۆزىنىڭ ئاھاڭىلا مېنى تەسىرلەندۈردى. شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى مەن بۇرۇن ئاڭلىغان ھەرقانداق سۆزلەردىنمۇ سىرلىق تۇيۇلدى...ئون ئۈچ ياش قورقۇنچلۇق! ئون ئۈچ ياش نىمە ئۈچۈن قورقۇنچلۇق؟ يەنە، روھىي تازىلىق دىگىنى نىمىدۇ؟

مېنىڭ كەلگىنىمنى ھەممىدىن ئاۋال دادام بىلدى، ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ ماڭا قارىدى، چىرايىدىكى ھىسسىيات ئېيتىپ بەرگۈسىز دەرىجىدە مۇرەككەپ ئىدى.

— ئۇ قايتىپ كەلدى، — دىدى دادام ئۆيدىكىلەرگە.

مەن دادامنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە كىردىم.

سافادا ئولتۇرغان ئاپام مېنى كۆرۈپلا قولىياغلىقى بىلەن بۇرنىنى ئېرتىپ، ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلاپ كەتتى. ئون ئۈچ ياشتا بولغىنىم ئۈچۈن ئۇ قورقۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟

ئۆيدە يەنە پېك مۇئەللىم ئولتۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ بۇغدىيىگى لىپىلداپ كەتتى، گويا مەن كېلىشنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ كانىيىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك، ئەمدىلىكتە ئۇ ئەركىن نەپەس ئالدى. قارىسام سومكام جوزىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. پېك مۇئەللىمنىڭ ئەپكىلىپ قويغانلىقى ئېنىق. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. باستى تۇرمىسىنى ئۇزۇل-كېسىل بۇزۇۋەتمىگەن بولسىمۇ بوپتىكەن، بىرەر ئېغىز ئۆيى قالغان بولسىمۇ مەيلىتتى، ئۇنداقتا ھەر ئىككىمىزنىڭ سۆزى توغرا بولۇپ چىقاتتى.

ۋۇ مۇدىرنىڭ چىرايىلا ناھايىتى خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى:

www.uyghurkitap.com

— سىنىڭ گېپىڭنى قىلىۋاتاتتۇق. راستىنى ئېيتسام، سەن تەتۈر گەپ قىلغاندا، مۇئەللىم ۋە ئاتا-ئاناڭ بىلەن گەپ تالاشقاندا، سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئانچە يامان ئەمەس. ھازىر سەن ئەينەككە قاراشقا ئامراقمۇ؟

— ئامراق، — دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ، — سىز نەدىن بىلىسىز؟

— مېنىڭمۇ ئون ئۈچ ياشلىق چاغلىرىم بولغان، — دېدى ۋۇ مۇدىر، — لېكىن مەن كۆپلىگەن چوڭ كىشىلەرگە ئوخشاش، بۇ مەزگىلدىن تېز-ئامان ئۆتۈپ كەتكەن. يەنە ئون ئالتە ياش بار. بۇ، فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە جەھەتتە داۋالغۇش ھەممىدىن قاتتىق بولىدىغان ئىككى مەزگىل. ئەينەككە قاراپ چىرايىڭنى تەكشۈرۈپ تۇرغانغا ئوخشاش، ئۆزەڭنى تونۇۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك. گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟

مەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ۋۇ مۇدىرغا، شۇنداقلا دادام، ئاپام ۋە پېڭ مۇئەللىمگە:

— ئانچە چۈشىنەلمىدىم. بىراق مەن ئون ئۈچ ياشقا كىرىشتىن قورقمايمەن! ماڭا ئىشىنىڭلار، ھېچ بولمىغاندا سىلەرنى ئەنسىرىتىدىغان بۈگۈنكىدەك ئىشنى ئىككىنچىلەپ قىلمايمەن! — دېدىم.

ئاپامنىڭ گېلىدىن كۈلگەندەكمۇ، ياكى يىغلىغاندەكمۇ، ئەيتاۋۇر تەسىرلەپ بەرگۈسىز بىر ئاۋاز چىقتى...

(«بېيجىڭ گېزىتى»نىڭ 1984-يىل 6-ئاينىڭ 7-ۋە 9-كۈندىكى سانلىرىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: دىلبەر ياقۇپ.

تەرجىمە مۇھەررىرى: رەقىپ ۋاھاپ.

# بۆرە ئوۋلاش

## يەن گورۇي



چوخەن تېغى دۇپ-دۇگىلەك كەچكى قۇياشنى تىرەپ تۇرماقتا، قىزىل شەپەق جۇلالاپ، ئەتراپقا گۈزەل تۈس بەرمەكتە. شەندەن قىز شەپەق ئازراق مىدىرلىسىلا، كەچكى قۇياش جىلغىغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى...

ۋونيۇلىڭ تېغىدىكى قارىغايلارنىڭ كۆپ-كۆك شاخلىرىغا ئالتۇن جىيەك تۇتۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەتراپ ناھايىتى سۈرلۈك، جىمجىت ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ يېنىدىكى يۇمشاق، ئىنچىكە ۋولا ئوتىنىڭ ئەۋرىشىمدەك يوپۇرماقلىرىمۇ مەجنۇندەك ئېگىلىپ قىمىر قىلماي تۇرۇشاتتى. كەچكى قۇياش، شەپەق، قارىغايلىق، ئوتلۇق، شۇنىڭدەك ئوتلار ئارىسىدا

www.uyghurkitap.com

ملتىق تۇتۇپ يوشۇرۇنۇپ ياتقان شەندەن قىز — پۇتكۈل كائىنات گۈگۈمدە قېتىپ قالغاندەك ئىدى.

پەقەت ئاۋۇ يوغان، قورقۇنچلۇق، ۋەھشى ۋە ھىلىگەر قېرى بۆرىلا قىزچاقتىن يۈز مېتىر يىراقلىقتا، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، ئەتراپتىكى شەپىلەرگە قۇلاق سالماقتا، بۇرنى بىلەن تىمىسقىلاپ، گاھ كۆككە، گاھ يەرگە كۆز تىكمەكتە، ئۆزىدىن ئون چىچە يىراقلىقتا ئۇڭدىسىغا ياتقان "ئۆلۈك" ئادەمگە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارىماقتا. ئۇنىڭ بىر جۈپ ياۋۇز كۆزلىرىدىن كۆكۈش ئوتلار چاقناپ تۇرماقتا. بۆرە كۈتمەكتە... يەردە ئۇڭدىسىغا ياتقان ئادەمنىڭ سەكرەپ قوپۇپ ئۆزى بىلەن ئېلىشىشىنى، ئۆزىنىڭ چىش ۋە تىرناقلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى سىنايدىغان پۇرسەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەكتە. ئۇ ئاخىر تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى! ئۇ كۈچلۈك ۋە ئۇزۇن پۇتلىرى بىلەن توختىماستىن يەرنى تاتىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھېلىقى "ئۆلۈك" ئادەمنى چۆرىدەپ ئايلىنىشقا باشلىدى، بىر قېتىم ئايلاندى، ئىككى قېتىم ئايلاندى...شەندەن قىزنىڭ مەيدىسىگە قاتتىق دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى...ئايلانمىنىڭ رادىئوسى ئون چىدىن بەش چىغا چۈشتى، بۆرە توساتتىن توختاپ قالدى، ئۇ گويا ئاسماندىكى رەڭدار بۇلۇتلارنى يىرىپ، يەر يۈزىدىكى قارىغايلىقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كۆككە تاقاشقان چوخەن تېغىنى لەرزىگە سالىدىغاندەك ئەلپاز بىلەن بېشىنى ئىگىز كۆتىرىپ ھۇۋلاپ تاغ جىلغىسىنى ياڭرىتىۋەتتى. شەندەن قىزنىڭ بەدىنى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى، ملتىقنىڭ تەپكىسىنى بېسىپ تۇرغان بىگىز قولىغا ھەممە كۈچىنى يىغىپ تۇراتتى، يەنە كىچىككىنە كۈچىسىلا ملتىق ئېتىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ چىرايى مەمنۇنىيەتلىك تەبەسسۇم تۇسىنى ئالدى. ئۇ

كۆڭلىدە: ”سەن ئۆلۈككە ئوخشاش يېتىۋېرەمسەن؟ يۈرىگىڭمۇ قاپتەك ئىكەن! قېنى كۆرۈپ باقايچۇ...“

بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى، بۇغچىلىق مەيدانىغا بارىدىغان يولدىكى كىچىك كۆلچەك يېنىدا، ھېلىقى جۇ جيەنجۈن دىگەن شورى قۇرغۇر ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن: ”شەندەن! ماڭا بۆرە تېرىسىدىن بىرنى سېتىپ بەرسەڭ قانداق؟ باشلىغىمىزنىڭ پاختىلىق شىمى بەك نېپىز، پۇتىنىڭ ئاغرىقى بار... قانچە پۇل ئالساڭ ئالغىن“ دىگەن ئىدى.

شەندەن مولۇننىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئۇنى يەۋەتكۈدەك بولدى. ئۇ مۇرىسىدىكى ئوۋ مىلتىغىنى قولىغا ئالدى — ئەلۋەتتە، جۇ جيەنجۈنگە بېرىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى—قولىدا دەڭسەپ كۆرۈپ، يەنە شارتتىدا مۈرىسىگە ئېسىۋالدى. ئىنساپسىز! شەندەن بۇغچىلىق مەيدانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئېيتقان ناخشىلارنى ئەركەك بۇغىلارغا ئېيتىپ بەرگەنمىدى؟ بۇغىغا قارايدىغان ئىتلارغا ئېيتىپ بەرگەنمىدى؟ سەن مېنىڭ ئۆيۈمدە تاماق يىگەندە، قاچاڭغا يۇمشاق پىشۇرۇلغان ئىلىك (كىيىكنىڭ بىر تۈرى)نىڭ پاچىقىنى ئۇسسۇپ بېرىلگەنلىگىدىن بىر نەرسە سەزمىدىڭمۇ؟ تېخى ئۇنىڭغا تاغ تۆۋىدىن سېتىۋېلىپ كېلىنگەن بىرمۇنچە كۈنجۈت مېيى ۋە ئۇۋاق زەنجىۋىللارنىڭ ئارىلاشتۇرۇلغانلىقىنى دىمەمسەن؟ ھەتتا، دادامۇ ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ: ”جيەنجۈن، بىزنىڭ چوڭ شىڭئەنلىڭنى قار ۋە مۇز قاپلاپ تۇرىدىغان يەر ئىكەن دەپ قالما، بىراق بىزنىڭ كەپىلىرىمىز ئىسسىق، ئادەملىرىمىزنىڭ قەلبى ئوتتەك. قارىغايلار مەڭگۈ كۆكىرىپ تۇرىدۇ، بۇلاقلار توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ، بۇ يەردە قېپقالغىن...“ دىسە، ئۇ ئەخمەق: ”باشلىغىمىز كەتسە،

www.uyghurkitap.com

مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كېتىمەن...“ دېگەن ئىدى.

سەن ھەقىقەتەن ئىلىككە ئوخشاش، قېرى ئىلىك سۇ ئىچىش ئۈچۈن قايسى يولغا باشلىسا، سەنمۇ شۇ يولدا ھەممىشە چېپىپ يۈرەتتىڭمۇ؟ مەن تېخى ئاۋۇ قېرىنى سېنىڭ داداڭ دەپ يۈرۈپتىمەن؟ ئەسلىدە ئۇ بوغچىلىق مەيدانىغا سۈرگۈن قىلىنغان جۇنجاڭ ئىكەندە، سەن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىدىن ئالمىشىپ كەلگەن ئىكەنسەن. ”باشلىق“؟ بۈگۈنكى كۈندە ئۇ پەقەت ساڭىلا باشلىق بولالايدۇ، ھەتتا قوتاندىكى چىشى بوغىنىڭ بىرەرسىگىمۇ ئىگە بولالمايدۇ.

ئەگەر سەن گەپنى چىڭراق قىلىپ، شەندەن ماڭا بۆرە تېرىسىدىن بىر پارچە بەر دەپ، مېنى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەكىلىشكە بۇيرىغان بولساڭ، ئېيىق، قاپلان تېرىلىرى تۈگۈل، ئەجدىھا تېرىسى لازىم بولغان تەقدىردىمۇ، قەيەردە بولسا شۇ يەردىن تېپىپ ئەكەلگەن بولاتتىم. بىراق، سەن سېتىپ بەر دېسەڭ ئەمەسمۇ، سېتىپ بەر...سېتىپ بەر! ماقۇل، مەن ساڭا سېتىپ بېرەي! دۇنيادا نۇرغۇن نەرسىلەرنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ...شەندەن يەرنى بىر تەپتى-دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئارقىغا قاراپ، ئاچچىقى بىلەن: ”يوغان بىر ئەر قىز بالىدىن بۆرە تېرىسى سېتىۋالامدىكەن؟ ئىزا تارتمايدىغان! تاغدا تولا نىمە ئۇ، بىگىسىڭ بولسا بېرىپ ئەكەلمەمسەن...“ دېدى.

ئۇ جۇ جيەنجۇننىڭ نىمە قىلارىنى بىلمەي بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇشىدىن مەمنۇن بولدى، خوش بولدى، بىر تال يوپۇرماقنى ئۈزۈۋېلىپ، ئاغزىغا سېلىپ ئىسقىرتىشقا باشلىدى...ئۇ شۇنى بىلەتتىكى، جۇ جيەنجۇنمۇ ۋە ئۇنىڭ ”باشلىقى“مۇ ”دىكتاتورا ئوبيېكتى“ ئىدى:

ئۇلار بوغچىلىق مەيدانىدا مىلتىق تاپالمايتتى. مەن دادامغا ھەتتا بۆرە تۇتىدىغان قاپقاننىمۇ بېرىپ تۇرماسلىق توغرىسىدا جېكىلەپ قويىمەن! ئۇنىڭغا بۆرە تېرىسى لازىم بولسا، يەنە مېنى ئىزدەپ كەلسۇن! ماڭا يېلىنىپ يالۋۇرسۇن... شەندەن خىرىلداپ كۇلدى، تېخى ئوتلاقتا دومىلىۋالغۇسىمۇ كېلىپ كەتتى. شۇ چاغدا، مەن ئۇنى قويۇق ئورمانلىققا باشلاپ كىرىپ، ئىزىقتۇرۇپ قويىمەن-دە، ئۆزەم مۆكۈۋالىمەن، ئورمانلىقنى قاراڭغۇلۇقنىڭ پەردىسى قاپلاپ، قىزىل قارىغاي، ئاق قېيىننىمۇ پەرق ئەتكىلى بولماي قالغان چاغدا، سېنىڭ شەندەن، دەپ گېلىڭ يىرتىلغۇدەك توۋلىغىنىڭنى كۆرەي....

ئويلىغان يەردىن، جۇ جيەنجۇن قۇرۇق قولى بىلەن بۆرە تۇتۇش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز كېلىپ قالدى.

چوخەن تېغى ئاستىدىكى جىلغىدىن كۆتىرىلگەن تۇمان، بىر توپ ئاتلىق ئادەمنىڭ ئايىغىدىن كۆتىرىلگەن چاڭ-توزاڭغا ئوخشاش، ۋونيۇلىڭ چوققىسىنى قاپلاشقا باشلىدى. ئالتۇن جىيەك تۇتۇلغاندەك رەڭدار، كۆركەم تۇس ئالغان قارىغاي شاخلىرى بىر دەمدىلا باشقىچە رەڭگە كىرىپ قالدى. شەندەن ئېچىشقان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، كۆزىنى قولى بىلەن ئۇۋۇلاش ئويىدىن ۋازكەچتى. ئۇ قوش تىغلىق ئوۋ مىلتىغىنى باشتىن-ئاخىر ھىلىقى بۆرىگە قارىتىپ بەتلەپ قويغان ئىدى، ئەگەر ئۇ بىگىز قولىنى مىدىرلاتسىلا، بۆرە تىك موللاق چۈشەتتى.

بۆرە ئايلىنىشتىن توختىدى، ئۇ گويا بىر رازۋېتكىچىغا ئوخشاش بېشىنى كۆتىرىپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى، ئەتراپىنى بىر پەس كۈزىتىپ بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتىپ، ئالدىنقى سول پۇتىنى كۆتىرىپ، خۇددى "خەير-خوش! مەن كەتتىم، سەن

ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋېلىپ باشقا بۆرىلەرنى ئالدىيالىغىنىڭ بىلەن، مېنى ئالدىيالمايسەن، مەن كەتتىم...» دەۋاتقاندەك ئارقىغا بۇرۇلدى-دە، تۇمان بىلەن قاپلانغان چوخەن تېغىغا كۆز تىكىشكە باشلىدى.

شەندەندە كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان بىر تۈرلۈك ھىسسىيات پەيدا بولدى، ئۇنىڭ بۇ بۆرىنى راستلا قويۇپ بەرگۇسى يوق ئىدى، ئۇ بۆرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى، يەردە ياتقان كىشى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىشىنى ئۈمىت قىلاتتى. كەچ كۈزكۈنلىرىنىڭ ھاۋاسىدا، ئۇنىڭ چېكىسىدە ئىككى تال مونچاقتەك تەر تامچىسى پەيدا بولغان ئىدى، بىگىز قولىمۇ تارتىشىپ قالغان ئىدى، ئۇ، بۆرە قاچسىلا ملتىقنى ئېتىش نىيىتىگە كەلدى.

بىراق، بۆرە قاچمىدى، ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى ئۇزىتىپ، ساغرىسىنى چوخچايتىپ كېرىلدى، قۇيرۇغىنى شىپپاڭشىتتى-دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا ياتقان ئادەم ئۈستىدىن بىر سەكرەپ ئۆتۈپ، بەش چى يىراقلىققا چۈشتى.

دىگەندەكلا، بۆرە ئاشۇنداق سەكرەپ، ياتقان ئادەمگە بارغانسىرى يېقىنلاشتى، بارغانسىرى پەس سەكرەشكە باشلىدى...

شەندەننىڭ دادىسى ئۇنىڭغا بۇنداق بۆرە ئوۋلاش ئۇسۇلىنى بىرقانچە قېتىم سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: بۆرە دائىم كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان بىر يەردە سوغاق ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغان ئادەمدەك يېتىۋالغاندا، بۆرە كېلىپ ئاۋال ياتقان ئادەمنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ، ئاندىن ئۈستىدىن سەكرەشكە باشلايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئۇ ئادەمنى پۇراشقا باشلايدۇ... بۆرە تەييارلىقسىز تۇرغان مانا مۇشۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياتقان ئادەم پىچاق بىلەن بىردىنلا ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىشى مۇمكىن، ئەگەر ئۇ ئەركەك

بۆرە بولسا، ئۇنىڭ تاشقىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇۋالسا، تېخى ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن.

شىڭئەنلىڭدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ھەتتا ئېيىق، يىلپىزلارنى ئۇۋلاپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم بۇنداق ئۇسۇل بىلەن بۆرە تۇتۇپ باقمىغان. خەنجەردەك ئۆتكۈر چىشلىرى بار بىر ۋەھشى مەخلۇق سىپسىق پۇراقلار گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان سەت بۇرنى بىلەن سىزنىڭ بۇرنىڭىزنى پۇراۋاتسا، سەن قىمىر قىلماي ياتالامسەن؟ شەندەن تۇغۇلغاندا، ئىشىك ئالدىدىكى ئاق قىيىن يوق ئىدى، ھازىر ئۇ يوغىناپ ئادەم يوتىسىدەك بولۇپ قالدى، مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگىچە ئۇمۇ ئۇنداق بۆرە تۇتقانلارنى كۆرۈپ باقمىغان. شەندەن شىشەن تېغىدا ئادەمگىيا بالا بار دېگەن سۆزگە ئىشەنسە ئىشىنىدۇكى، بىراۋنىڭ ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋېلىپ بۆرە تۇتالىشىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇنداق ئۇسۇل بىلەن بۆرە تۇتۇپ باققانلار موڭغۇللار ئىچىدىمۇ يوق، ئېلۇنچۇنلەر ئىچىدىمۇ يوق، ئۇنىڭ دادىسىمۇ پالانى ئاشۇنداق بۆرە تۇتۇپ باققان دەپ كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

شۇنداق ئەمەسمۇ! بۆرىنى ئۇنداق تۇتقانىنىڭ پايدىسى نىمە؟ بۆرە ئۇۋلايمەن دىسەڭ، تۇزاق قۇرساڭمۇ بولىدۇ، قاپقان قويساڭمۇ بولىدۇ، ئوقيا بىلەن، ئوۋ مىلتىغى بىلەن ئاتساڭمۇ بولىدۇ، ئىشقىلىپ تاغمۇ-تاغ، ئورمانمۇ-ئورمان، چاتقاللىقمۇ-چاتقاللىق، سازلىقمۇ-سازلىق بىر كېزىپ چىقساڭلا يېرىم ئوۋچى ھېساپلىنىۋېرىسەن-دە.

چوڭ شىڭئەنلىڭلىكلەر ساددا-تۈز، مەرت ھەم باتۇر كېلىدۇ، ئەگەر سەن قوتاندىكى بوغىلارنىڭ سانىنى دەپ بېرەلمەسەڭ مەيلى، بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق، يەردىكى ئىزنىڭ قايسى ھايۋاننىڭ ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلمەسەڭ بولمايدۇ. ئىسمىڭنى ئوڭلاپ يازالمىساڭ

www.uyghurkitap.com

ھېچكىمنىڭ كارى يوق، ياۋا چوشقا ۋە بۆرە ئوۋ قىلىپ كېلەلىسەڭ، ئايالىلارچىلىكمۇ بولالمايسەن، قىزلار ساڭا تەگمەيدۇ. ھەممىدىن باتۇر ئوۋچى ھەممىدىن كۆپ كىلىشكەن يىگىت ھېساپلىنىدۇ.

شەندەن جۇ جيەنجۇنىڭ جۇنجاڭنىڭ ئىلكىدىكى مۇھاپىزەتچىسى ئىكەنلىكى، بۇگۇنكى كۈندە بولسا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ باشلىغا خۇددى بالا دادىسىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنۈپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قەلبىدە بىر تۇرلۇك مۇھەببەت بىخ سۇرۇشكە باشلىدى، بۇ قەلب ساپ قەلب ئىدى. بىراق، ئۇ ئىچكىرىسىدىن كەلگەن بۇ خەنزۇدا ئوۋچىلارغا خاس چەبدەسلىك ـ باتۇرلۇق كەم ئىكەن. دەپ بىرنەچچە قېتىم ئەپسۇسلانغان ئىدى. جۇ جيەنجۇن ئۆزىنىڭ يۇرتى بولغان ساڭجۇدا غايەت زور تۆمۈر شىرنىڭ بارلىغى توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ بەرگەن ئىدى... شەندەن ئۇنىڭ ئېيىقتىن بىرنى ئوۋلاپ، شىكئەنلىكىدىكى ئوۋچىلاردىن بولۇپ قېلىشىنىلا ئۈمىت قىلاتتىكى، تۆمۈر شىرنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. ئۆزىنىڭ سۆيگەن كىشىسىنىڭ قۇسۇرسىز ـ نۇقسانسىز بولۇشنى خالىمايدىغان كىم بار دەيسىز؟ كىشىلەر بىر قىرغاۋۇل تۇتسىمۇ، ئۇنىڭ قۇيرۇغىنى ساناپ كۆرىدۇ ـ تېخى!

ھازىر ئۇ بۆرە ئوۋلىغىلى كەلدى! يەنە كېلىپ، ئۇ ئوۋچىلار قوللانمايدىغان باشقىچە بىر خىل ئۇسۇل بىلەن ئوۋلىماقچى بوپتۇ، ئەگەر ئۇ بۇ ئۇسۇل بىلەن، ھەقىقەتەن بۆرىدىن بىرنى تۇتالىسا، شەندەن ئۇنىڭغا تېگىدۇ، بۇنىڭ غىدىك ـ پىدىك قىلىدىغان نىمىسى بار. بۇنى كۆرگەن دادىسى فۇيۇ بازىرىنىڭ لاۋجيۇ ھارىغىنى ئىچكەندىنمۇ بەك خوش بولۇپ كېتىدۇ.

ھىلىقى بۆرە ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا سەكرەپ يۇرۇشنى توختىتىپ،

يەردە ياتقان ئادەمنىڭ پۇتىنى پۇراشقا باشلىدى، شەندەنىنىڭ كاللىسىغا توساتتىنلا: ئوق چىقىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيمۇ-يە، دىگەن خىيال كەلدى. كىم ئۇ بۆرىنى توساتتىن ئاغزىنى ئېچىپ، ياتقان ئادەمنى چىشلىۋالمايدۇ دىيەلەيدۇ؟ ياتقان ئادەم ئازراقلا مىدىرلاپ قويىدىمۇ. بولدى، بۆرە كاپ قىلىپ ئۇنىڭ پۇتىدىن بىر ئالىدۇ، بۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۇ ئادەمگە يېتىپ ئاشىدۇ.

شەندەن مىلتىقنى بىر دەم بۆرىنىڭ گەۋدىسىگە، بىر دەم بېشىغا تەڭلەپ، ئارىسالدا بولۇپ قىلىپ، مىلتىقنىڭ ئاغزىنى زادىلا توغرىلىيالماي قالدى. ئۇ يەردە بەك ئۇزۇن يېتىپ كەتكەچكە، قوللىرى جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۇيۇشۇپ قاپتۇ! كۆزلىرىمۇ تورلىشىپ كېتىپتۇ! بۇنداق ئەھۋالدا ئوقنى قانداقمۇ جايىغا تەككۈزگىلى بولسۇن؟ ئوق تەگمەي قېلىپ بۆرە قېچىپ كەتسە، شەندەن قانداقمۇ باشقىلارنىڭ يۈزىگە قارىيالايدۇ؟ ئەگەر مىلتىق پەسكىرەك ئېتىلىپ قېلىپ، پىتىر (چاچما ئوق) ئۇچۇپ بېرىپ ياتقان ئادەمگە تېگىپ كەتسىچۇ؟ ياﺋاللا... شەندەن بۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ.

بۆرە ئۇ ئادەمنىڭ پۇتىنى بويلاپ پۇراپ كېلىشكە باشلىدى. قۇيرۇغىنى ئاستا-ئاستا شىپاڭشىتىپ، تۇيۇقسىز ئالدىنقى بىر پۇتىنى كۆتەردى-دە، ياتقان ئادەمنىڭ قوسىقىغا قويدى، چىشلىرىنى ھىجايتىپ ئۇنىڭغا خىرسىندى. شەندەن ئۇشتۇمتۇت بەزگەك بولۇپ قالغاندەك، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىقمۇ تىترەپ كەتتى، ئۇ يا بۆرىنى قارىغا ئالالماي، يا ئوق چىقىرالماي. ياتقان ئادەمنىڭ — ئوۋچىلىق تەجرىبىسى بولمىغان جۇجيەنجۇننىڭ بۆرە بىلەن يەككمۇ-يەككە ئېلىشىشىنى بىرچەتتە تاماشا قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر

بولدى.

شەنـدەن پۇشايمانـنى ئالغـلى قاچا تاپالـماي قالـدى! ئۇنىڭ
كۆزلىرىدىن مونچاق-مونچاق ياشلار تاراملاپ ئېقىپ، ئۇتلار ئاستى-
دىكى نەم يەرگە چۈشمەكتە ئىدى، قولاشماي قالغان قوللىرى
ئاتالماي قالغان ئۇۋ مىلتىغىنى ئاستىدىن تىرەپ تۇراتتى.

بۇ يەردىن نېرىراقتا نامسىز بىر ئېرىق بار ئىدى، بۇ ئېرىقنىڭ
نومىن دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزى قاچاندىدۇر ۋە نىمە سەۋەپتىن-
دۇر لاتقىلار بىلەن توسۇلۇپ قېلىپ، بىر سازلىق ھاسىل
بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ سازلىقنىڭ سۈيى تېيىز ئىدى، مانا شۇ ساز-
لىقنىڭ سۈپ-سۈزۈك سۈيى ئاستىغا كۆتۈلمىگەن يامانلىقنىڭ ئالامەت-
لىرى يوشۇرۇنغان ئىدى. شەندەن قىز شۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن
ئىدىكى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇيناقلاپ چېپىپ كېتىۋاتقان بىر
بۇغا موزىيى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە مۇشۇ سازلىقتا كۆزدىن غايىپ
بولدى، سۇ يۈزىدىكى دولقۇن كەينى-كەينىدىن ئەتراپقا تارقالغان-
دىن كېيىن، سازلىقنىڭ سۈيى ناھايىتى تېزدىنلا مېھرىۋان مومايىنىڭ
يۈزىدىنمۇ ئىللىق تۈس ئالدى. كەڭ ئورمانلىقتا پەقەت ئانا بۇغىنىڭ
ھەسرەتلىك زارىلا يۈرەكنى ئېزەتتى، ئەكس سادا قايتۇراتتى...
خوشال بولۇش، ھەسرەت چېكىش، ھايات ياشاش، ئۆلۈش كۆزنى
يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك بولغان ۋاقىت ئىچىدىلا يۈز بېرىپ ئۆتتى،
گويا ھىلىقى ئوماق بۇغا موزىيى بۇ دۇنيادا پۈتۈنلەي مەۋجۇت بولۇپ
تۇرمىغاندەك ئىدى.

بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال قانداقىسىگە شەندەننىڭ ئېسىگە كېلىپ
قالدى؟ نىمە ئۈچۈن بۇ ئەھۋال بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشۈپ
قالدى؟ بۆرە جۇجيەنجۈننىڭ يۈزىنى پۇراۋاتىدۇ! ئىش تامام،

ئۇ نەپەسمۇ ئالماي، يۈرىگىمۇ سالماي، كىرپىگىنى مىدىر قىلىپمۇ قويماي قانداقمۇ ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئۇ مىدىر قىلىپ قويدىمۇ، بولدى، بۆرە كاپ قىلىپ بىر چىشلەپلا ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، ئىككى يالماپلا بېشىنى يۇتۇۋېتىدۇ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىر تال سۆڭىكىنىمۇ قالدۇرمايدۇ، يەردىكى قانلارنىمۇ پاك-پاكىز يالاپ تۈگىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن جۇجيەنجۇن بۇغا موزىيىغا ئوخشاش كۆزدىن غايىپ بولىدۇ، ئىش تامام، ۋەسسالام... بۇنداقتا مېنىڭ يەنە ياشاۋېرىشىمنىڭ نىمە مەزىسى بار؟ بۆرە مېنىمۇ يەپ تۈگەتسۇن!

مەن نىمىدىگەن ئەخمەق-ھە! ھەقىقەتەن ئەخمەق، نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنى بۆرە ئۇۋلاشقا مەجبۇر قىلىمەن؟ ئۇنىڭ بۇنچىۋالا يۈرەكلىك ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟ سەن بۆرىنىڭ ئادەم يەيدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭ؟ ئۇنىڭ چىشى بار تۇرسا، كالا تېرىسىنىمۇ بىر چىشلەپ يىرتىۋېتىدۇ.

ئۇ نىمىدىگەن ئەخمەق-ھە! ھەقىقەتەن ئەخمەق، ئۇ ئىلىككە ئوخشاش ھېچنىمىنى سېزەلمەيدىكەن، ئۇ شەندەنىنىڭ ئۆزىگە بۆرە تېرىسى بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھىلىقى پۇتى يارىلانغان قېرىغا ئاتاپ ئۆيىدە بۆرە تېرىسىدىن ئىشتان تىكىۋاتقانلىقىنى، شەندەنىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ يەنە كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئوخشايدۇ؛ بۆرە تېرىسى سېتىۋېلىش... شەندەن بۇ ئىشقا بۇرۇنلا پۇشايمان قىلدى، ئەمدى ھەرگىز ئۇنى سىلكىمەيدۇ، بىراق يەنە چاخچاقنى قىلىۋېرىدىغۇ: ئەللىك مىڭ يۈەنگە ساتىمەن، سەندە شۇنچىلىك پۇل بارمۇ؟ يېرىم پۇڭغا ساتىمەن، بىراق ماڭا ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىنغان تەڭگە لازىم ئەمەس،

www.uyghurkitap.com

سەن تېپىپ كېلەلەمسەن؟ ھى، ھى، ھى! ئەسلىدە شەندەنگە پۇل ئەمەس، ئۇنىڭ قەلبىلا لازىم ئىدى... ۋىيەي! بۇ گەپنى قانداقمۇ ئېغىزدىن چىقارغىلى بولسۇن؟

ئىشتانمۇ پۇتۇپ قالدى، بىراق ئۇ تېخىچە كەلمىدى، شورى قۇرىغۇر! ئۇ چوقۇم مەندىن خاپا بولۇپ، مېنى يامان كۆرۈپ قالغان، بىزنى پىخسىق ئىكەن، بۇغىچىلىق مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا مۇشۇ بىرلا ئۇۋچى ئائىلىسى بارلىقىدىن پايدىلىنىپ يوغانچىلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك... ئىشتاننى ئۆزەم ئاپىرىپ بېرەيمۇ-يە، لېكىن ئاپارساممۇ ئۇنىڭغا بەرمەي، ھىلىقى "جۇنجاك"قا بېرەمەن. خەپ قاراپتۇر... شەندەن تېرە ئىشتاننى ئۇبدان قاتلاپ، ئاق گۈللۈك سۆسۈن رەڭ ياغلىققا ئورىدى، يۈزىنى يۇدى، چېچىنىمۇ چىرايلىق تارىۋالدى، يۈزىگە ماي سۈردى، بۇ ماي ئانىسى بار چاغدا سۈرىدىغان بورسۇق مېيىدىن كۆپ ياخشى ئىدى.

ئۇ ئىشتاننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، يەنە ئارقىغا قايتىپ بېرىپ ئەينەككە قاراپ ئاناردەك قىزارغان يۈزلىرىگە قاراۋاتقاندا، ھويلىدا بىرسىنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى، ۋىيەي، ئۇ كەلدىمۇ نىمە! شەندەن دەرھال قولتۇقىدىكى ئىشتاننى كاڭغا تاشلاپ، ئۈستىنى بىر پارچە تېرە بىلەن ياپتى-دە، قولى بىلەن چېچىنى ئازراق چۇۋۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، كۆرمىگەنگە سېلىپ، ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

بىراق، ئۆيگە دادىسى كىرىپ كەلدى، ئۇ شەندەنگە تاغ ئاغزىدا جۇ جيەنجۇننى ئۇچراتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن نىمە ئىش قىلىپ يۈرىدىسەن دەپ سورىسا، دۇدۇقلاپ ھېچنىمە دېمىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

شەندەن دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولا ـ بولمايلا، مىلتىقنى مۈرىسىگە ئېسىپ چىپىپ چىقىپ كەتتى، ئۇ جۇجىيەنجۇڭگە يېتىشىۋې-لىپ، ئۇنى ئوغرىلىقچە قوغدىماقچى، جۇجىيەنجۇن بۆرىدىن بىرنى ئوۋلاپ بولغاندىن كېيىن سەزدۈرمەستىن قايتىپ كەلمەكچى ئىدى... شەندەن جۇجىيەنجۇننىڭ ھىلىقىدەك ئۇسۇل بىلەن بۆرە تۇتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شىڭگىلىك بويىچە ھەممىدىن باتۇر يىگىت بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ ئۈمىت قىلدى، ئەلۋەتتە. بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ قولى ئۇيۇشۇپ، كۆز-لىرى تورلىشىپ مىلتىقنى ئاتالمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتتى ـ دە، ئوقنى تەككۈزۈشكە ئىشەنچ قىلالمايلا قالدى.

شەندەن ئاخىرى شۇنى چۈشەندىكى، ئىچىدىن ئۆمۈچۈكنىڭ چىقىپ تۇتۇۋاتقىنىغا ئوخشاش جانلىق كارتىنىلار كۆرۈنۈپ تۇرىدى-غان كەھرىۋانى تېپىۋالغانلىقىنىڭ ئۆزى گۆھەر تېپىۋالغانلىق بولدى. كەھرىۋانى چېقىپ پارچىلاپ، ئۆمۈچۈكنىڭ يېشىنى تېپىپ چىقمەن، تاشقا ئايلانغان دېڭىزقاينىڭ قاتتىقلىقىنى سىنايمەن دەپ ئولتۇرۇش-نىڭ ھاجىتى يوق. جۇجىيەنجۇننىڭ بۆرە ئۈستىدىن ئاتالاپ ئۆتۈپ يۈرىشمۇ قورقماي ئۈچ مىنۇتقىچە يېتىشىنىڭ ئۆزى يېتىپ ئاشىدۇ. نىمىشقا ئوق چىقارمىدىم؟ ئۇنىڭدىنمۇ پىششىق يانى تارتىپ ئۈزۈۋ-ۋەتكىلى بولامدىكىن تاڭ؟

بۆرە جۇجىيەنجۇننىڭ يۈزىنى پۇراپ، بۇرنىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا تەگكۈزدى. بۆرىنىڭ ئاغزى بىلەن ئەجەللىك يەر ـ كىكىرتەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ سۇڭلا ئارىلىق قالدى. شەندەن كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزىنى يۇمدى، يۈرىكىمۇ گويا سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى. شۇنىسى ئۇنىڭغا ئايانكى، ھازىر ئوق چىقىرىشقا زادىلا

بولمايدۇ، ئۇقنى بۆرىگە تەككۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ مەخلۇق ئۆلۈش-تىن ئىلگىرى كاپلا قىلىپ ئالىدۇ-دە، ئادەممۇ ساق قالمايدۇ.

بىچارە چوخەن تېخى تۆۋەندىن كۆتىرىلگەن قويۇق تۇمانغا ئاستا-ئاستا يەم بولماقتا ئىدى. شەندەننىڭ بۆرە بىلەن ئادەمنىڭ ئەقىل-پاراسەت ۋە باتۇرلۇق سىنىششىنى داۋاملىق ئېنىق كۆرۈ-ۋېلىشىغا ئامال بولماي قالدى. ئۇ ئوت ئۈستىدە يېتىپ تۇرۇپ، دۇنيادا بۆرىنى ئۆزىنىڭ يېنىغا جەلپ قىلىپ كېلىش ئامالىنىڭ بار-يوقلۇغى ئۈستىدە ئويلاندى. ئۇ ئەمدىلا شۇنى ھىس قىلدىكى، ھىسسىياتنى ئالدىغىلى بولمايدۇ، باشقىلارنى ئالدىغىلى بولغان بىلەن، ئۆزىنى ئالدىغىلى بولمايدۇ، ئۇ جۇ جيەنجۈننى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا سوغاق مۇئامىلىدە بولىدۇ؟

— شەندەن! سەن دائىم بۇغىچىلىق مەيدانىدا يۈرىسەن، ھېلىقى كۈلىلىقتا تەگمەكچىمۇ نىمە؟ — ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن قىپ-قىزىل قىزىرىپ كەتكەن دادىسى بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى بىر ئاخشىمى ئۇنىڭدىن ئاشۇنداق دەپ سورىغان ئىدى.

— دادا — تولا گەپ قىلمىغىنە!

— ھا، ھا ھا... بوپتۇ مەن گەپ قىلماي، مېنىڭ قىزىمنىڭ كۆزى بار، ماڭ، ئۇنى بىزنىڭ ئۆيگە چاقىرىپ كەل...

— مەن زادىلا بارمايمەن، — شەندەن ئىزا ئارىلاش ئاچچىق-لاندى-دە تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئۇراستىنلا جۇجيەنجۈننى چاقىرغىلى بارمىدى، شەندەن ھامان ئۇنىڭدا نىمىدۇر بىرنىمە كەمچىلدەك ھىس قىلاتتى، بەلكىم شىخئەنلىكلىكلەرگە خاس باتۇرلۇق ۋە چەبدەسلىك كەم بولسا كېرەك، ھازىر شەندەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇلارنىڭ بارلىغىنى سەزدى، بىراق ئۇ بەك كېچىكىپ قالغان ئىدى.

بۆرە بېشنى كۆتىرىپ، يەردە ياتقان ئادەمگە پۈتىدىن بېشىغىچە بىر قۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىگى، ئۇنى يېيىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىغى ئۈستىدە بىر قارارغا كېلىپ، يېيىشكە تەمشەلدى. شەندەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئاغزىنى ئاچتى ـ دە، مەن بۇنداق يۈرەكسىز ساقلاپ نىمە قىلىمەن، بولدى، ئۇنى يۇلۇپ ئېلىپ مۇشۇ ئوتلاققا تاشلىۋېتەي، سازلىققا تاشلىۋېتەيچۇ! دەپ ئويلىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالغا بىر مىنۇتمۇ چىداپ تۇرالماي، مەيلى نىمە بولسا بولسۇن، بۆرىگە ئوق ئېتىپ، ئاندىن ياتقان ئادەمنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىش... قارارىغا كەلدى.

شۇ ئەسنادا، بىر ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئاڭلاندى، بۆرە يىقىلىپ، ئادەم ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بۆرىنىڭ بوينىغا دەسسىدى.

شەندەننىڭ مىلتىغى پاڭ ـ پۇڭ قىلىپ ئېتىلدى، بىراق ئۇ ئاسمانغا قارىتىپ ئاتقان ئىدى، ئۇ ھەممە خەتەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىگىنى بىلىپ، خوشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇ مىلتىغىنى تاشلاپ، ئىككى قولىنى كىرىپ، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان جۇ جيەنجۇنگە قاراپ يۈگۈردى، بىراق، ئۇنىڭغا يىگىرمە ـ ئوتتۇز مېتىرچە قالغاندا، نىمە سەۋەپتىندۇر ئارقىسىغا قايرىلىپ، يىغلىغان پېتى قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى قۇلىغىنىڭ ئارقىسىدا لەپىلدەيتتى، ئۇ لېۋىگە ئېقىپ چۈشكەن ياشلىرىنى يۈتۈۋېتىپ، جۇ جيەنجۇننىڭ ئارقىدىن ياڭراق ئاۋاز بىلەن "شەندەن" دەپ توۋلىغانلىغىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئۇ قايتىپ بېرىش ـ بارماسلىق توغرىسىدا بىر يەرگە كېلەلمەي، ھارغىن ھالەتتە ئوت ئۈستىگە يىقىلدى...

**[ئاپتور ھەققىدە]** يەن گورۇي، ئەر، 1949 ـ يىلى تۇغۇلغان، خېبېي

www.uyghurkitap.com

ئۆلكىسىنىڭ سۇنىڭ ناھىيىسىدىن. ئۇ 1966 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يېزىسىغا قايتىپ دېھقانچىلىق قىلغان، خېيلوڭجياڭ قاتار- لىق ئۆلكىلەردە ياغاچچىلىقمۇ قىلغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1981 ـ يىلدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغۇنجان سۇلتان.
تەرجىمە مۇھەررىرى: رەقىپ ۋاھاپ.

ئىجادىيەت بەربىر ئىجادىيەت، بۇنىڭدا خەق نىمە دېسە شۇنى دېگىلى، خەق ماڭغان يولدا ماڭغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتىكى غەلىتە مىجەزىم بار، ئۇ بولسىمۇ باشقىلار يېزىپ بولغان نەرسىنى زادى قايتىلىغىم كەلمەيدۇ.

— جاۋ شۇلى.

# ئوقۇش پۈتتۈرۈش رەسىمدە قالغان خاتىرىلەر

## زىلڭ گوۋىي

ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا سىنىپ بويىچە چۈشكەن بىر پارچە رەسىمنى ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. بۇ رەسىمنى كۆرسەملا، ئانا مەكتىۋىمىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆكۈش دەرۋازىسى، ئاسمانغا تاقاشقىدەك قەد كۆتىرىپ تۇرغان ئېگىز كۇتۇپخانىسى، قاتار-قاتار كەتكەن ياتاق بىنالىرى، كەڭ كەتكەن تۈپ-تۈز تەنتەربىيە مەيدانى، تىپ-تىنچ مەكتەپ باغچىسىنىڭ ئەگرى-بۈگرى يوللىرى، كىچىك كۆۋرۈكلىرى، ئېقىن



www.uyghurkitap.com

سۇلىرى، ياپ-يېشىل قارىغاي، قويۇق ئۆسكەن بامبۇكلىرى، مەجنۇن تاللىرى... شۇ زاماتلا كۆز ئالدىمدا نامايان بولدۇ. بۇ بىر مىڭ تۆت يۈزدىن ئارتۇق كۈنلەر ۋە تۈنلەر ماڭا نەقەدەر ئۇنتۇلماس قىممەتلىك ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان-ھە!

...بىرىنچى رەتنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغىنى پىشقەدەم مۇدىرىمىز، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە مەشھۇر پىشقەدەم ماتېماتىك: چاچلىرى چۈشۈپ پايىنەكۋاش بولۇپ قالغىنى بىلەن، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى بىلىم، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر ئېلېكتىر مىڭىگە تەڭ كېلىدىكەن. پىشقەدەم مۇدىرنىڭ يېنىدا رەت بويىچە قاتار ئولتۇرغىنى پروفېسسور گۇ جى، گو تيەنمىڭ، شيا چىشياڭ، ليۇ شياگىرپىنلار ئىدى،... ۋە ئىككىنچى رەتتە ئۆرە تۇرغان لېكتور، ئاسسىستېنتلار مۇبىر ئالدىراش-چىلىقتا ۋاقىت چىقىرىپ شاگىرتلىرى بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەن ئىدى. تۆت يىلدىن بۇيان، ئۇستازلىرىمىز يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ، ھەم سۆزى، ھەم ئەمەلىيىتى بىلەن تەربىيە بېرىپ، بىزنى ئىلىم-پەننىڭ مۇقەددەس سارىيىغا باشلاپ كىردى. ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇكى، بىر كۈنى قەدىمىي خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىدىغان شيا مۇئەللىم دەرسنى سۆزلەپ بولۇشىغىلا ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى، بايا ئۇ كېسەل تۇرۇپ مۇنبەرگە چىققان ئىكەن!... بۇ نېمە دېگەن قەدىردان ئۇستازلار-ھە! رەسىمگە قاراپ تۇرۇپ، ئىختىيارسىزلا كۆزۈمگە ئىسسىق ياش ئالدىم.

تۆت يىل بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەنىۋاسى ياشلىق كۆكرەكلىرىنى كېرىپ تۇرماقتا. قاراڭ، يېنىمدا تۇرغان دوغىلاق ۋاڭ بىڭنىڭ نوچىلىغىنى، ئۈچۈسىغا گېنېراللار كىيىدىغان سېرىق دىراپتىن پېتى بۇزۇلمىغان بىر قۇر كىيىم كىيىۋالغان، گوياكى

ھىلىلا گېنېراللىق ئوردىن لېنتىسى ئېسىۋالغان ناپولېئوندەك، گىدى-يىپ تۇرۇپ كەتكىنىنى! ئۇ كىچىك تۇرۇپلا ئالى مەكتەپنى پۈتتۈردى. يېقىن دوستۇم سۇك چاڭمىڭ توخۇ ئارىسىغا كىرىپ قالغان تۇرنىدەك مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دارازا، سۇك شىشۇڭ① دىگەن ئىككى لەقىمى بار. ئۇنىڭ بويى بىر مېتىر سەكسەن بەش سانتىمېتىر، ئېغىرلىغى بولسا ئاران ئەللىك يەتتە يېرىم كىلوگىرام كېلەتتى، "دارازا" دىگەن لەقەم ئۇنىڭغا بەك لايىق كېلەتتى. ئۇنى "سۇك شىشۇڭ" دەپ ئاتاشنىڭ سەۋىۋى ئىككىلىسىنىڭ پەملىسى سۇك بولغانلىغى ئۈچۈن ئەمەس، چىراي-تۇرقىغا كەلسەك، ئۇ "دىكتور چولپىنى" سۇك شىشۇڭنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. سۇك شىشۇڭ ياپىلاق يۈزلۈك، قارا قاش، شەلا كۆزلۈك بولۇپ، كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ لىما شەھرىدىكى ئاممۇئۇدا تەنتەربىيە سارىيىنىڭ دىكتورلار سۇپىسىدا ئولتۇرسا، ئۇنى بەكمۇ كېلىشكەن ئادەم دىيىشكە بولاتتى. سۇك چاڭمىڭچۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن تەن قۇرۇلۇشنى "ئۇزۇن" دىگەن بىرلا سۆز بىلەن تەسۋىرلەشكە بولاتتى، ئۇنىڭ قولى ئۇزۇن، پۇتى ئۇزۇن، يۈزىمۇ سوزۇق بولۇپ، ئۈچ چى تۆت سۇك ئۇزۇنلۇق-تىكى شىم ئۇنىڭ ئوشۇغىنىمۇ ياپالمايتتى. بۇ غوجام تەنتەربىيە خەۋەرلىرى ئۈستىدە تەقرىز قىلىشقا بەكمۇ ئامراق ئىدى: رۇڭ جىشىگنىڭ توپنى پۇتى بىلەن ئېلىپ ئارقىسىغا تېپىشلىرى، ۋۇ شىن-شۈينىڭ ئارىدا ۋاستە بولۇپ بېرىشلىرى، بېكىنبولنىڭ روناق تېپىش تارىخى، كومانچىنىڭ ئەجەللىك يارىسى... بۇ ئىشلار ئۈستىدە

① سۇك شىشۇڭ — توپ مۇسابىقىسىدە رادىيودا سوزلەيدىغان ئاتاقلىق دىكتور — تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com

سۆزلەيدىغان بولسا، ئاڭلىغۇچىلارنى سۇلۇك شىشۇگىنىڭ دىكتورلۇغدىنمۇ بەكىرەك جەلىپ قىلالار. شۇ سەۋەپتىن، ئۇ سىنىپىمىزدا "سۇلۇك شىشۇك" بولسا، ئىسمى جىسمىغا لايىق بولاتتى، ئۇقۇش پۈتتۈرگەن چاغدا، ئۇ ئارزۇسىغا يارىشا بېيجىڭ تەنتەربىيە گېزىتخانىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، ھەقىقى سۇلۇك شىشۇگىغا سەپداش بولدى. چاخچاق تەرىقىسىدە شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ئەگەر ئۇ چەتئەلگە چىقىدىغان تەنتەربىيە كوماندىلىرىغا قوشۇپ قويۇلسا، ئۇنىڭ چىراي-شەكلى بىرئاز چېچىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

...ساۋاقداشلىرىمىنىڭ ئالاھىدە كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە: "ئاكىمىز" سىماخەنىنىڭ ساددا كۈلۈشلىرى، شياۋلىزىنىڭ سەبىي قىياپىتى، "تالىپ" چېڭ جىزۇنىڭ ئويچان چىرايى، جۇ لىڭلىڭنىڭ پۆلاكشىپ تۇرىدىغان ئىككى تال پۆپۈك چېچى... تۇرمۇشتىكى ۋەقەلەردىن بىرنەچچىسىنى جەملىسەملا، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن بىردىن تەرجىمھال يېزىپ چىقىشىم مۇمكىن. بىز ئۈچۈن سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىغان مەزمۇنلارنى قالدۇرغان سۈرەتچى ئۇستامغا ھەشقاللا!

توساتتىنلا، رەسىمدە بىرنىمىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. راست، «قامۇس»قىمۇ ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىرەر سۆز كىرگۈزۈلمەي قېلىشى مۇمكىن، بۇ رەسىم ئالى مەكتەپتىكى ھەممە تۇرمۇشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلانغان خاتىرىلەر ئۇنچە-مەرۋايىتتەك نۇر چاقناپ، تىزىق-تىزىق بولۇپ، ئىسىمدە شۇ قەدەر ئېنىق، شۇ قەدەر روشەن... ئۇ! ئۇ مەن تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بىزنىڭ بۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈش رەسىمىمىزدە كۆزگە چېلىقىدىغان ئورۇن، ئېھتىمال، پېشقەدەم مۇدىر، پىرو-

فېسورلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى تامامەن ھەقلىق ئىدى...

## 1

1978 - يىلى باش باھاردا، مەن شەرەپلىك ھالدا F داشۆگە كىردىم، مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرسەم، يېپ-يېڭى بىر زېمىن ئالدىمدا نامايان بولدى: ياپ-يېشىل دۆڭچىك دەرەخلىرى، ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان پۇراقلىق مېيخۇا گۈللىرى، تەنھەرىكەت مەيدانىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ پالۋانلاردەك مەزمۇت قامەتلىرى، تەجرىبە بىناسىدىكى ئۆچمەس چىراق نۇرلىرى... تەنتەنىلىك مەكتەپكە كىرىش مۇراسىمى يېڭى ساۋاقداشلارنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن خوشال-خورام كېچىلىك ئولتۇرۇش؛ ھەتتا چوڭ ئاشخانىدىكى ئۈزۈنغا سوزۇلغان ئىستروبيمۇ ماڭا شۇقەدەر يېڭى ۋە گۈزەل بولۇپ سېزىلدىكى، بۇ ھال مېنى ئۈزاقتىچە ئويغا سالدى...

مەكتەپكە كىرگەن بىرىنچى ھەپتىدە ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. بوش ۋاقىتلاردا، ھەمىشەم يېڭى تونۇشقان ھەمرايىم سۇڭ چاڭمىڭ بىلەن بىللە مەكتەپ باغچىسىدا سەيلە قىلاتتىم. بىزنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن سىرلىق كاھىش بىلەن يېپىلغان، لەمپىسى نەقىشلەنگەن، ئوردىغا تەقلىت قىلىپ سېلىنغان دەرىسخانا بىناسى — يېڭى ئىستىھكامىمىزنى زىيارەت قىلدۇق.

بىنا ئالدىدىكى كىچىك گۈللۈكتە بىرتۈپ مېيخۇا گۈل شۇ قەدەر تولۇپ ئېچىلغانىكى، ئۇ خۇددى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوت يالقۇنىدەك كىشىگە يورۇقلۇق ۋە ئىللىقلىق بەخش ئېتىپ تۇراتتى. مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭدىن بىر تالنى ئۈزدۈمدە، پۇرىغاچ

زوقلانغان پېتى بىنانىڭ تاش پەلەمپىيىگە قەدەم قويدۇم...

گويا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك، بىراۋ تۇيۇقسىزلا ئالدىمىزنى توسۇۋالدى، ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن ۋاقىرىغان ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك قۇلاقنى ياراتتى...

— بىز، بىز تىل-ئەدەبىيات پاكولتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، — دەپ جاۋاپ بەردىم مەن دۇدۇقلاپ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دەرسخانا بىناسىغا كىرسە، ئۇلارنى ئوغرى دەپ يۈرمەس، بەلكىم.

— گۈلنى نىمشقا ئۈزۈسلەر؟ — ئۇنىڭ بۇ ئۈنلۈك ئاۋازىدىن غەزەپ يېغىپ تۇراتتى، دوزاق ئىلاھىنىڭ قىلغان سورىغىمۇ بۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمەس.

بۇ چاغدا، مەنمۇ ئەس-هۇشۇمنى يىغىپ، ئۇنىڭغا ئاستىرىتىن كۆز يۈگۈرۈتۈپ باقتىم: هە، بايا ئۇ ئەللىك ئۈچ-ئەللىك تۆت ياشلاردا بار بىر موماي ئىكەن، ئاچچىغىدا، ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى، كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدىكى قورۇقلىرى تېخىمۇ ئېنىق ۋە بۆلەكچىلا بولۇپ كۆرۈندى، ئۇنىڭ دەرغەزەپ ئەلپازى ۋە خىقىراشلىرىدىن قارىغاندا، گويا بىزگە يەنە ئوق ياغدۇرىدىغاندەك تۇراتتى.

— گۈلنى دەمسىز؟ تېپىۋالدىم. — مەن قولۇمدىكى مېيخۇا گۈلنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، يالغان گەپتىن بىرنى توقۇپلا قۇتۇلماقچى بولدۇم.

— تېپىۋالدىم؟ — ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىشەنمەسلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، ئۇ شاققىدىلا قولۇمدىن گۈلنى تارتىۋېلىپ، بىر پەس سىنچىلاپ قارىدى-دە، ئاندىن مېنى گۈللۈكنىڭ قېشىغا سۆرەپ ئېلىپ كەلدى، — مۇشۇ شاختىن ئۈزۈۋالغانسەن! — ئۇ گۈلنى

ئۆزگەنلىگىمنى ئازمايلا بىلىۋالدى.

بىزنىڭ لام-جىم دېيەلمەي قالغانلىغىمىزنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى بىرئاز يۇمشىغان بولسىمۇ، لېكىن گەپلىرى يەنىلا كەسكىن ئىدى:

— ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مەدەنىيەتلىك بولۇشى كېرەك، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر ئۆتۈپ كەتتى.

سۇڭ چاڭمىڭ چاندۇرماستىن مېنى چىمدىپ قويۇپ، ماڭا مومايغا ناماقۇل بولۇڭ دەپ ئىشارەت قىلدى. ئامالىڭ قانچە، ئەمدىلا كەلگەن تۇرساق، سەۋرى-تاقەت قىلماي بولامدۇ؛ يەنە كېلىپ ئۆزەممۇ قاملاشمىغان ئىشنى قىلدىم-دە. مەن ئىككى-ئۈچ ئېغىز گەپ بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىدا خاتا قىلغانلىغىمنى ئىقرار قىلدىم، سۇڭ چاڭمىڭ بىر چەتتە تۇرۇپ ئازراق قوشۇمچە قىلىپ قويدى:

— مۇئەللىم، شياۋ يۈەن بۇ ئىشنى قەستەن قىلمىدى، بىلمىگەنگە گۇنا يوق، قايتىپ بېرىپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىدا ئۇنىڭغا ئوبدان ياردەم قىلىپ قويارمىز.

قاراڭ، بۇ سۇڭ چاڭمىڭنىڭ سىپاگەرلىگىنى، كالپۇگۇمىنى مەھكەم چىشلىۋالغانلىغىم ئۈچۈن كۈلۈپ سالمىدىم. بۇ ئەخمەقنىڭ ئۆزى ئىتتىپاق ئەزاسى بولمىسىمۇ، قاراپ تۇرۇپ ئىتتىپاق ياچېيكىسى نامىدىن گەپ قىلىۋاتقىنىنى، قاراڭ!

موماي غالىپ بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، پېشانىسىدىكى قورۇقلىرىمۇ يوقىلىپ كەتتى، مەن بۇ مومايىنىڭ قەلەمدەك كېلىشكەن قاشلىرى سوزۇق يۈزىدىن ئۆز زامانىسىدا خېلى كېلىشكەن ئايال ئىكەنلىگىنى سەزدىم. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ماڭا تىكىلىپ قاراپ:

— خاتالىقنى تونۇغان ياخشى، بىراق، — ئۇ بۇرۇلۇپ گۈللۈككە قاراپ، — تۈزۈمگە رىئايە قىلىش كېرەك، — دېدى.

بايا ئۇ قارىغان يەردە كىچىك بىر تاختاي تۇرغۇزۇلغان، بولۇپ ئۇنىڭغا قىزىل سىردا "گۈل-گىيالارغا تېگىلمىسۇن، خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا جەرىمانە قويۇلىدۇ!" دېگەن سۆزلەر كۆركەم قىلىپ يېزىلغان ئىكەن.

ئىسىت، كۆزۈمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى 1.5 تۇرۇپمۇ مېيخۇا گۈل-نىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بۇ مۇھاپىزەتچىنى كۆرمەپتىمەن، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ "مەنپەئەتنى دەپ ئەقلىدىن ئازماق" دېگەن تەمسىلنى ئىجات قىلغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن-دە، ھەي، ئىسىت!

سۆك چاكمىك ئۆزىنىڭ گەپدانلىقىدىن پايدىلىنىپ يەنە بىر پەس مۇنازىرىلىشىپ باقماقچى بولغان ئىدى، مەن ئۇنى قەتئىي توسۇپ قويدۇم. بىرپەس ئېلىشىپ باقتۇق، يەنە ئۇنىڭدىن رەھىم قىلارمىكىن دەپ ئۈمىت كۈتكىلى بولامدۇ؟ خەققە ماڭا رەھىم قىلسىلا دەپ يالۋۇرۇپ ئولتۇرۇشنى خۇدايىم ماڭا نېسىپ قىلماپتىكەن.

موماينىڭ بىزنى باشلاپ بېرىشى (يالاپ بېرىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ) بىلەن، مەكتەپ باغ-ۋاران بۆلۈمىگە بېرىپ جەرىمانە تۆلىدۇق. بىر تال مېيخۇا گۈلگە ئىككى يۈەن تۆلىدۇق، بەك قىممەت ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، مەن بۇنىڭغا قوشۇمامنى تۈرۈپمۇ قويمىدىم، ئادەم دېگەنگە يۈز كېرەك، بۇنچىلىك پۇلنىڭ كارى چاغلىق.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەنلىكتىن، بىزدە مەكتەپ باغچىسىنى تاماشا قىلىش ھەۋىسى قالمىدى، باغ-ۋاران بۆلۈمىدىن چىقىپ، ئارقامىغا



www.uyghurkitap.com

بۇرۇلۇپلا چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭدىم.

ئۇيلىمىغان يەردىن موماي ئارقامدىن قوغلاپ كېلىپ مېنى توسۇۋالدى.

— يەنە نىمە ئىشىڭىز بار؟ — دىدىم مەن سوغاققىنە.

— شياۋ يۈەن، — ئۇ بىرھازاغىچە ئىككىلىنىپ قېلىپ، دۇدۇقلاپ ئاران دىدى، — بۇ ئىككى يۈەننى مەن تۆلىۋەتسەم قانداق؟ — ئۇ دەرھال يانچۇقىدىن ئىككى يۈەنلىك پۇلىدىن بىرنى چىقىرىپ، گويا ئوڭايسىزلانغاندەك، كۆزنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى.

شۇ زاماتلا، كاللام بىر قىزىدى-دە، گويا خورلۇق تارتقاندەك، ۋاقىراپ سالدىم:

— نامرات ئوقۇغۇچى بولساممۇ، ئىككى يۈەن تۆلەشكە قۇربۇم يېتىدۇ!

كۆكرەك كېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن مەغرۇرانە ئۆتۈپ يولۇمغا ماڭدىم. ئارقامدا قالغان سۇڭ چاڭمىڭنىڭ مومايغا دوق قىلىپ ئېيتقان "باتۇرغا ھاقارەت ئۆلۈمگە تەڭ!" دىگەن گېپى ئېنىق ئاڭلاندى.

بىراق، ئىككىمىز ياتاق بىناسىنىڭ پەلەمپىيىگە ئەمدى قەدەم تاشلىغان چېغىمىزدا، موماي يەنە ئارقىمىزدىن ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يېتىپ كېلىپ، ئىككى پارچە كىتاپنى قوينۇمغا تىختاپ تىقتى-دە، كەسكىنلىك بىلەن دىدى:

— ئېلىشمىغىچە تېپىشماس دىگەن گەپ بار، بۇ كىتاپنى مەن ساڭا تەقدىم قىلدىم. — ئۇ غەلىتە كۈلۈپ قويدى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا يولىغا راۋان بولدى.

ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى شۇ قەدەر تېز بولدىكى، ھەتتا بىرنەرسە

دىيشكىمۇ ئۆلگۈرەلمىدىم. مەكتەپ شىنخۇا كىتاپخانىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان «كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن تاللانما»نى قولۇمدا تۇتۇپ گاڭگىراپ قالدىم. ئاچچىغى بىلەن تاتلىغىنىڭ تايىنى بولمىغان بۇ تۇترۇقسىز موماي زادى كىمدۇ؟

## 2

بىز موماي بىلەن تېزلا چىقىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭ پەملىسى لياۋ، مەنسۇپ دەرسخانا بىناسىنىڭ گەنلىيەنى، ئاممىباپراق قىلىپ ئېيتقاندا، تازىلىق خىزمەتچىسى ئىكەن. ئويلاپ بېقىڭ، دەرسخانا بىناسىنىڭ ئەتراپى ئۇنىڭ "تەسىر دائىرىسى" تۇرسا، ئۇنىڭغا گۇھەر بولۇپ تونۇلغان مېيىخۇا گۈلگە چاڭ سالسىڭىز، ئۇنىڭ سەپرايى ئۆرلىمەي قالامدۇ؟ كېيىن مەن كىتاپ پۇلىنى ئۇنىڭغا بەرسەم، ئۇ خاپا بولۇپ مېنى كىزەكچىلەرخانىسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، مەن بۇ ئىشنى قايتا ئېغىزغا ئېلىشقا پېتىنالمىدىم، لياۋ ئۇستامغا ئىچىمدە بىرئاز ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

چاغان يېقىنلىشىپ قالدى، شەھەر ئاھالىسى بايراملىق نەرسىلەرنى راسلاشقا قولى قولىغا، پۇتى پۇتىغا تەگمەي يۈرگەندە، بىز ئوقۇغۇچىلار يىللىق ئىمتىھان بېرىش تەييارلىقىغا جىددى كىرىشىپ كەتتۇق. ھەر بىر مۇئەللىم، گويا لى سىگۇاڭ بەرپا قىلغان "گېئولوگىيە مېخانىكىسى" بولۇپ، ھەممىسى بىردىن داچىڭ نېفتلىكى تاپالايدىغاندەك، ئۆزى ئۆتكەن پەننىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيتتى؛ قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە ئۆتكەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەر-

لىرى، ئەدىبىيات ئىقىملىرى بىردىنلا ئىتىلىپ كىلىپ، كاللىمىزدىكى چەكلىك ھۆجەيرىلەرنى جىنىنىڭ بىرىچە تالاشقىلى تۇردى.

"ئەدىبىيات نەزىرىيىسى" دەرسىنىڭ ئىمتىھانى ئۈچۈن رىيالىزىم ھەققىدە بىر پارچە ماقالا يېزىشىمىز كىرەك ئىدى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، بۇنداق ئوچۇق ئىمتىھان مۇئەللىمنىڭ دوسكىغا يېزىپ قويغان بىرنەچچە سوئالىغا شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا جاۋاپ بەرگەندىنمۇ تەس ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن مەقسەت مەسىلە ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى سىناپ كۆرۈش ئىكەن، ساۋاقداشلار مۇشۇ جەھەتتە ماھارىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. مەن تېخىمۇ بوشاڭلىق قىلماسلىقىم كىرەك، نەچچە ھەپتىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، نەچچە يۈز كاپىيەن يېزىپ چىقتىم؛ بۇ كاپىيەنلەرنى تۆرگە ئايرىپ رەتلەپ چىقىشقىلا بىر ئاخشاملىق دەرس تەكرارلاش ۋاقتىم كەتتى. شۇ كېچىسى ياتاققا قايتىپ كېلىپ سومكامنى ئاختۇرۇپ قارىسام، ماڭا ھەممىدىن بەك يارىغان بىر كاپىيەن يۇتۇپ كېتىپتۇ؛ ئۇنىڭغا يۇ دافۇ، شۇ جىمو قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى بەزى باھالىرى يېزىلغان ئىدى. مەن بىردىنلا گاڭگىراپ قالدىم. ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى گېزىت-ژورناللارنى ئاختۇرۇپ چىقاي دىسەم، بۇنىڭغا ئۆزەم ئىلتىماس يېزىشىم، مۇئەللىم قول قويۇشى، پاكولتېتتىن خەت قىلىپ بېرىشى، تەلىم-تەربىيە باشقارمىسىدىن تامغا بېسىشى كىرەك، رەسمىيەتنىڭ مۇشۇنداق ساياھەت قىلىپ ئايلىنىپ يۈرگىنىگە ئادەمنىڭ ئىچى پۇشىدىغانلىقىنى دىمەيلا قويايلى، باشقىلارنىڭ سىنى سىرىق كىتاپ-ژورناللارغا بېرىلىپ كېتىپتۇ دەپ سۆز-چۆچەك قىلىشىدىن ئەنسىرەيسەن، تېخى. مەن يۇ دافۇ، شۇ جىمو

www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئۇتۇغى ۋە مەغلۇبىيىتى ئارقىلىق رىيالىزىم ئۇستىدە توختالماقچى ئىدىم، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆز سۆزلىرى بولمىسا، ماقالىدا نىمە سالماق بولسۇن؟ قانداقمۇ ئالاھىدە نەتىجە ياراتقىلى بولسۇن؟

يېرىم كېچىدە كارۋاتتا يېتىپ باش قاتۇرۇپ ئويلاپ، دەرسخانىدا چۈشۈپ قالدى دىگەن يەرگە كەلدىم.

تاڭ سەھەردە، مەن ئالدىراپ-تىنەپ دەرسخانىغا بېرىپ، ھەممە يەرگە كۆز يۈگرىتىپ چىقتىم، بىرەر پارچە قەغەزنىمۇ كۆرگىلى بولامدىغان؟ ئەينەكتەك پاقىراپ تۇرغان پول مانا مېنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ دىگەندەك قىلىپ كۆكرىگىنى كېرىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا، دەرسخانە ئەخلەت دۆۋىسىگە ئايلىنىپ كەتسىكەن دەپ ئويلايتتىم، چۈنكى ئەخلەت دۆۋىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئازراق ئۈمىت كۈتكىلى بولاتتى!

ئەمدى تۈگەشتىم! غەزەپ بىلەن يەرنى قاتتىق تېپىۋىدىم، پولدىن تاراق-تۇرۇق قىلغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ دەل مۇشۇ چاغدا يوقالغىنى جېنىمنى ئالغىنى ئەمەسمۇ؟ قىرىشقاندەك، دەل چۈشتىن بۇرۇن بىر ئامېرىكىلىق خەنزۇ ئالىم دوكلات بەرمەكچى ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن زالغا بېرىپ ئورۇن تۇتۇپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى. مەن سومكامنى قولغا ئېلىپ، مەيۈسلەنگەن ھالدا دەرسخانىدىن چىقتىم.

دەرسخانىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا لياۋ ئۇستامنى ئۇچرىتىپ قالدىم، ئۇ دەرسخانىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ، قەستەن ئەجەپلەنگەن قىياپەتتە:

— بۇ يەردە ئالەمنى مالەم قىلىۋاتقان كىمكىن دىسەم،

سىز ئىسكەنىسىز ـ دە، ھە، نىمىدىن خاپا بولۇپ يۈرىسىز، شىياۋ يۈەن! ــ دېدى.

ــ بىر نەرسەمنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم، ــ دېدىم مەن خاپا ھالدا جاۋاپ بېرىپ.

ــ ھە! نېمىسىگىزنى يوقىتىپ قويدىڭىز ــ دېدى لياۋ ئۇستام قاشلىرىنى دىڭگايتىپ.

ــ ماتېرىيال يېزىلغان كاپپەنىنى يوقىتىپ قويدۇم، ــ دېدىم مەن مەيۈسلۈك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ چاتاق بولدى، ئىمتىھان بېرەتتۇق.

ــ قانداق كاپپەن؟ ــ لياۋ ئۇستام كاپىپدىلا مېنى تۇتۇۋالدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ مېنىڭدىنمۇ بەكرەك تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

مەن كاپپەنىڭ قانداق كاپپەن ئىكەنلىگىنى قىسقىچە دەپ بولۇپ، "مايسىرەڭ" دەپ قوشۇمچە قىلىپ قويدۇم.

ــ ھە! ــ ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كاللىسىدا بىرنىمىنى قاتتىق ئويلاۋاتقاندەك بولدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئارتۇقچە سۆز قىلمايلا كىچىك زال تەرەپكە چاپتىم.

نىپ ئەپەندىنىڭ دوكلادى مەزمۇنلۇق، چۈشىنىشلىك ۋە دەلىل ـ ئىسپاتلىق بولۇپ، كۆڭلۈمدىكى غەشلىكنى ۋاقتىنچە چىقىرىپ تاشلىدى. لېكىن زالدىن چىقىپ، سوغاق شامالنىڭ سوقۇشى بىلەن، يۇتتۇپ كەتكەن ھىلىقى كاپپەن ئىسىمگە چۈشتى ـ دە، يەنە سالپىيىپ قالدىم.

ــ قارىغىنا! ــ بىلله كېلىۋاتقان دوغىلاق ۋاڭ بىلىك بىردىنلا پېشىمدىن تارتتى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تەرىپىگە كۆز تاشلىسام،

لياۋ ئۇستام بىر ئەخلەت ساندۇغىنىڭ يېنىدا زوڭ ئولتۇرۇپ بىرنىمىنى ئاختۇرۇۋېتىپتۇ.

— موماي باي بولماقچى ئىكەن-دە، — دىدى ۋاڭ بىلىڭ زاڭلىق قىلىپ.

يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. لياۋ ئۇستامنىڭ ئۇڭ قولى بىلەن تىزىنى تايىنىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندا، دەلدەڭشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپلا، دەرھال بېرىپ ئۇنى يۆلىۋالدىم.

بۇ چاغدا لياۋ ئۇستامنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان، چاچلىرىنى چاڭ-توزاڭ بېسىپ كەتكەن، سول چېكىسىگە بىرنەچچە تال ئوت چاپلىشىپ قالغان ئىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ دېمىنى ئېلىۋېلىپ، مېنى كۆرۈپ يۈمشاق ئاۋازدا:

— شياۋ يۈەن، مۇشۇمۇ؟ — دىدى، ئۇنىڭ قولىدا بىر پارچە ماي-سىرەڭ قەغەز بار ئىدى.

مېنى بىر كېچە ئاۋارە قىلغان بۇ ”گۆھەر“نى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم، قولۇمنى سوزۇپ ئالاي دىگەن ئىدىم، ئۇ مېنى توسۇۋالدى. ئۇ كاپىيەندىكى توپىنى پاكىز قىلىپ سۈرتۈۋېتىپ، ئاندىن ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى، ئۇ خىجىل بولغان ۋە ئۆكۈنگەن ھالدا كۈلۈپ قويۇپ:

— مەن دىققەت قىلماي بۇنى ئەخلەت قاتارىدا سۈپۈرۈۋېتىپتىمەن... — دىدى.

بۇ چاغدا ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، كانىيىم بوغۇلۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتتۇم؛ ھە، ئۇنىڭ سول بىگىز قولى قاناپ كېتىپتىغو... ئادەتتە خېلى سۆزمەن ئىدىم، شۇ ئەسنادا ئاغزىمغا گەپ كەلمەي قالدى:

— لياۋ ئۇستام، بۇ ئۆزەمدىن بولدى... — دىدىم.

— ئىشىڭىزغا دەخلى قىلمىغاندىمەن؟ — دىدى ئۇ مىيىغىدا كۈلۈپ، ياغلىغى بىلەن قولىدىكى قاننى ئاستا سۈرتتى.

مەن يەنە نىمە دىيىشىم كېرەك؟...

## 3

لېكىن، بىر كۈنى لياۋ ئۇستامنىڭ يەنە زەردىسى قايناپ، بارلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن قارشىلاشقىلى تۇردى.

"4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى بەشىنچى يىلى، توققۇز مىليون ئالتە يۈز كۋادىرات كىلومېتىرلىق زىمىنىمىزدا كۆتە-رىلگەن تەنهەركەت "يېڭى دولقۇنى" ھېچكىمنىڭ ئىسىدىن كۆتىرى-لىپ كەتمىگەندۇ، ئەزەلدىن ئېغىر-بېسىق، مۇلايىم دەپ ئاتالغان مىللىتىمىزنىڭ گويا ھەممە ئەزالىرى پۇتبول مەستانىسى، ۋالىبول مەستانىسى، گىمناستىكا مەستانىسى بولۇپ قالدى... يۈز مىليونلىغان كۆزلەر توكيودىكى "دەيدەيمۇ" تەنتەربىيە مەيدانى، شىياڭگاڭدىكى "ئېلىزابىت" تەنتەربىيە مەيدانىغا... جۇڭگولۇق ئەزىمەتلەر مۇسابى-قىغە چۈشكەنلىكى سورۇنلارغا تىكىلمەكتە. ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچى-لىرى تېخىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ، جۇڭخۇا ئېلىمىزنىڭ تەنتەربىيە ساھەسىدە قازانغان ھەر بىر غەلىبىسىنى ئالقىشلاش يۈزىسىدىن مەك-تەپ ھويلىسىدا گۈلخان يېقىش، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش گويا ئۇلارغا ئۇدۇم بولۇپ قالغان ئىدى...

جۇڭگو ئەرلەر ۋالىبول كوماندىسىنىڭ جەنۇبىي چاۋشيەن كوماند-دىسى بىلەن قىلغان مۇسابىقىسىنى بىئارام بولغان ھالدا تېلېۋىزور

www.uyghurkitap.com

ئېكرانى ئالدىدا ئولتۇرۇپ كۆردۇم. جەڭ ھە دىگەندىلا ئۇكۇشىسىزلىقا ئۇچراپ، جەنۇبىي چاۋشيەن كوماندىسى كەينى-كەينىدىن ئىككى مەيدان ئۇتتۇۋېلىپ، ئىككىدە نۆل بىلەن ئالغا ئۆتۇپ كەتتى. "سۇڭ شىشۇڭ" مېنى تۇتۇپ قالمىغان بولسا، ئالىلىبۇرۇنلا تىكۋەتكەن بولاتتىم؛ ھىم، بىر كىچىلىك ۋاقتىم بىكارغا كەتتى-دە.

"سۇڭ شىشۇڭ"نىڭ گەپلىرى ئاساسلىق ئىدى: "جۇڭگو كوماندىسىدا يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى چوڭ، قاراڭ، ۋاڭ جياۋېي توپكا ئۇرۇشتا كۈچىنى تېخى تولۇق ئىشقا سالمىدى، شۇجېن زابوينى قاتتىق ئۇرۇش ھۈنىرىنى تېخى كۆرسەتمىدى... ئۈچىنچى مەيداندا چوقۇم قايتۇرۇۋالىدۇ. قاراڭ، دەي تىڭبىاڭ توپچىلارغا يول يورۇق كۆرسىتىۋاتىدۇ" دىدى ئۇ تولۇق ئىشەنچ بىلەن، تېلېۋىزور ئېكرانىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

دىگەندەكلا، ئۈچىنچى مەيداندىن باشلاپ جۇڭگو كوماندىسىنىڭ ئوينىشى ئۇكۇشلۇق بولدى، شېن فۇلىڭنىڭ ئۇستىلىق بىلەن پاس بېرىشى، ۋاڭ جياۋېينىڭ تېز ئۇرۇشى، ساۋپىڭنىڭ ئارقا رەتتىن توپكا ئۇرۇشى... ھەممەيلەن ھۈنىرىنى كارامەت كۆرسەتتى. جۇڭگو كوماندىسى ئۇدا ئىككى مەيدان ئۇتتۇۋالدى، ھەل قىلغۇچ مەيداندا نومېر خېلى ئالدىدا بولۇپ، غەلىبە قىلىشقا كۆز يېتىپ تۇراتتى؛ قىزىشقاندەك دەل شۇ چاغدا تېلېۋىزور توختاپ قالدى...

— بىز ئۇتتۇق! — سۇڭ چاڭمىڭ توساتتىن ئىككى قولىنى كۆتىرىپ، ئەسەبىلەرچە تووۋلاپ كەتتى. تېلېۋىزورخانىدىكى ھەممە تاماشىبىنلار ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بىردىنلا ئالقىش ياغدۇرۇپ، ۋاقىرىشىپ-جاقىرىشىپ، قايناپ كەتتى، ئىككى ساۋاقدىشىم خوشاللىقىدىن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ بىر بىرىنى مۇشلۇشۇپ-

تېپىشىپ كەتتى... پەقەت چىن جىزۇلا قاتتىق قايغۇرغان ھالدا:

— نەتىجىسى تېخى چىقمىسىدى، ئارتۇقچە خوشال بولۇپ كەتمەيلى، — دىدى.

— كۆتە قاسقىنىڭنى! — دىدى ۋاڭ بىڭ ئۇنى مۇشتلاپ، — ئورۇنسىز غەم-ئەندىشە قىلىپ يۈرمە، "دارازا" چوقۇم ئۇتۇمىز دىدىغۇ.

"ھويلىغا چىقايلى!" — كىمدۇ بىرسى بىر ۋاقىرىۋىدى، ھەممىمىز ئولاش-چولاش تېلېۋىزورخانىدىن چىقىپ، دەرسخانا بىناسى ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىقتا يىغىلىشتۇق، ۋاقىراشقان، كۈلۈشكەن ئاۋازلار جاھاننى بىر ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، جۇڭگو ئەرلەر ۋالىبول كوماندىسىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر رادىيو ئارقىلىق يەتكۈزۈلدى، كۆپچىلىكنىڭ روھى تېخىمۇ كۆتىرىلىپ كەتتى؛ ھىلىقى دوغىلاق نەدىندۇ بىر سۈپۈرگىنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ، ئېگىز كۆتىرىپ پۇلاڭلاتتى ۋە "ياشىسۇن جۇڭگو ئەرلەر ۋالىبول كوماندىسى!" دەپ ۋاقىرىدى.

ئۇنىڭ بۇ قىلىغى ساۋاقداشلارغا ئىلھام بولدى. ساۋاقداشلار بەس-بەس بىلەن سىنىپلارغا كىرىپ، ئەسكى قەغەز سېۋەتتى دەمسەن، بامبۇك سۈپۈرگە دەمسەن، ئەخلەت سېۋەتتى دەمسەن ھەممىسىنى ئېلىپ چىقتى؛ بىر دەمدىلا بىرنەچچە ئورۇندا گۈلخان يېقىلدى... شامالدا ئوت يالقۇنلاپ، مەيدان چىرايلىق تۈسكە كىردى؛ لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇن خۇددى ماھىر ئۇسسۇلچىلاردەك، بىر دەم ئۇزۇن ئىنتەكلىرىنى يېيىپ، پورەكلەپ ئېچىلغان دەستە-دەستە نىلۇپەرلەردەك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلاتتى؛ بىر دەم گويا بىر ئۇچقۇر ئەجدەرھادەك ئۇچۇپ ئاسمانغا كۆتىرىلەتتى. بەزى ساۋاق-

داشلار تەسرلنىپ، بەللرىنى تولغاپ، پۇتلرىنى ئۇينىتىپ، دىس‍كوغا چۈشۈپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن يەنە بىرپەس ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى. بەزى ساۋاقداشلار ياتاقلرىدىن ئۆزلرىنىڭ چىنغ كۆرپە، تور پاختىلرىنى ئېلىپ چىقىپ، قىلچە ئايانماستىن ئوتقا تاشلىدى...

يەنە بىر ساۋاقداش ئەسكى قەغەز سېۋەتتىدىن ئۇن ئىككىنى كۆتەرگەن پېتى دەرسخانا بىناسىنىڭ پەلەمپىيىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن "كۆيدۈرمەيلى!" دىگەن جىددى ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا دەلدەڭشىگەن بىرسىنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈندى. بۇ لياۋ ئۇستام ئىكەن. ئۇ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئېتىلىپ بېرىپ، ئەمدىلا تاشلانغان بامبۇك سېۋەتتىن بىرنى ئوت-تىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ كۆيگەن يېرىنى ئۆچۈردى-دە، ئۇنى ئېچىنغان ھالدا چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئۇ گۈلخان يېنىدا تۇرغان ساۋاقداشلارغا يالۋۇردى:

— كۆيدۈرمەڭلار! مەن سىلەردىن خوش بولاي.

بىر دەمدىلا ئۇ يەنە بىر گۈلخانىنىڭ يېنىغا بېرىپ، يەنە شۇ سۆزنى تەكرارلىدى.

"ئۇستام، غەلبىنى تەبرىكلەۋاتىمىز!" "توپتا ئۇتۇپ چىققان ئىكەنمىز، بىرنەچچە ئەسكى سېۋەت كۆيگەننىڭ كارى چاغلىق." "مەغلۇپ بولۇش خەۋپى ئاستىدا غەلبە قىلغانلىق جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرگەنلىك بولىدۇ!"... — كۆپچىلىك تۇشمۇ-تۇشتىن چۇقۇرۇشۇپ، مومايغا "ئىدىيىۋى خىزمەت" ئىشلىگىلى تۇردى. موماي تەنتەربىيىنىڭ جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى نەدىن بىلسۇن!

مەكتەپ قورۇسىدا ئادەملەرنىڭ سايىسى ئەلەڭگۈمەكتە، ھەممە يەردە ئوت كۆيمەكتە، گۈلخانىلار قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتماقتا ئىدى، چىنار دەرىخىدىكى قۇشقاچلار ئۈركۈپ كېتىپ، پۇرۇلداپ، تەرەپ-تەرەپكە ئۇچماقتا...

لياۋ ئۇستام جىم بولۇپ، ھېلىقى سېۋەتنى قۇچاقلىغان پېتى كەيپى ئۆچكەن ھالدا بىر چەتتە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى؛ ئوت يورىغىدا ئۇنىڭ كۆزىدىن تارام-لاپ ياش ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم...

مەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا قايتىپ كېتىڭ دەپ نەسىھەت قىلدىم.

— شياۋ يۈەن! — دىدى ئۇ كۆزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا، — مۇشۇنداق مالىمانچىلىق، نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈش ئىش-لىرى بولىۋەرسە، بۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىكىدەك ئىش قىلغانلىق بولامدۇ؟

مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى؟ چۆچۈپ داڭقېتىپ قالدىم. ئۇ بىزنى خۇشۇبىيىنىڭلارغا ئوخشىتىۋاتىدۇ، بۇ، ياخشى-ياماننى ئايرىلاشتۇرۇۋەت-كەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوي-پىكرى تېخىچە 60-يىللاردىكى بويىچە تۇرۇپ قالغان بولسا كېرەك. سەل ئاچچىقىم كېلىپ:

— لياۋ ئۇستام، بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماڭ، — دىدىم مەن، سوغاققىنە.

ئوتقا سېلىنغان نەرسىلەر كۆيۈپ بولاي دەپ قالدى، ئوت پىلىل-داپ خىرە كۆيۈپ تۇراتتى. ھېلىقى دوغىلاق بالا لياۋ ئۇستامنىڭ قۇچىقىدىكى بامبۇك سېۋەتنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇنى تارتىۋال-ماقچى بولدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىش مومايىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. ئۇنىڭ چېكىسىدىكى تومۇرلىرى كۆپۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، ئۇ ئىككى قەدەم چېكىنىپ، ئۇنىڭغا دىۋەيلەپ كېلىپ، ئۇنى سۆككىلى تۇردى:

— مانى كۆيدۈرۈپ باققىنە قېنى، سېنىڭ بىلەن ئېلىشماي قويمايمەن، — دېدى ئۇ ۋە سېۋەتنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— ئۆلگۈر قېرى، ئۇنى گۆرۈڭگە ئېلىپ كەت، سەندە قىلچىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك يوق ئىكەن، — دەپ دوق قىلدى دوغىلاق بالا زەردە بىلەن.

لياۋ ئۇستام ئاچچىغىدا قىزىرىپ كەتتى:

— ۋەتەنپەرۋەرلىك؟ دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى كۆيدۈرگەنلىكمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك بولامدىكەن؟ — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ. ئۇ مەيۈسلەنگەن هالدا بېشىنى چايقاپ، گويا بىزدىن رايى قايتىپ كەتكەندەك بولۇپ، — بۇنداق غوغا قىلىۋەرسەڭلار ئىش تېرىيسىلەر، بۇنداق ئىشنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدا كۆپ كۆردۈم.

ئۇ يەنە مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىنى ئاغزىغا ئالدى، ساۋاقداشلارنىڭ بىرمۇنچىسى نارازى بولغان هالدا ئاغزىنى چىككىلدىتىپ تۇرۇپ قالدى.

— يۈرۈڭلەر! — دەپ توۋلىدى دوغىلاق بالا گۈلخان ئىچىدىن چالا كۆيگەن سوپۇرگىدىن بىرنى ئېلىپ ئېگىز كۆتىرىپ، — نامايىش قىلىمىز!

ساۋاقداشلار دەبدەبىلىك هالدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. مەن هەممىدىن كېيىن قالدىم، ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، لياۋ ئۇستام سېۋەتنى قۇچاقلىغان پېتى بارغانسېرى غۇۋالىشىپ بېرىۋاتقان گۈلخان يېنىدا هاڭۋېقىپ تۇرۇپتۇ...

ئەتىسى سەھەردە چىنىقىش ئۇچۇن يۈگۈرۈپ، دەرسخانا بىناسى يېنىدىن ئۆتكىنىمدە، لياۋ ئۇستامنىڭ دۆۋە-دۆۋە كۈللەرنى تازىلا-ۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ زوۋان سۈرمەستىن كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا ماڭا قاراپ قويۇپ ئاھ ئۇردى... ماڭا ئۇ بىر كېچىدىلا خېلىلا قېرىپ كەتكەندەك سېزىلدى. كېيىن ئۇقۇشسام، مەكتەپ بويىچە ئەخلەت سېۋىتى، ئەسكى قەغەز سېۋىتى، سۈپۈرگە قاتارلىق تازىلىق ئەسۋاپلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈلۈپ تۈگەپ، پەقەت لياۋ ئۇستام تارتىۋالغان ھىلىقى بىرسىلا قاپتۇ.

## 4

"تەبرىكلەش" شاملى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ۋاڭ بىلىك، سۇڭ چاڭمىڭلار مەكتەپ ھويلىسىدا غەلۋە قىلىش بىلەن قانائەت قىلمىدى. جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى توكيودا بىرىنچىلىكنى ئالغان كېچىسى ئۇلار بىر توپ ساۋاقداشلارنى مەكتەپتىن باشلاپ چىقىپ، شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ مەيدانغا باردى. ئاڭلىشى-مىزچە، ۋاڭ بىلىك ئېگىز بىر چىراق تۈۋرۈكىگە يامىشىپ چىقىپ، زوقمەنلىك بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەن چاغدا، توپقا كىرىۋالغان بەزى كەلسە-كەلمەس كىشىلەر "بىزگە ئەركىنلىك كېرەك"، "بىزگە دېمو-كراتىيە كېرەك" دەپ چۇقان كۆتىرىشىپتۇ؛ لۈكچەك-بۇزۇقلار بولسا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماگازىنلارنى چېقىپتۇ، ماشىنىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ، ئاياللارنى ھاقارەتلەپتۇ... دىمەك مەيداننى پاراكەندە قىلىۋېتىپتۇ. نەتىجىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ھىلىقى دوغىلاق ساۋاقدىشىمىزنى جەمئىيەت تەرتىۋىنى بۇزغۇچى گۇمانلىق

www.uyghurkitap.com

ئۇنسۇر دەپ تۇتۇپ قاپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر كىچە قاسلىپ، ناھەق ئەلەم تارتتى. ئەگەر بۇ ئىش ئۇنىڭ ئارخۇىغا يېزىپ قويۇل- غان بولسا، كېيىن ئۇ تارتقۇلۇقنى تارتاتتى.

ۋاڭ بىگنى مەكتەپتىن ئادەم بېرىپ قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ ھەم ئىزا تارتىپ، ھەم خاپا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر كىچە سوغاقتا قىلىپ، قايتىپ كەلگەن كىچىسىلا قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئەتىسى قوپال- ماي قالدى؛ "كۆپ كۆلمەكنىڭ بىر يىغىسى بار" دېگەن گەپ راست ئىكەندە. شۇ چاغدىلا، مەن لياۋ ئۇستامنىڭ ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم؛ ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەبىلىكى پەقەت پاجىئەنىلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى تارىخىي قانۇنىيەت بولسا كېرەك.

...دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا ۋاقتىدا، لياۋ ئۇستام مېنى نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كىردى.

— قارا كىيىملىرىڭنى، — ئۇ گويا سېھىرگەرلەردەك بىر سىبۋەتنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر نىمنى مالتىلاپ ئىزدىگەچ مەس- خىرە قىلغان ھالدا، — مۇشۇ كىيىمىڭنى خەقتە كۆرگەزمە قىلىپ يۈردۈڭمۇ، سال، تۈگمە قاداپ بېرەي، — دېدى.

مۇشۇ چاغدىلا كىيىمىمنىڭ ئىككى تۈگمىسى چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزدىم، ئېھتىمال ئاخشامقى تەنتەنىدە چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك.

— تۈگمە بولمىسا سالقىنراق بولىدۇ تېخى، — دېدىم مەن زورىغا كۈلۈپ.

— تاكاللاشما! — دېدى ئۇ يىپ-يىڭنە ۋە تۈگمىنى تېپىپ چىقىپ، — ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كىيىمنى رەتلىك كىيىش كېرەك-دە....

— ھىم.
— ھىلىقى دوغىلاق ساۋاقداش دەرسكە كەلمىدىغۇ؟
— ئاغرىپ قالدى.
— ھە! — لياۋ ئۇستام كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قويدى-دە، ئىنتىشىپ ئىخلاس بىلەن تۇگمە قادىغىلى تۇردى...

ئارقا-ئارقىدىن تۆت سائەتلىك دەرس ئاتلاپ، كاللىمىز لىققىدە تولۇپ كەتتى، بىراق قۇرسىغىمىز ئېچىشقا باشلىدى. بىز دەرسخانا بىناسىدىن ئۇلاش-چولاش چىقىپ، دەرەخ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان مەكتەپ قوراسىدىكى يولدا بىر بىرىمىزگە باقماي يۈگۈرۈشكە باشلىدۇق. سۇڭ چاڭمىڭ ئۇزۇن پاچاق بولغاچقا، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى، "تالىپ" چىن جىزۇ ئۇستازىنىڭ تەلىمىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، يۈز مېتىرغا يۈگۈرگەندەك چېپىپ كەتتى. نىشانچۇ؟ نىشان — چوڭ ئاشخانا. ھېچكىم بىرەر مىنۇت ئارقىدا قېلىشنى خالىمايتتى. ئاشخانىدا ئۇزۇن رەت بولۇپ تۇردۇق، قولىمىزغا دەپتىرىمىزنى ئېلىپ ئاتالغۇ يادلىدۇق، بۇ مۇغەمبەرلىك قىلغانلىقىمىز ئىدى. ۋاقىتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئاشخانىغا تاماق ۋاقتىدىن بۇرۇن بېرىش كېرەك ئىدى.

تۆت سەر ئاشنى ئالمان-تالمان يالماپ يۇتۇپلا، سارىيىمغا — ياتىقىمغا قاراپ يول ئالدىم؛ كارۋاتتا ياتقان ھەمرايىم ۋاڭ بىڭنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، ئەلۋەتتە، — ئۇنىڭغا تۆت سەر ئاش، بىر كىشىلىك قورداق ئالغاچ كەلدىم.

ئىشكىنى ئېچىپلا ھاڭ-تاڭ قالدىم: لياۋ ئۇستام كارۋاتنىڭ گىرۋىگىدە ئولتۇرۇپ دوغىلاق بالىغا سۇيقاش ئىچكۈزۈۋېتىپتۇ.

— بىر ئوڭۇشسىزلىق بىر ئەقىل بېرىدۇ، يامان ئىش ياخشى

ئۇشقا ئايلىنىدۇ، — دېدى لياۋ ئۇستام ۋاڭ بىڭنىڭ ئاغزىغا چوكا بىلەن تۇخۇم سېرىغىنى سېلىۋېتىپ، بوش ئاۋاز بىلەن، — ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىرەر ئۇشقا يولۇققاندا، كۆپرەك باش قاتۇرۇشى كېرەك، جەمئىيەتتە بەزى ئادەملەر سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەردە چوت سوقۇۋاتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ!

— ھىم. — ۋاڭ بىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. مەن بۇ دوغىلاقنىڭ مۇشۇنداق رايىش بولۇپ قېلىشىنى بىرىنچى قېتىم كۆردۈم.

— لياۋ ئۇستام، ئۆتكەندە سىزنى تىللاپ قويۇپتىمەن، ئەمدى مېنى بىرنەچچە مۇشت ئۇرۇۋېلىڭ!

— ۋايىيەي، ئۇ دېگەن خاپىلىق ئۈستىدە دېيىلگەن گەپلەر، ئېغىر ئالمايمەن. — لياۋ ئۇستام كەڭ قوساقلىق قىلىپ قولىنى چايقاپ قويدى. توساتتىن، ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، مېنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ھاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ قالدى-دە: — شياۋ يۈەن، قانداق ياخشى نەرسە ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى ئۇ قاتتىق ئاۋاز بىلەن.

شۇ زاماتلا ئەقلىمگە كېلىپ، ئەكەلگەن تاماقنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ:

— سىزگە ئەكەلدىم، — دېدىم ھۆرمەت بىلەن.

— ماڭىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئەجەپلەنگەن قىياپەتتە.

— سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى پەملىگەن ئىدىم، — دېدىم مەن مەمنۇنىيەتلىك بىلەن، — سىزنىڭ تېخى چۈشلۈك تاماق يېمىگەنلىكىڭىزنىمۇ پەملىگەن ئىدىم. مانا، سىزگە بىر قاچا قورداق ئەكەلدىم.

— پاھ، مەن بۇنىڭغا ئەرزىمەيمەن، — دېدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — خوپ، رەھمەت سىزگە. بىراق ئېسىڭىزدە بولسۇنكى،

كېسەلگە مايلىق نەرسە بېرىشكە بولمايدۇ....
ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا سۈك چاكمىك، چىك جىزۇ ۋە باشقىلار قايتىپ كەلدى، ئۇلار مۇ قۇرۇق قايتمىغان ئىكەن. ھەممەيلەن لياۋ ئۇستامنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ كۈلۈشۈپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. سۈك چاكمىك يانچۇغىدىن بىر پارچە گېزىتنى ئېلىپ، پۇلاڭلىتىپ قويۇپ "مەكتىۋىمىزنىڭ يېڭىدىن چىققان ھەپتىلىك گېزىت" دىدى. كۆپچىلىك سەل جىمىققاندا، ئۇ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن گېزىتنى ئوقۇغىلى تۇردى:
"باش خەۋەر: دۆلەت غەزنە چېكى مەكتەپ بويىچە نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. دەرسخانە بىناسىنىڭ گەنلىيەنى يولداش لياۋ شيۇجېن بىر قېتىمدا بەش يۈز يۈەنلىك ئېلىپ، مەكتەپ بويىچە بىرىنچى بولۇپ چىقتى...."
— پاھ!، لياۋ ئۇستام بوش كەلمەيدۇ-دە. — مەن "سۈك شىشۇك"نىڭ گېپىنى تاقەتسىزلەنگەن ھالدا ئۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭ توۋلىۋەتتىم. كۆپچىلىكمۇ ماڭا ئەگىشىپ چۇقان كۆتەردى. ۋوي، لياۋ ئۇستام قېنى؟ ئۇ غىپپىتىلا تىكىۋېتىپتۇ.

5

كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى، پەسىللەرمۇ ئالماشتى، لياۋ ئۇستام تۇرمۇشىمىزدا مۇھىم بىر ئەزا بولۇپ قالدى. "لياۋ ئۇستامنىڭ قېشىغا بارايلى!" "ئۆۋەتچىلەر ئىشخانىسىغا بارايلى!" دىگەن گەپلەر ساۋاقداشلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كۆپ قېتىم كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپىلىرىمىزنى تىكىپ-

www.uyghurkitap.com

ياماپ بەردى، كېسەلـلەرگە ئاش ـ تاماق ۋە دورا ئەكىلىپ بەردى، چاغان ـ بايراملاردا مەكتەپتە قېپقالغان ساۋاقداشلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ مېھمان قىلدى؛ ئۇ شۇنـداق بىر يۇيۇشى بار ئايال ئىدىـكى، بىزگە ئاسان تېپىلمايدىغان بىرەر ماتېرىيال لازىم بولۇپ قالسا، ئۇ ئۇلارنى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى كۇتۇپخانىلاردىن ئالـدۇرۇپ بېرەتتى ياكى ئۇلارنىڭ كۆچۈرۈپ باسقان نۇسخىسـىنى ئالـدۇرۇپ بېرەتتى...

بۈگۈنكى كۈندە، قولۇمدىكى بۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈش رەسىمـىنىڭ سالمىغى يېنىكلەپ قالغانلىغىـنى ھـېس قىلىۋاتـىمەن، بىراق ئۇنىڭ كۆڭلۈمدىكى سالمىغى بەك ئېغىر ئىدى!

لياۋ ئۇستامنى رەسىمگە چۈشۈشكە تەكلىپ قىلىش ــ بۇ پۈتـكۈل سىنىپتـىكى ساۋاقـداشـلارنىڭ بىردەك ماقۇللـىغان قارارى ئىـدى. سۈرەت چاپلاپ بىلەن ئىككىمىز بۇيرۇقنا بىنائەن ئۇنى تەكلىپ قىلىشقا باردۇق.

قەدىمچە سېلىنغان دەرسخانا بىناسىغا يېقىن بارغىنىمـىزدا، مەندە بىر خىل مېھرىنى ئۇزەلمەسلىك كەيپىـياتى پەيـدا بولـدى. ئۇنىڭ قانات كېـرىـپ تۇرغان پىـشايـۋان بۇرجەكـلىرى، ئالـتۇنـدەك پاقىراپ تۇرغان كاھىشلىرى، كامالەك شەكلىدىكى ئەگمە ئىشىكلىرى ماڭا بەك تونۇشلۇق، يېقىمـلىق ئىـدى. بىز تۆت يىـل بۇ يەردىن كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈپ، جاھاندىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر ئۆسمۈرلەر ـ دىن ئالـى مەكتەپـنى پۈتـتۈرگەن ئوقۇغۇچـىلارغا ئايلانـدۇق، بۇ ئايلانما پەلەمپەيلەردە نۇرغۇن ئىزلىرىمىز قالدى؛ بىزنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن ئۇستازلىرىـمىز بۇ يەردە نۇرغۇن جاپالىـق تەرلىرىـنى ئاققۇزدى، ھەمىشە بىز بىلەن بىللە بولغان لـياۋ ئۇستامـنىڭ بىزگە

بولغان مېھرىۋانلىقى تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. نېپىزغىنا بىر پارچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش رەسمى بىز ئۈچۈن تۆكۈلگەن تەرلەرنى، بىزگە بېغىشلانغان مېھرى-مۇھەببەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالايتتىمۇ!

نۆۋەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئىچىدىن چىققان مۇڭلۇق، يېقىملىق ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق:

"...ياشلار، ئەي ياشلار، ۋەتىنىمىز ئۈچۈن قانداق ئىش قىلمايلۇق، يۈرىكىمىز ئوتتەك بولسۇن. ئوتتەك بولسۇناي، ئوتتەك بولسۇن!"

بۇ، مەكتەپ رادىيو ئىستانسىسىدا يېقىندا بەرگەن "ياشلىق ناخشىسى" ئەمەسمۇ؟ بۇ ناخشىنى لياۋ ئۇستامۇ ئۆگىنىۋاپتۇ، مەن سۈك چاقىمىغا كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويدۇم-دە، ئىككىمىز پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيگە كىردۇق.

لياۋ ئۇستام قولىدىكى بىرنەچچە پارچە رەسىمگە پۈتۈن دىققەت-ئېتىبارى بىلەن ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراپ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ گويا قاتتىق ھاياجانلىنىۋاتقاچقا چۆكۈپ كەتكەندەك، بىزنىڭ كىرگەنلىكىمىزنى زادىلا تۇيمىدى.

"...ۋەتىنىمىز ئۈچۈن قانداق ئىش قىلمايلۇق، يۈرىكىمىز ئوتتەك بولسۇن. ئوتتەك بولسۇناي، ئوتتەك بولسۇن!..."

ناخشا تۈگىمەي تۇرۇپلا، لياۋ ئۇستام ناخشىنى يېڭىۋاشتىن باشلىدى. سۈك چاقىمىڭ ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي "پىخ-پىخ" قىلىپ كۈلۈپ سالدى.

لياۋ ئۇستام شۇ چاغدىلا ئىككىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ ناخشىنى

www.uyghurkitap.com

توختاتتى ـ دە، بىزگە ئورۇندۇق قويۇپ بەردى، چاي قۇيدى.

— لياۋ ئۇستام، يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا ئولتۇرۇشى ئۆتكۈزۈۋېتىپسىز ـ دە!

مەن سۇڭ چاڭمىڭغا كۆزۈمنى قىسىپ قويدۇم، ئىككىلىمىز چۈشەنگەندەك قىلىپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— كەپسىز! — دېدى لياۋ ئۇستام قولى بىلەن چېكەمگە نوقۇپ قويۇپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.

— سىزگە بىرەر خۇشاللىق ئىش بار ئوخشىمامدۇ، لياۋ ئۇستام؟ — دەپ سورىدىم مەن ھاياجانلانغان ھالدا.

— شۇنداق بولمايچۇ! — دېدى ئۇ قولىدىكى رەسىملەرنى پۇلاڭلىتىپ، — ئاخبارات، پەلسەپە، فىزىكا پاكولتېتلىرىدىكى ساۋاقداشلار ماڭا ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن چۈشكەن رەسىملىرىنى ئەكىلىپ بەردى. قاراڭلار، مانا!

ئىككىمىز يېقىن بېرىپ قارىدۇق، پاھ، ھەممىسى بىزگە تونۇشلۇق بولغان بىز بىلەن مەۋسۇمداش "تالىپلار" ئىكەن.

— رەسىم ساقلاش ھەۋەسكارى ئوخشىمامسىز؟ — «تەنتەربىيە گېزىتى»گە تېخى ئىشقا بارمىغان سۇڭ چاڭمىڭ مۇخبىرنىڭ زىيارەت قىلىش تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىشقا باشلىدى.

— ھە، توغرا ئېيتتىڭىز شياۋسۇڭ. — لياۋ ئۇستام بۇرۇلۇپ كارۋات ئاستىدىن بىر چامداننى ئېلىپ چىقتى ـ دە، ئۇنىڭ ئىچىدىن شاپۇر ـ شۇپۇر قىلىپلا بىرتالاي رەسىمنى ئېلىپ چىقىپ قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

بىز رەسىملەرنى كۆرۈپ، ھەيران قېلىپ ئاغزىمىز ئېچىلىپلا قالدى.

— ئۆيدە يەنە بار. — لياۋ ئۇستام خۇددى كىچىك بالىنىڭ مېھمان ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلاپ ساقلىغان نەرسىلىرىنى كۆز-كۆز قىلغاندەك، خوشاللىغىدىن كېرىلىپ كەتتى.

— ھە، بۇ رەسىمنىڭ يېشى مېنىڭ بىلەن تەڭ دەڭا! — مەن لياۋ ئۇستامغا قاراپ قويدۇم.

— بۇ ئەللىك سەككىزىنچى يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەسىمى. — لياۋ ئۇستام سەل-پەل ساغىرىپ قالغان بۇ رەسىمنى ئىككى قوللاپ قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنى تونۇشتۇرغاندەكلا بىزگە رەسىمدىكى كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇپ كەتتى: بۇ ئۆز زامانىسىدىكى "نەزىرىيىچى"، ھازىر «پەلسەپە» ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى؛ بۇ ئۆز زامانىسىدىكى "ئۆسمۈرلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى"، ھازىر بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىشلەيدۇ، يېقىندا كۇتۇپخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا كۆتىرىلدى... ئۇ كۆزەينەك تاقىغان ئاۋاق بىر ياشنى كۆرسىتىپ، — بۇ كىشىنى تونامسىلەر؟ — دىدى.

مەن خېلىغىچە سىنچىلاپ قاراپ، ئىككىلەنگەن ھالدا:

— چىراي شەكلى پىروفېسسور ليۇ شياگېنىغا ئوخشاپراق تۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئىڭىكى ئوخشايدىكەن، — دىدىم.

لياۋ ئۇستام بېشىنى لىڭشىتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇ ھازىر سىپايە پىروفېسسور بولغىنىنى بىلەن، ئۇ چاغلاردا بەك كەپسىز شەيتان ئىدى!

لياۋ ئۇستام يەنە بىر پارچە رەسىمنى قولىغا ئېلىپ قاراپ قويدى-دە، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، قولى بىلەن رەسىمدىكى كالتا يەڭلىك تەنھەركەتچىلەر كىيىمى كىيىۋالغان بىر ياشنى كۆرسىتىپ

تۇرۇپ دېدى:

— بۇ ياۋچېن بولىدۇ، ئاتمىش ئۈچىنچى يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن، گەپكە ئۇستا. قەلىمى كۈچلۈك؛ قانداق قىلىپ ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ قاتارىغا ئۆتۈۋالدىكىن تاڭ. ھەي، ئىست.

— بۇ رەسىملەردە سىز يوقمۇ؟ — دېگەن سوئالىنى قويدى سۇڭ چاڭمىڭ كۈچلۈك نارازىلىق كەيپىيات بىلەن.

— مەنمۇ؟ — لياۋ ئۇستام قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ چىسكە چېچىنى سىلاپ، يۇمۇرلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولمىسام، سالاھىيىتىم توشمايدۇ-دە، — دېدى.

— بۈگۈن سىنىپىمىزدىكى بارلىق ساۋاقداشلار سىزنى رەسىمگە چۈشۈشكە تەكلىپ قىلىشۋاتىدۇ. — دېدىم مەن دەل پەيتىدە ئۇنى تەكلىپ قىلىپ، ”سىنىپىمىزدىكى بارلىق ساۋاقداشلار“ دېگەن سۆزنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ ئېيتتىم.

ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، دەرھال قولىنى چايقاپ دېدى:

— ياق، مېنى تەكلىپ قىلماڭلار، مەن ئۆمرۈمدە رەسىمگە چۈشۈپ باققان ئەمەس.

— بۇدا چوقۇم بارىسىز، — مەن تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋالدىم.

سۇڭ چاڭمىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ، لياۋ ئۇستامنىڭ بىرمۇنچە تەرىپىنى قىلىپ دېدى:

— سىز بارمىسىڭىز، بۇ رەسىمىمىز ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالىدۇ.

— ھەي شياۋ يوەن، شياۋسۇڭ! — دېدى لياۋ ئۇستام سەمىمىي ھالدا، — تەكلىپ قىلىپ كەلگىنىڭلارغا ھەشقاللا. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەن مەكتەپتە ئوتتۇز نەچچە يىل ئىشلىدىم. ھەر بىر

قاراردىكى ساۋاقداشلارنىڭ خوشال ـ خۇرام ھالدا مەكتەپكە كىرىپ، يەنە شات ـ خۇراملىق بىلەن مەكتەپتىن چىققىنىنى كۆردۇم. مېنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شاتلىق بولامدۇ! ماڭا رەسىمگىلاردىن بىر پارچە تەقدىم قىلساڭلارلا بولدى...

شۇنداقتىمۇ، بىز ئۇنى ئاخىر مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا "تەكلىپ" قىلىپ ئەكەلدۇق.

ئەمما رەسىمگە چۈشكۈچىلەر رېتىنى تۈزەشتۈرگەندە، لياۋ ئۇستامنىڭ غىپپىدىلا تىكئۆەتكەنلىكىنى سېزىپ قالدىم، لياۋ ئۇستامغا "قاراپ تۇرۇش"قا قويۇلغان سۇك چاگىمكىنى: ئۆلگۈر "دارازا"، گەپ دىسە تازا سۆزلەيسەن، دەپ قاتتىق ئەيىپلىدىم. دوغىلاق بىلەن ئىككىمىز لياۋ ئۇستامنى يەنە بىر قېتىم چاقىرىشقا باردۇق، ئۇنى نەدىنمۇ تاپقىلى بولسۇن.

ئاپارات "كاراس" قىلىپلا رەسىم تارتىلىپ بولدى. بىراق لياۋ ئۇستامنىڭ كېتىپ قالغىنى يامان بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن چۈشكەن بۇ رەسىمنى قولۇمغا ئالغاندا، رەسىمگە چۈشمەي قالغان لياۋ ئۇستامنى تېخىمۇ بەك ئەسلىدىم. ھازىر ئۇ نىمە قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ دەرسخانىلارنى تازىلاپ، كىيىم ـ كېچەك ياماپ، كېسەل بولۇپ قالغان ساۋاقداشلارغا دورا ۋە ئۇسسۇلۇق ئاپىرىپ بېرىپ يۈرەمدىغانمىدۇ، ياكى دەرسخانىنىڭ ئارقا ئىشىگىنىڭ ئالدىدا، ساۋاقداشلارنىڭ دەرس ئوقۇش ئەھۋاللىرىغا مەسلىگى كېلىپ قاراپ تۇرىدىغانمىدۇ؟... راست! ئېھتىمال، ئۇ بىزنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندە چۈشكەن رەسىمىمىزگە سىنچىلاپ قاراپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە

www.uyghurkitap.com

ئىشلەۋاتقان ھەر بىر ساۋاقداشنى ئەسلەۋاتقاندۇ. قەدىردان ئانا، بىلىم بۇلغى بولغان ئالى بىلىم يۇرتىدا، سىز ئېتىۋارغا ئېلىنمايدىغان ئاددى ئىشچى بولسىڭىزمۇ، لېكىن سىز ئۆزىڭىزنى مائارىپ ئىشلىرىغا شۇ قەدەر سادىقلىق، ئىشەنچلىك بىلەن بېغىشلىدىڭىز. ئۇزاقتىن بۇيان يېڭىلارنى كۈتۈۋېلىپ، كونىلارنى ئۇزىتىپ تۇردىڭىز، پىشانىڭىزغا چۈشكەن ھەر بىر قورۇق، چىكە چېچىڭىزدىكى ھەر بىر تال ئاق چاچ سىزنىڭ جاپالىق بىلەن ئىشلىگەن ئىش-ئىزلىرىڭىزنىڭ خاتىرىسى. نەتىجىڭىز بىلەن تۆھپىڭىزنى نىمە بىلەن ئۆلچەش كېرەك؟ بىرىنچى دەرىجە، پەۋقۇلئاددە دەرىجە بىلەن ئۆلچەش كېرەكمۇ؟ ياق، بۇلار كەملىك قىلىدۇ. شۇنداق دېيىش كېرەككى، سىزگە ئوخشاش مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن كىشىلەر ۋەتىنىمىز ئاسمىنىنىڭ بىر تەرىپىنى تىرەپ تۇرماقتا. بىز، ھەر بىر ساۋاقداش سىزنى مەڭگۇ ئەستە ساقلايمىز، ئۆزىمىزنى ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەشكە ۋە ھايات كەچۈرۈشكە ھەممە ۋاقىت دەۋەت قىلىپ، جۇڭخۇا ئېلىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

**[ئاپتور ھەققىدە]** زېڭ گوۋېي، ئەر 1947 - يىلى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خېڭشەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، دۆيگە قوشۇلۇپ ئىشلىگەن، ئىشچى بولغان. 1981 - يىلى تۇنجى ئەسىرى «خەيرلىشىش»نى ئېلان قىلغان ھەمدە «خۇش پۇراق ئوت» ئەسىرى 1981 - يىللىق ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، ھازىرغىچە ئون نەچچە ھېكايە ئېلان قىلغان، ھازىر خۇنەن خەلق نەشرىياتىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984 - يىللىق 3 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: رەيىمجان.

تەرجىمە مۇھەررىرى: رەقىپ ۋاھاپ.

# كىچىك ھېكايىلەر

## «تاللانغان ھېكايىلەر» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ئىلاۋىسى:

«ئىشچىلار گېزىتى» 1983 ـ يىلى ئويۇشتۇرغان "سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلغۇچىلار" دېگەن تېمىدا ئەسەر قوبۇل قىلىپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئىشچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدىن يەتتە كىچىك ھېكايىنى تاللاپ، كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدۇق.

## قىزىغان شاخمات

### جاڭ شىنمىن

قۇيمىچىلىق سېخىنىڭ مودىرلىقىغا نامزات كۆرسىتىشتە، كۆپچىلىكنىڭ رايىنى سىناش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئەھۋال ئىگەللەش ئارقىلىق، ھەممىنىڭ پىكرى دا خۇاڭ بىلەن شياۋلىغا مەركەزلىشىپ قالدى. خىزمەت قابىلىيىتى، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتە ھەر ئىككىسىنىڭلا ئۆزگىچىلىكى بولۇپ، بىر بىرىدىن قېلىشمايتتى. شۇڭا، كىمنى مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىسىدە كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭنىڭ بېشى قاتتى. ئۇ قايتا ـ قايتا ئويلىنىپمۇ بىر قارارغا كېلەلمىگەندىن كېيىن، زاۋۇتنىڭ يېڭى باشلىقىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى.

زاۋۇت باشلىغى بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

—سىز ماڭا بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان باشقا تەپسىلى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟—دەپ سوئال قويۇپ قالدى كۈتمىگەن يەردىن.

—ئۇ ئىككىسى توغرۇلۇق دەمسىز؟—دەپ سورىدى بۆلۈم باشلىقى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ. ئۇ پېشانىسىغا چۈشۈۋالغان رەتسىز چاچلىرىنى ئۇششاۋاتقاندا، ئېسىگە توساتتىنلا بىر ئىش كېلىپ قالدى-دە، دېدى:

—ھە، راس، ئۇلارنىڭ ئىككىسىلا شاخمات ئۇستىلىرى. دا خۇاڭ ئۇدا ئۇچ يىل زاۋۇت بويىچە چېمپىيون بولدى. شياۋلى گەرچە دا خۇاڭدەك مۇقىم نەتىجىگە ئېرىشىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكەن يىلى ئۇچىنچىلىككە ئېرىشكەن ئىدى.......

—ياخشى گەپ، مەن ئۇ ئىككىسىنى تېپىپ بىرقانچە مەيدان ئېلىشىپ كۆرەي،—دېدى زاۋۇت باشلىقى قىزىقسىنغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ. زاۋۇتنىڭ بۇ باشلىقىمۇ ئەسلىدە شاخمات خۇمارى ئىكەن.

زاۋۇت باشلىقى ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىش ئۇچۈن، ئالدى بىلەن بىرمۇنچە ئىشچىلاردىن ئەھۋال ئىگەللەپ، ئاندىن مۇسابىقە پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. تۈنۈگۈن كەچتە ئۇ دا خۇاڭ بىلەن ئۇچ مەيدان شاخمات ئوينىدى. دا خۇاڭ ئەزەلدىن ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئويناپتتى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى "يۇمشاق ئويناپ قاتتىقنى يېڭىش، تويۇقسىز مات قىلىپ قويۇشقا ئۇستا" دەپ تەرىپلىشەتتى. لېكىن ئۇ تۈنۈگۈن دىگەندەك ياخشى ئوينىيالمىدى. ئۇ ئۇچ مەيداننىڭ ھەممىسىدىلا تەڭ چىقىپ قالدى. زاۋۇت باشلىقى ئىككى قولىنى قوشلاپ تۇرۇپ:

ــ ئۇدا ئۇچ قېتىم يول قويۇپ، مېنى تازا خىجىل قىلىپ قويى-
دىڭىز، ــ دېدى.
بۇگۈنكى مۇسابىقىغا شياۋلى چۈشكەن ئىدى. شاخماتچى بۇرادەرلەر
ئۇنىڭغا "چېن ياۋجىن" ① دەپ لەقەم قويۇپ قويغان ئىدى.
ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ جەڭنى باشلاشتا ئوينىتىدىغان " ئۇچ
پالتا" سى بار ئىمىش، قېين ئەھۋالغا يولۇققاندا، يەنە "ئويلىمىغان
يەردىن ئېتىلىپ چىقىدىغان چېن ياۋجىن" دەك، كىشىنىڭ خىيالىغا
كەلمەيدىغان يوللار بىلەن مېڭىپ، قارشى تەرەپنى تەمتىرىتىپ قويە-
دىكەن، ئىككى مەيدان ئوينىلىپ بولغىچە، ئارانلا بەرداشلىق بېرەل-
دىكى، قىلىپتارما ھۇجۇم قىلىشقا زادىلا ئامال قىلالمىدى. ئۇچىنچى
مەيدان تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئوينىلىۋاتقاندا، شياۋلى ئىشكىتىن يېڭى
كىرگەن چاغدىكى قورۇنۇشلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويدى-دە،
زاۋۇت باشلىقىنىڭ مۇرىسىنى قېقىپ تۇرۇپ دېدى:
ــ بۇرادەر، جەڭنى ئون قەدەم ئىچىدە تۈگىتىمىز.
ــ ھە؟ ئەگەر ئۇتتۇۋالالمىسىڭىزچۇ؟ ــ دېدى زاۋۇت باشلىقىمۇ
ئۇنىڭ گېپىگە تەن بەرمەي.
ــ ئۇنداقتا، ئۆمۈر بويى شاخمات ئوينىمايمەن.
ــ گېپىڭىز گەپمۇ؟
ــ ئەلۋەتتە!
زاۋۇت باشلىقىنىڭمۇ ئاز-تولا بىڭىسى بار ئىدى. ئۇ چېكىسىگە
سالىقىنلىتىش مېيىدىن ئازراق سۈركەپ، ئۆزىنى روسلىدى-دە،
سالماقلىق بىلەن جەڭگە ئاتلاندى، ئۇ نەچچە ئۆرلەپ، نەچچە

① چېن ياۋجىن ــ تاڭ سۇلالىسىنى قۇرغۇچى سەركەردىلەردىن بىرى.

www.uyghurkitap.com

چۈشۈپ، ئاخىرى رەقىبى بىلەن تەڭ بولۇپ چىقتى. زاۋۇت باشلىقى ھەرىلداپ كۈلۈپ سورۇننى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، شىياۋلى تۇساتتىنلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— توختاڭ، يەنە بىر مەيدان ئوينايمىز، — دېدى.

— ئۆمۈر بويى شاخمات ئوينىمايمەن، دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟ — دەپ مەنىلىك سورىدى زاۋۇت باشلىقى كۈلۈمسىرىگەن كۆزلىرى بىلەن شىياۋلىغا سىنچىلاپ قاراپ.

— بولمايدۇ، بايا بىر يولنى خاتا مېڭىپ قويدۇم، ئۇنى تۈزىتىۋالمىسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ، — دېدى شىياۋلى بوش كەلمەي.

— سىز ئۇخلىيالامسىز، ئۇخلىيالمامسىز، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. ئىش قىلىپ مەن بۈگۈن ياخشى ئۇخلايدىغان بولدۇم، — دېدى زاۋۇت باشلىقى قاتتىق كۈلۈپ.

ئۇ شىياۋلىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، توپ-توغرا كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى......

1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى.



# مۋە قاقـقانـدا

## ۋۇجىنلياڭ



مۋە ـ چۋىلەرنىڭ ھەممىسى ئەتىيازدا چېچەكلەپ كۈزدە ھوسۇل بېرىدۇ. مۋە دىگەننى پىشقىچە ساقلاپ تۇرۇپ، غۇر ـ غۇر شامالدا قېقىلىپ كېتەي دىگەندە ئۈزۈپ يىغىۋېلىش كېرەك. دىڭ شەن بوۋاينىڭ ساۋادى بولمىغاچقا، ”ھوسۇل يىغىش“ دىگەن سۆزنى دىيەلمەي، ئۆز يۇرتىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە ”مۋە قېقىش“ دەيتتى.

بۇ بىر كىچىك زاۋۇت بولۇپ يۈز نەچچىلا ئادەم بار ئىدى. ئالدىنقى قورادا زاۋۇت ئۆيلىرى بار ئىدى. ئارقا قورادا ئىككى تۈپ چىلان ۋە يەنە ئىككى ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئېغىزىدا دىڭ شەن بوۋاي ئولتۇراتتى. يەنە بىر ئېغىزى چايخانا بولۇپ، ئۇ

زاۋۇتـنىڭ پارقازان ئۆيى ھەساپلىناتتى. دىڭ شەن بوۋاي قايناقسۇ قاينىتىپ، پۈتۈن زاۋۇتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قايناقسۇ بىلەن تەمىنلەيتتى، قوشۇمـچە يەنە ھېلىقى ئىككى تۆپ چىلاننى باشقۇراتتى. بىر بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن بۇ ئىككى تۆپ چىلاننىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ دوڭغاقلىقى ۋە قىيرىلىقى دىڭ شەن بوۋايغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

دىڭ شەن بوۋاينى بۇ چىلاننى باشقۇرۇشقا كىمنىڭ تەيىنلىگەنلىكى نامەلۇم ئىدى. بۇ بىر رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالغاچقا، كۆپچىلىكمۇ بۇ ئىشقا باشقىچە قارىمايتتى. دىڭ شەن بوۋاي ساۋاتسىز بولسىمۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سېرىق تۇپارەڭ رامكىلىق كۆزەينەك تاقاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۆزەينىگىنىڭ يېقىننى كۆرۈش ئەينىكى ياكى قىيرىلىق ئەينىكى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ياز كۈنلىرى ئۇ قايناقسۇنى قاينىتىپ قويىاتتى ـ دە، ئىككى تۆپ چىلاننىڭ ئوتتۇرىسىغا قاتلىما ئورۇندۇقنى قويۇۋېلىپ ئولتۇرۇپ كېزىت كۆرەتتى. گېزىت كۆرۈپ چارچاپ قالغاندا، بېشىنى تۆۋەن ئېگەتتى ـ دە، قايناقسۇغا كەلگەن كىشىلەرگە كۆزەينىگىنىڭ ئۈستىدىن تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن خاپا بولغانلار قايناقسۇنى ئېلىپ دەرھال كېتىشەتتى، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئۆزلىگىدىن گەپ قىلمايتتى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن سەسكەنسىمۇ ھەر ھالدا تەپ تارتاتتى، ھەتتا زاۋۇت باشلىقىمۇ ئۇنىڭدىن تەپ تارتماي قالمايتتى. دىڭ شەن بوۋاينىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىدىغانلار ئۇنى كونا پىشقەدەم دېيىشەتتى، ئۇ ئازاتلىق ئۇرۇش دەۋرىدە ئالاقىچى، ئاشپەزلەر بەنىنىڭ باشلىقى بولغان ئىدى. مەلۇم بىر قېتىم قىسىم باشقا ياققا يۆتكىلىپ كېتىۋاتـ قاندا، ئۇ قازان ـ قومۇشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تاغدىن دومۇلاپ

كېتىپ ئىچى زەخمىلەنگەچكە، خېلى ۋاقىتقىچە داۋالانغاندىن كېيىن، ئارقا سەپ تارماقلىرىغا يۆتكىلىپ، لاۋازىمات خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن، 1949-يىلى ئارمىيە شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، مۇشۇ كىچىك زاۋۇتقا تەقسىم قىلىنغان ئىدى. تارىخنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇنىڭ تارىخى زاۋۇت باشلىقىنىڭ تارىخىدىنمۇ ئۇزۇن ئىدى. لېكىن ئايلىق مائاشىغا ئارانلا يەتمىش ئالتە يۈەن ئالاتتى. كۆپچىلىك بەلكىم ئۇنى تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ ھۆرمەت قىلسا كېرەك، ھەم ئۇنىڭدىن تەپ تارتسا كېرەك.

مەلۇم بىر يىلى 8-ئاي كۈز مەزگىلى ئىدى. زاۋۇت باشلىقىنىڭ چوڭ ئوغلى ساۋاقداشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئارقا ھويلىغا كىرىپ كەلدى. بۇ يىگىت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان دىڭ شەن بوۋايغا كۆز تاشلاپ قويۇپ: "دىڭ بوۋا، چىلاندىن بىر-قانچە تال يەپ باقايلى دېۋىدۇق" دېدى-دە، چىلانغا قاراپ تامىغىنى قىرىپ قويدى. دىڭ شەن بوۋاي قاپىقىنى كۆتىرىپ قويدىيۇ، ئۈندىمىدى. بۇ توڭ سويىملار: "مانىڭغا چىقايلى، ھەي، ماۋۇ تۆپكە چىقماق ئاسان ئىكەن"، دېيىشىپ، دەرەخكە يامىشىشقا باشلىدى. دىڭ شەن بوۋاي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۆيىگە كىردى-دە، بىر كالتەكنى ئېلىپ چىقتى ۋە ئوڭ قولىدا كالتەكنى تۇتۇپ، سول قولىدا چىلان غولىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ:

— ئۈزۈپ بېقىشە قېنى، چىلاندىن بىر تال ئۈزۈشىدىغان بولساڭ، كالتەك بىلەن ھەر بىرىڭنى بىردىن سالىمەن! — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى يىگىتنىڭ يۈزلىرى تاتاردى-دە، ساۋاقداشلىرىنى باشلاپ تىكىۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، زاۋۇت باشلىقى ئوغلىنى ئارقىغا سېلىپ كېلىپ، بوۋايدىن ئەپۇ سورىدى.

قائىدە بويىچە بولغاندا، بۇ چىلاننى زاۋۇت باشقۇرۇشى كىرمەك ئىدى. لېكىن ھەر يىلى دىڭ شەن بوۋاي زاۋۇت باشلىقىنى تېپىپ، ”مىۋە قاقىدىغان ۋاقىت كەلدى“ دېگەندىن كېيىنلا ئاندىن زاۋۇت باشلىقى بىرقانچە كىشىنى چىلان قېقىشقا ئەۋەتەتتى. قېقىلغان چىلان بىر پارچە ئەسكى بورا ئۈستىگە دۆۋىلىنەتتى. دىڭ شەن بوۋاي ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، بىر چىنە بىلەن ئۆلچەپ كۆپچىلىككە بۆلۈپ بېرەتتى. زاۋۇت باشلىقى قوشۇلۇپ يۈز نەچچە ئادەم چوڭ-كىچىك، مەرتىۋىسى يۇقىرى-تۆۋەن، دەپ ئايرىلماستىن قاتارغا تىزىلاتتى-دە، دىڭ شەن بوۋاي بۆلۈپ بەرگەن ئۆز تېگىشلىكىنى قاچا-قۇچىلىرىغا قۇيغۇزۇپ ئېلىپ كېتىشەتتى. كىشىلەر ”مانا مەن“ دەپ يۈرگەنلەرنىڭمۇ بۇ بوۋاينىڭ ئالدىدىن تەرتىپلىك تىزىلىپ ئۆتكەنلىكىگە كۆلۈشەتتى، لېكىن يەنە قانائەت تاپقاندەك ھېس قىلىشاتتى. چۈنكى، مۇشۇنداق چاغدىلا دىڭ شەن بوۋاينىڭ يۈزلىرىدە ئېتىخارلىق كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرمۇ بۇ ئىشقا ئادەتلىنىپ قالدى. خۇددى دىڭ شەن بوۋاي ئىجازەت بەرمىگىچە بۇ چىلانلار پىشمايدىغاندەك، ھەتتا ئۇنىڭغا تەممۇ كىرمەيدىغاندەك بىلىنەتتى.

كېيىن، دىڭ شەن بوۋاي ھاردۇقتا چىقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىتىش يىغىنىدا دىڭ شەن بوۋاي مەجلىسخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ، زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئۇزىتىش سۆزىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى ۋە تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق شوراپ قويدى. ئارقىدىن ئۇ تىترەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ كۈلمەكچى بولۇۋىدى، كۆز ياشلىرى ياشاقتەك قورۇلۇپ كەتكەن مەڭزىنى بويلاپ تاراملاپ ئېقىپ كەتتى.

دىڭ شەن بوۋاي قايتقاندا زاۋۇت باشلىقى ئۇنى پويىز بېكىتىگىچە ئۇزىتىپ قويدى ۋە مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ ئۇنى ئۆز يېزىسىغىچە ئاپىرىپ قويدى.

بۇ يىلى چىلان خېلى ئوخشىغان ئىدى. لېكىن، 6 ـ ئاي كىرىشى بىلەنلا زاۋۇتنىڭ ياش ئىشچىلىرى نەپسىنى يىغالماي، چىلاننىڭ تەمىنى تېتىشنى باشلىۋەتتى. ئۇلار بەس ـ بەس بىلەن قاقشىلى تۇردى، بىرەر ـ ئىككى چاڭگالدىن قېقىۋالغانغا رازى بولۇشمىدى. شۇنداق قىلىپ 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ئىككى تۈپ چىلاننىڭ شېخىدا ھېچنەرسە قالمىدى. ئەگەر كۆزۈم تالدى دىمەي قارايدىغان بولسىڭىز، ئەڭ ئېگىز شاخلارنىڭ چاناقلىرىدا ئاندا ـ ساندا قېپقالغان كۆك چىلانلارنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن ئىدى.

بالدۇر يەمدۇ، كېيىن يەمدۇ كۆپچىلىكنىڭ ئىشى دەپ، زاۋۇت باشلىقىمۇ بۇ چىلان بىلەن كارى بولمىدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى شۇنچە جىددى تۇرسا، بۇ قانچىلىك چوڭ ئىش ئىدى دەيسىز؟ لېكىن، زاۋۇت باشلىقى: "قالغان چىلاننى قاقماڭلار، ۋاي دادىغا يېتىپ پىشقاندا كاماندىرۇپكىغا بارىدىغانلاردىن دىڭ شەن بوۋايغا ئەۋەتىپ بېرىمىز، بوۋايمۇ تەمىنى تېتىپ كۆرسۇن" دەپ بۇيرۇق قىلدى.

كاماندىرۇپكىغا كەتكەنلەر كەچكۈزدە قايتىپ كەلدى. ئۇلار چوڭ بىر خالتا چىلان كۆتىرىپ كەپتۇ. خالتىدىكى چىلاننىڭ بەزىلىرى قۇرۇقكەن، بەزىلىرى سېسىپ قاپتۇ. ئەسلىدە، ئەۋەتكەن چىلاننى بوۋاي قايتۇرۇۋەتكەن ئىكەن. بوۋاي زاۋۇت باشلىقىغا: "سىز زاۋۇت باشلىقى تۇرۇپ شۇ بىرنەچچە نەپسخورنى باشقۇرالماپسىزۇ، زاۋۇتنى قانداقمۇ باشقۇرالايسىز؟!" دەپ دۇئايى سالام ئېيتىپتۇ. بۇ گەپنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغاندىن كېيىن، زاۋۇت باشلىقىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئازاپلانغانلىقتىنمىكىن، ياكى تەسىرلەنگەنلىكتىنمىكىن، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغان ئىدى. زاۋۇت بويىچە ئېچىلغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بىر يىغىنىدا، زاۋۇت باشلىقى دىلى شەن بوۋاينىڭ سۆزىنى كۆپچىلىككە يەتكۈزدى. بۇنى ھېچكىممۇ ئويلاپ باقمىغان ئىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەزى يىگىتلەرنىڭ چىرايى خۇددى زاۋۇت باشلىقىنىڭ چىرايى ئۆزگەرگەندەكلا ئۆزگەردى.

كېيىنكى يىلى بۇ ئىككى تۈپ چىلان يەنە تازا ئوخشىدى. لېكىن ھېچكىممۇ تەمىنى تېتىمىز، دەپ قاقمىدى. تاۋۇز چاغىنى كەلگەندە، زاۋۇت باشلىقىنىڭ "مېۋە قېقىڭلار" دېيىشى بىلەنلا كۆپچىلىك چىلانىنى قېقىپ تەقسىم قىلىشتى. چىلان تەقسىم قىلىنغاندا، كۆپچىلىك چوڭ-كىچىك، مەرتىۋىسى يۇقىرى-تۆۋەن دەپ ئايرىلماي قاتارغا تىزىلغان ئىدى.

1983-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى.

ئەسەرنىڭ يېڭى بولۇشى تەلەپ قىلىنغان ئىكەن، پىرىنسىپ جەھەتتە دوراش ۋە قايتىلاشتىن ساقلىنىپ، ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىزدىنىشى بولۇشى كېرەك.

— سۇن لى.

# بېلىقـچى بوۋاي

## ۋاڭ يۈخۋا  چۇ جۈن

بۇ يەر بېلىق تۇتۇشقا باپ كېلىدىغان تەبىئىي بىر جاي بولۇپ، خادا تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، بېلىقـقا قارماق تاشلاۋاتقان بىر بوۋاي قارمىقىنى يۇقۇرىغا تارتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قارمىقىغا بىر يېرىم گەزدىن ئۇزۇنراق بىر تال چوڭ بېلىق ئىلىنىپ نىلون يىپقا ئېسىلىپ قالغاچقا قۇيرۇغىنى شىپاڭلىتىپ تىپىرلاۋاتاتتى. بۇنى كۆر-گەن پىراكتىكانت ماترۇس شاڭفې بىر قولىدا قارمىقىنى، يەنە بىر قولىدا بېلىق سالىدىغان چېلەكنى تۇتقان پېتى ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى ۋە خوشاللىقتىن ۋاقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئارقىدىن، ئۇ بوۋايغا يېقىن بىر يەرگە يۆتكەلدى-دە، قارماق تاشلىدى.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇمۇ ئوتتۇراھال بېلىقتىن ئىككى تال تۇتۇ-ۋالدى ۋە: ”مانا بۇ بېلىقلار ۋە بىر بوتۇلكا لۇجۇ① ھارىغى بىلەن پورت نازارەتچىسى تاغامنى خوشال قىلىۋېتىدىغان بولدۇم-دە! تۈنۈگۈن كەچتە تاغام ماڭا تەرىنى تۈرۈپ، ماترۇسلۇق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەنبىھ قىلغان ئىدى. ئەمدى ئۇ بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ يېقىملىق سۆزلەرنى قىلىپ، مېنىڭ قۇرۇقلۇققا يۆتكۈلۈشىمگە ياردەم قىلىدىغان بولىدى-دە...“ دىگەندەك شىرىن خىياللارنى قىلىشقا ئۈلگۈردى.

---

① لۇجۇ — جاي ئىسمى، سىچۈەننىڭ بىر ناھىيىسى.



— پاھ! بوۋا، سىز بېلىق تۇتۇشقا ئۇستا ئىكەنسىزغۇ!

ئەر كىشىنىڭ بۇ يېقىملىق ئاۋازى شائىپنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ قارىۋىدى، مودا كىيىم كىيگەن بىر جۈپ قىز-يىگىتنىڭ بېلىق تۇتۇۋاتقان بوۋاينىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشتى.

— بوۋا، ئامىتىڭىز كەپتۇ-دە، بېلىقىڭىزدىن ئىككى تال سېتىپ بەرسىڭىز قانداق! — دېدى ھېلىقى يىگىت ھەجىيىپ ۋە چېلەككە قول سوزۇپ بېلىقنى ئالماقچى بولدى.

— بۇ ساتىدىغان بېلىق ئەمەس، — دېدى بوۋاي قارىياغاچ غاڭزىسىنى چىشلىگەن پېتى دېڭىز تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— پۇلى قانچە بولسا مەيلى، ئىككى يېرىم كويدىن بېرەيلى، بولامدۇ، — دېدى قىز نازلىنىپ تۇرۇپ. بوۋاي ئۇلار تەرەپكە بۇرۇلدى-دە، تەمكىنلىك بىلەن:

— ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن، مەن بۇ بېلىقلارنى بىر ئىنقىلاۋى قۇربانىنىڭ ئائىلە تەۋەسىگە بەرمەكچى ئىدىم. ئۇ ئايال كېسەل ئىدى، — دېدى. بۇ چاغدا بوۋاينىڭ قورۇق چۈشكەن يۈزلىرىدىكى كۈلكە ئاللىقاچان يوقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىياغاچ غاڭزىسى قولىدا

بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى.

—بولدى، بولدى، پۇلنى ئاز كۆرۈۋاتامسىز، — دېدى ھېلىقى يىگىت قاپاقلىرىنى ساڭگىلىتىپ، ئۇ ئاۋازىنى تۆۋەنلەتتى-دە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — راس گەپنى دېسەم، پېقىر توي قىلماقچى. بىراق ئۆي يوق، شۇڭا بۈگۈن ئازراق چىقىم قىلىپ ئۆي باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى مېھمان قىلايلى دېگەنتۇق. بىزنىڭ بۇ ئۆمۈرلۈك ئىشىمىزگە بىر ياردەم قىلغان بولسىڭىز، سىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايلى! قانداق؟

— ھى، ھى!

بوۋاي زورلاپ كۈلۈپ قويۇپ غاڭزىسىنى قايتىدىن چېكىشلىدى-دە، ئۇندىمىدى.

— ئۈچ كوي بېرەي، ئۈچ يېرىم كوي بېرەي، بوپتۇ، تۆت كوي بېرەي!

— ئەرزىنىڭمۇ، قىممىتىڭمۇ ساتمايمەن! — دېدى بوۋاي. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، قارمىغىنى يىغىشتۇرۇپ قايتىشقا تەمشەلدى.

— ھەي ئىززىتىنى بىلمەيدىغان قېرى!

ھېلىقى يىگىتنىڭ ئاچچىغى تازا كەلدى-دە، ئېغىزىغا ئالغۇسىز سەت سۆزلەر بىلەن تىللاشقا باشلىدى. ئۇ بىر تال چوڭ بېلىقنى ئىككى قولىدا تۇتۇۋېلىپ، كارنىيى يىرتىلغۇدەك ۋاقىرىدى:

— زادى ساتامسەن، ساتمامسەن؟

— ساتمايمەن!

بوۋاينىڭ سۆزى تۈگىگە-تۈگىمەيلا ھېلىقى يىگىت قولىنى بىر سىلكىدى-دە، بېلىقنى سۇغا تاشلىۋەتتى. ئارقىدىن يەنە «سېنىڭ

گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟ گەپ پۈلـدىغۇ!" دەپـلا بەش كوي پۇلىنى تاشلاپ قويۇپ يېنىدىكى قىزنى يېتىلەپ ماڭدى.

— توختا! — دېدى شاڭفېي چىداپ تۇرالماي، قارماق دەستىسىنى يەرگە سانچىپ قويۇپ، يۈگۈرگەن پېتى ھىلىقى يىگىتنىڭ ئالدىغا باردى.

— سېنىڭ نىمە چاتىغىڭ، پاداڭنى باق! — دېدى يىگىت تەكەببۇرلۇق بىلەن غادىيىپ ۋە بارماقلىرى بىلەن ئۆسكىلەڭ چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ.

— پۇراپ كېتىپسەن، پۇرىغىڭ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتى!

— نىمە پۇراق؟

— سېسىق پۇراق، ئاچچىق پۇراق!

— سەن...سەن نىمە قىلماقچى؟

— تاشلىۋەتكەن بېلىقنى ئۆزەڭگە سۈزدۈرۈپ چىقمەن!

— ھىم! ئاكاڭنىڭ كىملىگىنى تېخى بىلمەيۋاتامسەن؟ بىلىپ قوي، ئاكاڭ گۆشسىز تاماق يەيدىغانلاردىن ئەمەس!

شاڭفېنىڭ قېنى قىزىدى-دە، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئالدىغا دىۋەيلەپ ماڭدى. بويى بىر مېتىر سەكسەن سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ دارازا ئىختىيارسىز ئارقىغا داجىپ بېرىپ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ شاڭفېنىڭ ھەيۋىسىدىن چۆچىدىمۇ، ياكى ئۆزى شۇنداق توخۇ يۈرەكمۇ ئۇنىسى نامەلۇم ئىدى.

— ۋىيەي، قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ چىقىرىۋەتتى ھىلىقى قىز ھودۇقۇپ.

— نىمىگە ۋاقىرايسىز، تېز بولۇڭ......قولۇمنى تارتىڭ!

يىگىتنىڭ ئۈستى-بېشى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن

بولۇپ، ھە دەپ خادا تاشقا يامىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك چىقماقتا ئىدى.

بېلىقچى بوۋاي يەرگە ئىگىلىپ بەش كوي پۇلنى ئالدى-دە، تەمكىنلىك بىلەن ھېلىقى يىگىتنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ:

— تۇت، بۇ پۇلۇڭنى ئۆز يولىغا ئىشلەتكىن، — دېدى ۋە بىرئاز توختىۋېلىپ يەنە قوشۇپ قويدى، — بۇ پۇل راستىنلا ئازراق سېسىپ قاپتۇ، بوگۇنكى كۈندە، پۇل جىننى ئازدۇرالىشى مۇمكىن، لېكىن پەرىشتىنى ئازدۇرالمايدۇ!

ھېلىقى بىر جۈپ قىز-يىگىت پەرىشان ھالدا تىكىلىۋېتىشتى......

شائىقېي بوۋاينىڭ بېشىنى چايقاپ خۇرسىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىككىلەنمەي بېرىپ چېلەكنى ئالدى-دە، ئىچىدىكى بېلىقنىڭ ھەممىسىنى بوۋاينىڭ چېلىكىگە تۆكۈپ بەردى.

— سىزنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟... — دېدى بوۋاي داڭقېتىپ.

— ئاپىرىپ ھېلىقى كېسەل كىشىگە پىشۇرۇپ بېرىڭ، — دېدى شائىقېي پىچىرلاپ ۋە گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، — بۇ بېلىقلار سېسىق پۇرىمايدۇ. مەن بۇ بېلىقلارنى ئىچ پۇشۇغۇمنى چىقىرىش ئۈچۈنلا تۇتقان ئىدىم. قاراڭ، بۇ جانىۋارلارنىڭمۇ دېڭىزغا قاچقۇسى كېلىۋاتىدۇ!

شائىقېي قارماق دەستىسىنى مۈرىسىگە قويۇپ، قۇرۇق چېلەكنى كۆتەردى-دە، ئەتىگەن كەلگەن چىغىرىدىكىدەكلا قۇرۇق قايتتى، ئۇ ئۆيىگە ئەمەس، بەلكى جاي-جايلاردىن كەلگەن پاراخوتلار كېلىپ توختايدىغان پورت تەرەپكە قاراپ ئىلدام كېتىپ باراتتى.

1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى.

www.uyghurkitap.com

# ئاچقۇچ

## لۇشىنمىن

كوچا ئوتتۇرىسىدىكى باغچا. ئۇ كۆمۈشتەك ئاي نۇرىدا باغچىغا يېتىپ كەلگەندە قىزغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. قىز ئورۇندۇقنىڭ بىر چېتىگە سۈرۈلدى-دە، ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بەردى.



— سىز كەلگىلى خېلى بولغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئەيتاۋۇر كېچىكىپ قالمىدىمغۇ!

— ھى، ھى.

— ھى، ھى!

كەچنىڭ سالقىن شامىلى خۇددى شوخ بالىلاردەك، دەم ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا ئېغىنىسا، دەم ساڭگىلىنىشىپ تۇرغان تال شاخلىرىغا ئېسىلىپ ئىلەڭگۈچ ئوينايتتى.

— مەڭ! — دېدى ئۇ پاقىراپ تۇرغان ئىككى تال ئاچقۇچنى قىزنىڭ ئالقىنىغا تاشلاپ.

— يارايسىز.

— يارىمىسام بولامتى؟

قىز كۈلۈپ تاشلىدى.

— ھازىرچە ماختىماي تۇرۇڭ، بۇنى مەن ياسىمىدىم.

— ھە، كىم ياسىدى؟

— پۇل تۆلەپ دۇكاندا ياساتتىم.

كەچنىڭ شاملى ھېرىپ قالدىمىكىن، تال-چىۋىقلاردىن تېرى كەتتى. تال-چىۋىقلارنىڭ ئارىسىدىن كوچىنىڭ چېتىدىكى بۇيرۇقخا-نىنى، گاھ يېشىل، گاھ قىزىل يېنىۋاتقان چىراقلارنى كۆرۈشكە بولاتتى.

— ئۆزىڭىز ياسىيالامسىز؟

— چيەنگوگنىڭ ئاچقۇچ ياسىغى ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىشقۇ.

— ۋاقتىڭىز چىقمىدىمۇ يە؟

— بىر تال تاماكا چەككەنچىلىكلا ۋاقتىتا پۈتىدۇ.

— ھىم، پۇلۇم بار، دىمەكچىكەنسىز-دە.

— ئۇنداق گەپ ئەمەس، قوشناچىمىنىڭ ئىشىنى ئوخشاتقان خۇرۇچى، دىگەن گەپ بار ئەمەسمۇ.

— كۆزۈڭىزنى يۇمۇۋېلىپ قارىسىڭىغا سۆزلەۋېرىدىكەنسىز. سىختا نىمە كەم ئىدى؟

— بارلىغى بار، ئالتۇندەك پاقىراپ تۇرغان مىس دەمسىز، كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان ئاليۇمىن دەمسىز. ھەممىسىلا تېپىلىدۇ. لېكىن، ھەممىسىلا ئومۇمنىڭ-دە!

نېرىدىكى بۇيروقخانىدا دەم قىزىل چىراق، دەم يېشىل چىراق يېنىپ تۇراتتى......

ئۇ كۈلۈمسىرەپ شۇ ياقتىن كۆزىنى ئۈزمىگەن ئىدى، قىز بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

ـــ قىزىل چىراق توختاشنىڭ بەلگىسى، يېشىل چىراق مېڭىشنىڭ بەلگىسى، ـــ دەپ پىچىرلىدى يىگىت جىمجىتلىقنى ئاخىرى بۇزۇپ.

ـــ پاھ، سىز قالتىس ئىنتىزامچانكەنسىزغۇ!

ـــ ھى، ھى.

ـــ ھى، ھى، ھى......

1983 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.

ئۇسلۇپ شەكىللىنىشىنىڭ مۇھىم ئاساسى يازغۇچىنىڭ مول تۇرمۇشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتا بولغان ئالىجاناپ ئارزۇ-ئىستىكىدۇر. مول تۇرمۇش ئۇنى دەيدىغان گېپىنى دىگۈزۈپ، ئەسىرىنى تولۇقلىتىدۇ؛ ئالىجاناپ ئارزۇ-ئىستەك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا پايدىلىق بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئۇسلۇپ ھەرقانداق ۋاقىتتا نوقۇل ھالدا شەكىللىنىۋېرىدىغان مەسىلە ئەمەس، ئۇ يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسى، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن ئەبەدىلئەبەت بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

ـــ سۇن لى.

# دوقمۇشتىكى يېڭى يايمىچى قىز

## لىن فاجىن



سەھەر، قېلىن تۇمان ئارىسىدا، چەرچىن مال ساتىدىغان قول هارۋامنى ئىتتىرىپ ئەتىگەندىلا كوچىغا چىقتىم. ئۆزەم يەككە تىجارەتچى بولغاچقا، مال سېتىش ئۈچۈن كوچىغا دائىم چىقىپ تۇرسامۇ، لېكىن مەن بويىغا يېتىپ قالغان چوڭلا قىز بولغانلىغىم ئۈچۈن، خۇددى چەرچىن مال ساتىدىغان قول هارۋامدا ھەممە نەرسە بولغاندەك، مىڭەمنىمۇ تۈرلۈك خىياللار چۇلغۇۋالاتتى ۋە ئويلاپ-ئويلاپ يەنە باشقا چىقىرالمايتتىم.

ئازاتلىق كوچىسىنىڭ بۇرۇلىدىغان دوقمۇشىدىكى بىر پارچە بوش يەر بىز يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ يايمىچىلىق قىلىشىمىز ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئىدى. بۈگۈن يېنىمدا گۈرۈچ سۈزمىسى ساتىدىغان بىر يايمىچى قىز پەيدا بولۇپ قالدى. قىزنىڭ يېشى مېنىڭدىن كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ ئاناردەك يۈزلىرى كىشىنى ئۆزىگە

جەلىپ قىلاتتى، ئۇنىڭ قاپ ـ قارا بۇدرە چاچلىرى ئىشتا كىيىدىغان ئاق پوسىمىسىنىڭ سىرتىغا چىقىۋېلىپ، ئۇنىڭ كېلىشكەن بەستىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشاتتى.

ــ گۇرۇچ سوزمىسى، ئىسسىق قويماق!

ۋاقىرىغاندا ئۇنىڭ زىل ئاۋازى ھەم ئېنىق، ھەم نازۇك چىقاتتى.

ــ ياخشىمۇسىز ھەدە، تاتلىق گۇرۇچ سوزمىسىدىن بىر چىنە ئىچمەمسىز؟ ــ دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. مەن ئىختىيارسىز بېرىپ ئۇنىڭ شىرەسى ئالدىدا ئولتۇردۇم.

ــ سىزمۇ يەككە تىجارەتچىمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ــ ھەئە، بۈگۈندىن باشلاپ چىقتىم، ھەدە بۇندىن كېيىن كۆپرەك ياردەم قىلارسىز، ــ ئۇنىڭ يۈزلىرى لاپىدە قىزاردى ۋە يولدىن ئۆتكەنلەرگە قاراپ ۋاقىرىدى، ــ تاتلىق گۇرۇچ سوزمىسى، ئىسسىق قويماق!

يېنىمغا يەنە بىر خېرىدار كېلىپ ئولتۇرۇۋىدى، ئۇ دەرھال لىق بىر چىنە تاتلىق گۇرۇچ سوزمىسى كەلتۈردى ۋە "كۆپرەك ئىچىڭ"، دېدى. بۇرۇلۇپ قارىسام بۇ كىشى رايونلۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مودىرى سۇڭ جۇرېن ئىكەن. بۇ قىزنىڭ ئۇنىڭغا ئەتىدىنمۇ بەكرەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتكىنىنى ئەمدى چۈشەندىم. سۇڭ جۇرېن قاچىسىدىكى سوزمىنى قوشۇق بىلەن ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن بىر قوشۇق ئوتلىدى ـ دە، "ياخشى! تەمى ياخشى بوپتۇ!" دېدى. قىزمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: "سىزگىلا يارىغان بولسا، ياخشى بولغىنى شۇ، بازىرىمىزمۇ ئىتتىك بولغىدەك،" دېدى. سۇڭ جۇرېن كۈلۈپ كەتتى ـ دە، بىر قاچا گۇرۇچ سوزمىسىنى بىر اقلا ئىچىۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. سۇڭ جۇرېننىڭ قىلىغىنى قاراڭلار!

ئادەتتە ئۇ ناھايىتى لىللا ئىش قىلىدىغانىدەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەسلىدە نەپسى ئاۋارىسى ئىكەن ئەمەسمۇ!

مەن "ھىم!" دېدىم-دە، دەرھال بېشىمنى باشقا ياققا بۇرىدىم.

— نېمە؟ گۇرۇچ سۆزمىسى تاتلىق ئەمەسمىكەن؟ — دەپ سورىدى سۇلۇك جۇرىن قەدىمىنى توختاتقاندىن كېيىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ.

— ئاچچىققا تويدۇم، — دېدىم تەنە قىلىپ.

— ھەي قىز، قاق سەھەردە نېمىگە ئاچچىقلىنىسىز؟ مۇلايىم بولساڭ باي بولىسەن، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، قاراڭ سىزنى، قاپاقنى مۇشۇنداق ساڭگىلىتىپ يۈرسىڭىز مېلىڭىزغا خېرىدار چىقامدۇ؟

قاراڭلار، بۇ كىشىنىڭ ھەقسىز تاماق يېگىنىنى ئاز دەپ، يەنە مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقىنىنى! دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ قىزىنى ناخشا-ئۇسۇل ئۆمىكىگە ئىمتىھان بەرگۈزۈش ئۈچۈن ئارقا ئىشىكتە ماڭغىنى ئېسىمگە كېلىپ، ئاچچىغىم تېخىمۇ تۇتتى-دە، شىرەگە بىرنى ئۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىپ دېدىم:

— ساختا ماركسىزىم-لېنىنىزىمىڭىزنى يىغىۋېتىۋالسىڭىز بولامدىكىن ئەمدى، بەس!

— قىزچاق، گېپىڭىز بولسا ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ، — دېدى سۇلۇك جۇرىن قىلچىمۇ ئاچچىقلانماي. ئۇ كۈلۈپلا تۇراتتى. — يەككە تىجارەتچى بولغىنىڭلار بىلەن ياخشى ئىشلىسەڭلار يەنىلا شەرەپلىك ئەمەسمۇ؟ ئەگەر......

— ئەگەر شەرەپلىك بولمىسا قانداق قىلماقچى ئىدىڭىز؟ يەككە تىجارەتچىلەر شەرەپلىك بولسا نېمىشقا يەنە قىزىڭىزنى ناخشا-ئۇسۇل ئۆمىكىگە ئىمتىھان بەرگۈزىسىز؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

www.uyghurkitap.com

ــ هى، هــى، ــ دەپ كۈلـدى سۇك جۇرــن سۆزۈمــگە جاۋاپ قايتۇرماي.

ــ ھەدە، باشقىلارنىڭ قالايمىقان سۆزىگە ئىشەنمەڭ... ــ دىـدى ھىلىقى ئانار يۈزلۈك قىز پوكاندەك ئىسلىپ.

ــ مەن نىمە قىپتىمەن؟ مودىرغا تەخسچىلىك قىلغىنىم يوق!

ــ سىـز... ــ دىـدى يىنىمدىـكى قىز قۇلاقلىرىغىـچە قىزىرىپ. ئۇنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغان ئىدى.

دەل شۇ چاغـدا سۇك جۇرــن ئورنــدىن تۇرۇپ ئانار يۈزلۈك قىزغا قاراپ قويدى ـ دە، ئارقىدىن يەلكەمگە قىقىپ تۇرۇپ:

ــ ئەگەر مىنىڭ قىزىم يەككە تىجارەتچى بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ شۇ ئىشنى ياخشى ئىشلىشىنى خالايمەن ھەم ياخشى ئىشلەپ كىتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن! ــ دىدى. ئارقىدىن ئۇ قول ياغلىقىنى چىـقىرىپ ئاغزىنى سۈرتتى ـ دە، ماڭدى.

ــ ھەي، تىخى پۇل تۆلىمىدىڭىز! ــ دىـدىم ئەتەي ۋاقىـراپ. لىكىن ئۇ ھىچنەرسە ئاڭلىمىغاندەك كىتىۋەردى. مەن ئۇنى قوغلىشىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، قولۇمدىن بىرسى تارتتى، قارىسام ئانار يۈزلۈك قىز ئىكەن.

ــ كىشىگە ياخشىچاق بولۇشنى قاملاشتۇرالايــسىزكەن! ــ دىدىم مەن ئۇنىڭ قولىــنى قىـقىۋەتكەنــدىن كىيــىن ئالـغا ئىكـكى قەدەم چامداپ.

ــ ھەدە، بولدى قوغلاشماڭ. ئۇ...ئۇ مىنىڭ دادام!

ــ نىمە؟ ئۇ سىزنىڭ دادىڭىز؟ ــ دىــدىم ھەيران بولــغىنىمدىن كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ، ــ سىز ناخــشا ـ ئۇسۇل ئۆمــىگىگە ئىمتىھان بىرىشكە تىزىملاتمىغانمىدىڭىز؟

— ئۇنداق ئىش يوق، دادام قوشۇلمىغان، مانا قاراڭ. ماۋۇ تىجارەت كىنىشكامنىمۇ دادام ياردەملىشىپ ئېلىپ بەردى. مانا بۇ گۇرۇچ سۆزمىسىنىمۇ دادام ياسىغان!

مەن ئىزا تارتقىنىمدىن ھەسرەتلىك بىر تىنىدىمدە، چەرچىن مال ساتىدىغان قول ھارۋامنىڭ ئالدىغا قايتىپ باردىم. مەن ناھايىتى ئوڭايسىز ھالدا قالغانلىقىمنى سەزمەكتە ئىدىم.

— تاتلىق گۇرۇچ سۆزمىسى، ئىسسىق قۇيماق!

يېنىمدىكى قىز يەنە شۇ يېقىملىق ئاۋازدا ئۈنلۈك ۋاقىراشقا باشلىدى. بۇ ئاۋاز گۇرۇچ سۆزمىسىنىڭ مېزىلىك پۇرىقىغا قوشۇلۇپ، تاڭ شامىلىدا يىراق-يىراقلارغىچە ياڭرىماقتا ئىدى.

1983 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى.

يېڭىچە قىلىپ يېزىش ئۈچۈن رېيالىستىك بولۇش كېرەك. ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن نەرسىلەرنى يېزىش كېرەك، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ئۆزلۈكسىز چۆكۈپ، ئۆزىنىڭ ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرىنى كۆپەيتىپ بېرىش كېرەك.

— سۈن لى.

www.uyghurkitap.com

# نۇرلۇق يۇلتۇز

## سەي شياۋجىن



ئادەمگە ئاتاق ياراشمايدۇ، چوشقىغا سېمىزلىك، دېگەن تەمسىل بار. لېكىن خۇ گۇي ئاتىغى چىقىشتىن قورقمايدۇ. ئۇ ئاتىغى چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس بىر "ئەرباپ".

خۇ گۇينىڭ "نۇرسىز يۇلتۇز" دەيدىغان ئاتىغى بار ئىدى. ئۇ زاۋۇت بويىچە "يېڭىلىق يارىتىش" ماھىرى بولغاچقا، ئاز-تولا يېڭى ھۈنەر كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، كىشىلەر ئۇنىڭ ھېچنەرسىسىنى ياقتۇرمىغاچقا، مۇشۇنداق ئاتاقنى بېرىشكەن ئىدى.

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ تۇنجى بولۇپ كارناي پۇشقاق ئىشتان كىيدى ۋە ئۇزۇن چاچ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىغىنى پىشقەدەم ئۇستىلارنىڭ ياقتۇرمىغىنىنى دېمەي قويايلى، ياش قىزلارمۇ ئۇنىڭدىن ۋابادىن قاچقاندەك قاچاتتى. تانسا ئەۋجىگە چىققان چاغلاردا،

ئۇ "دىسكو"غا ئويناشنى قەيەردىن ئۆگىنىۋالغان ئىدىكىن، دايىم دىگۇدەك ياتاقتا تولغىنىپ ئوينايتتى. بىر كۈنى ئۇ بىرقانچە ئاغىنىلىرىنى چاقىرىپ "ئۆي تانسىسى" ئۇيۇشتۇردى. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا "كەپتەر"، "يۇڭجۇ"، "ياماخا"، "جالىڭ" ماركىلىق ۋەلسىپىتلار ۋە موتسىكلىتلار قورانىڭ ئىچىگە توشۇپ كەتتى. ئەمدىلا بىر مۇزىكىغا ئويناپ بولغاندا ئارىدىن بىر قىزچاق ئۇنىڭغا:

— سىزنىڭ ئوينىغىنىڭىز چەتئەلنىڭ 60 - يىللاردىكى بىرنىمىسىكەن، بۇنداق ئويناش ھازىر ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. مەن سىزگە ئۆگىتىپ قوياي! — دىۋىدى، ئۇنىڭ ئاچچىغى تازا كەلدى - دە، ئۆينىڭ ئىچىدە بىر دەمدىلا جىدەل - ماجىرا چىقىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن كىيىن زاۋۇت ئۇنىڭغا چارە كۆردى. بۇنى ئاز دەپ، ئۇنىڭ يازغان تەكشۈرۈشى زاۋۇت دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا چاپلاپ قويۇلدى.

مۇشۇ بىر پارچە تەكشۈرۈش بىلەن ئۇنىڭ داڭقى چىقىپ كىتىدىغىنىنى ھىچكىم ئويلىمىغان ئىدى. كىشىلەر، "بۇنىڭ ئاز - تولا سەۋىيىسى بار ئىكەن"، دەپ غولغۇلا قىلىشتى، قارىغاندا، ئۇ ھەلىقى بىرقانچە رومان ۋە ژورناللارنى بىكار ئوقۇمىغان بولسا كېرەك، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لاۋجاڭ سىخ بويىچە ئېچىلغان بىر يىغىندا ئۇنى، خاتالىغىنى تونۇش پوزىتسىيىسى ياخشى، تەكشۈرۈشنىمۇ ياخشى يازغان، دەپ ماختاپ كەتتى. بۇنداق بولۇشىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. دەل شۇ چاغلاردا زاۋۇتتا ياشلار ئۈچۈن بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىلدى، ئۇمۇ غەيرەتكە كېلىپ تىزىمغا ئالدۇردى.

ئۇ بىرىنچى كۈنىدىكى ماقالا يېزىش ئىمتىھانىدا بىرىنچىلىكنى ئالدى. كېيىن، جاڭ شۇجى يېشىل سىزىقلىق ماقالا قەغىزىدىن ئىككى دەپتەر

كۆتىرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ كەلدى ۋە ئۇنى ئاز-تولا ماختىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سېختىكى ئىدارە دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ليۇ ئۇستىنى زىيارەت قىلىپ، گېزىتخانىغا ماقالا يېزىپ ئەۋەتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. بۇ ئىشتىن ئۇ گويا باھار شاملى يۈرىكىگە ھوزۇر بېغىشلىغاندەك، راھەتلىنىپ كەتتى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئالاھىدە بىرىپ ئىككى كوي نەچچە موغا "ئالتۇن يۇلتۇز" ماركىلىق بىر قەلەم سېتىۋالدى ۋە چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا روھلۇق كەيپىياتتا سېخقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەمگەك نەمۇنىچىسىنى تېپىپ كېلىش مەقسىدىنى چۈشەندۈرگەندە، قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ بىر دەم تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قارىشىدىن، "سەن بۇ ئىشقا لايىق ئەمەس" دەۋاتقانلىقىنى بىلىنىپ تۇراتتى. دىگەندەك، ئۇ بىرقانچە ئېغىز سۆز بىلەن خۇ گۈيىنى يولغا سالدى. ئۇ ئىشكتىن چىقىۋاتقاندا، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۈلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى-دە، يۈرىكى مۇجۇلغاندەك بولدى. بۇرۇن كىشىلەر ئۇنى ئالدىدىمۇ، ئارقىدىمۇ تىللايتتى، لېكىن ئۇ پەسەنت قىلماي يۈرۈۋېرەتتى. بۈگۈن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ناھايىتى ئوڭايسىزلاندى...... يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەن ئادەم تۇرۇپ، ئەجەبا يەنىلا باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالدىمۇ؟ باشقىلارنىڭ ئالايغان كۆزلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ياشامدۇ؟ ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەيۋاتقاندەك بولدى، قەدىمىمۇ ئاستىلاپ قالدى. پۈتۈن ئەتىراپ جىمجىت ئىدى. ئۇ نېمە قىلىشنى، قەيەرگە بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ پىكىر-خىيالى چېچىلىپ كەتكەن ئىدى.

— خۇ گۈي!

ئۇ بىرسىنىڭ تۆۋەن ئاۋازدا چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئارقىغا

بۇرۇلدى. لېكىن، ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ، "چۈش كۆرۈۋاتامدىم قانداق؟" دەپ ئويلاپ قالدى.

— يولداش خۇ گۇي!

ئۇ ئالدى تەرەپكە قارىۋىدى، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشىنىڭ چىراق يورۇغىدا تۇرغانلىغىنى كۆردى.

— يىگىت، سىز چۈشتە مېنى زىيارەت قىلماقچى بولغاندا رەت قىلغان ئىدىم. بۇ قىلغىنىم توغرا بولماپتۇ. بايا، شۇجى مېنى تەنقىت قىلدى. مېنى كەچۈرۈڭ!

خۇ گۇي ھاياجانلانغانلىغىدىن ليۇ ئۇستىنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— ئېسىلمىسىڭىزمۇ قېچىپ كەتمەيمەن، — دېدى ليۇ ئۇستا ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ. ئۇ يولنىڭ چېتىگە ئولتۇردى-دە، مەنىلىك قىلىپ دېدى:

— سىز نېمىشكە مېنىلا يازماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— سىز ئەمگەك نەمۇنىچىسى تۇرسىڭىز! — دېدى خۇ گۇي ئۇنىڭ سورىغان سوئالىغا ھەيران بولۇپ.

— مېنىڭچە، سىز ئۆزىڭىزنى يازسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟

— مەن ئۆزۈمنى؟ — دېدى خۇ گۇي ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ۋە قاتتىق كۈلۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆزۈمنىڭ نېمىسىنى يازىمەن؟

ئۇ بۇ سوئالنى ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ قويۇۋاتقاندەك ئىدى.

— سىز مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىسىز! — دېدى خۇ گۇي ئاچچىقلىنىپ.

— ياق، — دېدى ليۇ ئۇستام ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن، — دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەممىمىزنى يېزىش كېرەك، كىشىلەر ھەر كۈنى دىگۈدەك

ئۆز سۆز ـ ھەركىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ.......

جىمجىت كېچە. خۇ گۇي تۇغۇلغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقۇزدى. ئۇ ئەستايىدىل ۋە كەسكىن پوزىتسىيەدە تۇرۇپ ئويلايتتى. ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىدىكى بارلىق ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ۋە تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ كېلىچىكى ئۈستىدە ئىزلەندى. ئۇ بۇرۇن زادىلا مۇنداق كەسكىن ۋە ئەستايىدىل پوزىتسىيەدە بولۇپ باقمىغان ئىدى....... تاڭ ئاتتى. ئۇ راستىنلا ئۆزى ھەققىدە يېزىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ساتراچخانىغا بېرىپ، ئۇزۇن چاچلىرىنى قىسقارتىۋەتكەنلىكىنى يازدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا كۇرسقا بېرىپ ئوقىدى ياكى ماقالىسىنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىپ يازدى.

سۆتەك ئايدىڭ بىر ئاخشىمى خۇ گۇي ليۇ ئۇستام توغرىسىدا يازغان ماقالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، قورۇغا چىقىپ يېنىك نەپەس ئالغاندىن كېيىن، كۆكتىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا نەزەر تاشلىدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى بەس ـ بەس بىلەن نۇر چاچماقتا ئىدى. ئۇ، ئەگەر مەن بىر ئىشنى چىڭ تۇتۇپ، بىر باشقا ئېلىپ چىقسام، ئاشۇ نۇرلۇق يۇلتۇزلاردىن بىرەرسى ماڭا مەنسۇپ بولار ـ ھە، دەپ ئويلىدى.

1983 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.

# نيۇ شۇجى

## شى مىڭجۇ

بىر يىلى بىز تۆمۈريول تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى پىراكتىكا قىلىش ئۈچۈن تۆمۈريول ئۇچاستكىسىغا باردۇق. ئۇ چاغ قىش پەسلى بولغاچقا، تۈن بويى ئۇچقۇنلاپ قار ياغقان ئىدى. دەل-دەرەخلەر، كوچىلار ۋە ئۆيلەر ئاق قارغا چۆمكەنگەن بولۇپ، پۈتۈن شەھەر خۇددى كۆمۈش بىزەكلەرنى تاقىغان گۈزەل قىزغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. مەن ئىچىدىن يانىدىغان پاراۋوز مانتىسيۇرلىغىنى ئۆگەنگەنلىكىم ئۈچۈن، ئاككومۇلياتور گۇرۇپپىسىغا تەقسىم قىلىندىم. بۇ خىزمەتتە، ئۇچۇچانلىقى كۆچلۈك ئېلېكترولىز ئېرىتمىسىگە دايىم دىگۆدەك يېقىنلىشىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، ھاۋانى تەڭشەپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۆلۈم ئىچىگە مەخسۇس شامالدۇرغۇچ ئورنىتىلاتتى. بىز ئىشقا كىرىشكەن كۈنى ئالدى بىلەن شامالدۇرغۇچنى ئايلاندۇرۇپ قويدۇق-دە، ئاندىن زاۋۇتتىن يېڭى چىققان ئاككومۇلياتورلارغا ئېلېكترولىز سۇيۇقلۇغى قۇيۇشقا تۇتۇش قىلدۇق.

ئۈستى-بېشىغا ئاپپاق قار قونغان، قاش-كىرپىكلىرى ۋە چاچ-ساقاللىرى ئاپپاق قىرو باغلاپ كەتكەن بىر كىشى ئۈستىدىكى قار ئۇچقۇنلىرىنىمۇ قېقىشقا ئۈلگۈرمەستىن، ئۇشتۇمتۇتلا كىرىپ كەلدى-دە، كارنىيىنى كېرىپ ۋاقىراپ كەتتى:

— نىمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ قىشتىمۇ شامالدۇرغۇچ ئىشلىتەمدۇ؟

— نيۇشۇجى بۇ ......دەپ توختاپ قالدى تېخنىك ئەھۋالنى

www.uyghurkitap.com

چۇشەندۇرمەكچى بولۇپ. لېكىن ئۇنىڭ سۆزى بۆلۈپ تاشلاندى.

— شامالدۇرغۇچنى توختىتىپ ئاندىن گىپىڭىزنى قىلىڭ! — دىدى نيۇشۇجى بۇيرۇقچىلاردەك بۇيرۇق قىلىپ.

تېخنىك نىمە قىلىشنى بىلمەي، توختاتقۇچنىڭ ئالدىغا باردى ۋە نارازى هالدا توختاتقۇچنىڭ قۇلىغىنى بىر بېسىۋىدى، شامالدۇرغۇچنىڭ غۇرۇلدىغان ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا توختاپ قالدى.

نيۇشۇجى تېخنىكنىڭ هەمرالىغىدا ئىش بۆلمىسىنىڭ ئىچىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. هاۋا تەركىۋىگە ئارىلىشىپ كەتكەن كىسلاتا زەررىچىلىرىنىڭ رول ئوينىغانلىغىدىنمىكىن، نيۇشۇجى ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچىنى چۈشكۈرۋەتتى ـ دە، "قانداق گەپ بولغىنى! يەنە زۇكام بولۇپ قالدىمغۇ!" دەپ غودۇڭشىپ قويىدى. بىز بىر چەتتە قاراپ تۇرغانلار كۈلۈپ تاشلىغىلى تاسلا قالدۇق.

— يىغىن ئېچىپ بىرقانچە ماددىلىق تۈزۈم بېكىتمەي بولمىدى. توك ئىقتىسات قىلىشقا ئەهمىيەت بەرمەسەڭلار قانداق بولغىنى؟ ـ دىدى نيۇشۇجى كەسكىن قىياپەتتە تېخنىككا.

ئىشنىڭ قاملاشقىنىنى دىمەمسىز. مەن تېخنىكومنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دەل مۇشۇ ئاككومۇلياتور گۇرۇپپىسىغا بۆلۈندۈم. بۇ ئورۇن خۇددى هىلىقى چاغدا بىز پىراكتىكانتلارنى كۈتۈۋالغانغا ئوخشاش، يەنە بىر تۈركۈم پىراكتىكانتلارنى كۈتۈۋالدى. نيۇشۇجىنىڭ شامالدۇرغۇچنى توختىتىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگىنى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغاچقىمۇ، بۇ ئىشنى ئۇلارغا قىزىقارلىق پاراڭ قىلىپ سۆزلەپ بەردىم. ئوقۇغۇچىلار بۇنى ئاڭلاپ "قاه ـ قاه" لاپ كۈلۈپ كېتىشتى. پەقەت شۇ چاغدىكى هىلىقى تېخنىكلا باش چايقاپ بىرنىمە دىيىشكە تەمشىلىپ تۇراتتى، ئىشىك ئېچىلدى.

كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كېلىدۇ، دېگەن گەپ راس ئىكەن. نيۇشۇجى كىرىپ كەلدى، مەن، ھېكايەمنىڭ داۋامى ئەمدى چىقىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم-دە، ئوقۇغۇچىلارغا كۆز ئىشارىسى قىلىپ قويدۇم.

بۇ ئىشلارنى نيۇشۇجى زادىلا سەزمىگەن ئىدى. ئۇ بۇرنىنى بىلىنەر-بىلىنمەس تارتىپ قويۇپ، توختىماستىن تەرەپكە ماڭغان ئىدى، مەن چەكچىيىپ قاراپ قالدىم. ئۇ ئۇلۇك قولىنى سوزۇپ توختاتقۇچنى كۇچەپ بىر بېسىۋىدى، تۆت شامالدۇرغۇچ تەڭلا غۇرۇلداپ ئايلىنىشقا باشلىدى.

— يولداش تېخنىك، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا دىققەت قىلىڭ. ئەگەر كۆپچىلىكنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يېتىدىغان بولسا، سىز بىلەن ھېساپلىشىمەن!

خۇددى يۇمران مايسىلارغا سىم-سىم يامغۇر ياققاندەك، بۇ سۆز بىزگە تولىمۇ يېقىملىق ۋە سەممىي تۇيۇلدى. بۇ كىشىدە بۇرۇنقىدەك قوپاللىق قالمىغان ئىدى.

ئۇ قولىغا بىر جۇپ رېزىنكە پەلەينى كىيىپ، ئارقىدىن سېلىشتۇرما ئېغىرلىق ئۆلچەش ئەسۋابىنى ئالدى-دە، چاخچاق ئارىلاش دېدى:

— تېخنىك، قاراڭا، لاياقەتلىك شاگىرت بوپتىمەنمۇ، يوق؟ — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئاككومىلىياتورنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقىنى ئۆلچەشكە كىرىشتى. ئۆلچەشنى تۈگەتكەندىن كېيىن تېخنىكنىڭ يېنىغا كېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — «ئىچىدىن يانار پويىزلاردا دايىم بولىدىغان چاتاقلارنى ئوڭشاش توغرىسىدا» دېگەن كىتاۋىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز بوپتىكەن، كۆرۈپ باقسام.

مەن نيۇشۇجىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ چۆچىدىم ۋە قۇلۇغۇمغا

ئىشەنمەيلا قالدىم. بۇ كىتاپنى مەن ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن تۇرۇپمۇ خېلى قىيىندا چۈشىنەتتىم!

ئۇ ئىنتايىن مەنىلىك قىلىپ ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا دېدى:

— ئۆزلۈكىدىن بىلىم ئاشۇرۇپ ئالى تېخنىكومنى پۈتتۈردى، دېگەن دىپلوم ئېلىشۋالمىسام، ماركسىنىڭ يېنىغا قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن. ماڭا كۆپرەك ياردەم قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. نيۇشۇجى كەتكەندىن كېيىن ھېچكىم ئۈندىمىدى-دە، ئىشقا كىرىشىپ كېتىشتى. ساۋاق-داشلاردىن بىرنەچچىسى ماڭا نارازى بولغاندەك قارىشىپ قويۇۋىدى، يۈزلىرىم قىزىرىپ كەتتى. لېكىن مەن يەنە، نيۇشۇجىنىڭ شامالدۇر-غۇچنى توختىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىگى توغرىسىدىكى ھېلىقى ھېكايىنىڭ راستىنلا داۋامى بولغانلىغىغا خوشال بولدۇم.

شامالدۇرغۇچ خۇددى يېقىملىق ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك غۇرۇلداپ ئايلانماقتا ئىدى.

1983 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر توختى.
تەرجىمە مۇھەررىرى: غۇلام غوپۇرى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئۇمۇ؟ مەن!

## ۋاڭ باۋگۈي

نىمە-نىمە؟ ئۇ بىرىنچىلىككە باھالىنىپتىمۇ تېخى؟ مەن ئۆز قۇلغىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيلا قالدىم. ئۇنىڭ ئاۋازى قانداقمۇ مېنىڭكىدەك جاراڭلىق بولسۇن؟ ماھارەت جەھەتتىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن. باشقىسىدىن ئېغىز ئاچمايلا قويايلى، ئاۋاز توغرىلاشتىنمۇ مەندىن سوراپ تۇراتتى ئەمەسمۇ! راست ئاۋۇ كۈنىدىكى سىناقتا ئۇ (بۇ رەسىمنى كۆرگەن كىشىنى ئۆزىنىڭ ئاتىسىنى ئەسلىتىدۇ)* دىگەن گەپنى (ئۆلۈك بۇ رەسىمنى كۆرسە......)دەپ ئېيتىپ سېلىپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالغان ئىدى. (ئۆلۈك قانداقمۇ رەسىم كۆرەلەيدۇ؟)

شۇنداقتىمۇ مەن ئۇ چاغدا كۈلكەمنى ئىچىمگە يوشۇرۇۋالغان ئىدىم. چۈنكى، يېقىندا پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆز مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلار ئىچىدە قىزلاردىن مەن بىلەن يەنە بىر ساۋاقدىشىملا ئىدۇق، بىز ئىككىمىزنىڭ بىرىنچى بولۇپ چىقىشىمىز ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ قېتىمقى سۆز مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولالىسا، ئىنستىتۇتنىڭ ۋەكىلى

* بۇ يەردە گەپ خەنزۇچىدىكى ”使“(shi) خېتىنىڭ ئوقۇلۇشىدىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن ”死“(si) ئوقۇلۇپ قېلىشىدىكى كېلىپ چىققان مەنا ئۆزگىرىشى ئۈستىدە بارىدۇ.

سۆپىتىدە ئۆلكە بويىچە ئېچىلىدىغان (80 ــ يىللاردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سۆز مۇسابىقىسى)گە قاتنىشاتتى. ئەگەر مېنىڭ ئېچىمنىڭ قوتۇرلىغى بىلىنىپ قالسا، ھەممەيلەن مېنى ”تازا بىر... نىمكەن دەپ ئويلاپ قالماسمۇ.

ــ لى لى! ــ دەپ چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى، قايرىلىپ قارىسام، ھىلىقى قىز ساۋاقدىشىم ئىكەن. مەندىن ئاۋاز توغرىلاتقۇزۇشنى ئويلاپ كەلگەندىمۇ يەنە؟ ئۇ يانچۇقىدىن سۆز تېزىسىنى ئېلىپ، ماڭا:

ــ ۋاڭ مۇئەللىم بىزنى ”بىرلىك سەپ“تۈزۈپ چىقىپ، ماقالىنى ياخشىراق ئۆزگەرتىپ، ھەققى يوسۇندا بىزنىڭ مەكتەپنىڭ سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلغۇدەك قىلىپ سۆزلەشكە تىرىشڭلار، دەيدۇ، ــ دىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى ئانچە يۇقۇرى بولمىسىمۇ، ماڭا قۇلىغىمنى يېرىۋەتكۈدەك بولۇپ ئاڭلاندى. سەن شۇ ھالىڭغا بىزنىڭ مەكتەپكە ۋەكىللىك قىلالامسەن تېخى؟ ھىم! بۇ قېتىم سېنىڭ مەكتەپتە بىرىنچىلىككە ئېرىشەلىگەنلىگىڭ، تېمىنى ياخشى تاللىيالىغانلىغىڭ ئۈچۈنلا ئىدىغۇ. ئىچىمدە ئانچە خوشال بولمىغان بولساممۇ، يەنىلا ئۇنىڭ سۆز تېزىسىنى قولۇمغا ئالدىم. بىر كۆز يۈگۈرتىپ چىققان ئىدىم، ۋاي ــ ۋوي نىمە دىگەن كارامەتلەر بۇ: تاۋۇشنىڭ پەرقىنى ئايرىش ئۈچۈن، ئوڭاي ئارىلىشىپ كېتىدىغان ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا S، C، Z ياكى Sh، Ch، Zh قىلىپ يېزىۋاپتۇ.

مەن خۇددى چارلامچى ئەسكەر يەردىن مىنا ئىزدىگەندەك قۇر ــ مىسرالارنىڭ ئارىلىرىغىچە بىر ــ بىرلەپ سىنچىلاپ قاراپ چىقتىم. ھىوي مانا. ”مىنا!“ قارىمامدىغان، ــ ”بىلىم“ (知识)

دېگەن سۆزنىڭ (识) ئۈستىگە ئۇ S دېگەن بەلگىنى قويۇپتۇ، خوپ بولدى، ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۇ يەنە "پارتىلىسۇن". ئۆلكە بويىچە سۆز سۆزلەشتە، بىر ھەرپىنى خاتا تەلەپپۇز قىلىپ قويسا نومۇرنى تارتىمىش تېخى. باشقا جەھەتلەردىن ھېچقانداق نۇقسان تاپالمىدىم. لېكىن نىملا بولمىسۇن، بىر يۈرۈش پىكىر تويلاپ قويۇشۇم لازىم، بولمىسا، ھە-ھۇ دېيىشمىدى دەپ، مەندىن ئاغرىنىدۇ.

— ئاخىرقى بىر جۈملىسىنى، — دېدىم مەن ئۆزەمنى ناھايىتى ئەستايىدىل قىياپەتتە كۆرسىتىپ، — سۆزىنىڭ ئۇرامىدىن قارىغاندا، بايان جۈملىنى رىتورىك سوراق جۈملىگە ئۆزگەرتكەن ياخشىدەك قىلىدۇ، بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ جانلىقراق بولاتتى.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، بۇنىڭدىن تامامەن مېنىڭ بۇ خام-خۇتىلا پىكرىمگە قوشۇلغانلىقىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئىچىمدە شۇنداق بەك خوشال بولۇپ كەتتىم. مېنىڭ ئاغزى ئېچىلمىغان نى-نى چارىلىرىمىنىڭ بارلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن. سۆز تېزىسىنى ئەگەر مەن سۆزلەيدىغان بولسام، ئۇنىڭغا شەپە-سىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئەھۋالىنى بىلگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭ سىزغان رەسىمىنى تاماشىچىلارغا تازا بىر كۆرسىتىۋېتىپ، ئاندىن سۆزلەيتتىم، پاھ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۇنۇمى چوقۇم ئەمانىڭ كۆزى ئاغرىغاندەك يىغىشتۇرۇۋالغۇسىز بىر ئىش بولۇپ كېتەتتى-دە.

شۇ كۈنى كەچتە، بىرەيلەن ماڭا مەجلىسكە بارىدىغانلىقىمنى خەۋەر قىلىپ قويدى. ئېھتىمال ئۇنىڭ سۆز تېزىسىنى مۇزاكىرە قىلارمىزمىكىن تاڭ. مەن خوشياقمىغان ھالدا ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدىم، ئىشىكنى چېكەي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئىشخانىنىڭ ئىچىدىن گەپ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشىق ئادرېسى

ـــ كاللامغا يېڭى بىر ئوي كەلدى، ـــ بۇ ئۇنىڭ ئاۋازى ئىدى، ـــ ئەگەر بۇ رەسىمنى دېكراتسىيە قىلساق، سۆز سۆزلەشنىڭ ئالدىدا ئاڭلىغۇچىلارغا ئۇنى ئالدى بىلەن كۆرسىتىۋېتىپ، ئاندىن سۆزلىسەك، ئۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ ـ دە.

ماختىغان سادالار ئاڭلاندى.

خىيالىمغا كىرىپىمۇ باقمىغان ئىكەن، مېنىڭ ھېسلەمدىن ئۇ ھەممە ئىشنى ئۇقۇۋاپتۇ ئەمەسمۇ؟!

ـــ گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ سۆز قابىلىيىتىم لى لىغا يەتمەيدۇ. مەن ۋاڭ مۇئەللىمنىڭ ماقۇللىغىنى ئالدىم، مەكتىۋىمىزنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن، ماقالىنىڭ تىزىسىنى لى لىغا بېرىدىغان بولدۇم، ئۇ بىزنىڭ مەكتەپ ۋەكىلى سۈپىتىدە، ئۆلكە بويىچە ئېچىلىدىغان سۆز مۇسابىقىسىگە قاتناشسۇن.

ئىشخانىدىن ئالقىش ساداسى ۋە ھەممەيلەننىڭ ماقۇللىغانلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

مېنىڭ ئىشىكنى چەكمەكچى بولغان قولۇم گويا توك سوقۇۋەتكەندەكلا توختاپ قالدى. "مەنمۇ!" دەپ ۋاقىراپ سالغىلى تاس ـ تاماس قالدىم.

(1984 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى
«جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: خۇدابەردى خېلىل.
تەرجىمە مۇھەررىرى: ياسىن ھاۋازى.

# ماتېرىيال

شىن شا

خوشاللىقىم ئىچىمگە پاتمىغان ھالدا كۇتۇپخانىدىن ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم.

بۈگۈن ھەقىقەتەنمۇ ئىشىم ئوڭدىن كەلدى دېيىشكە بولاتتى — سومكامدىكى خاتىرە دەپتىرىمگە ماڭا لازىم بولغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسى تېزىسلىرىنى تولدۇرۇپ خاتىرىلىۋالغان ئىدىم — بۇ چۈشتىن كېيىنكى تولۇق يېرىم كۈندە ئىككىنچى قەۋەتتىكى گېزىت-ژورنال قىرائەتخانىسىدا ئولتۇرۇپ تاپقان ھوسۇلۇم ئىدى. شۇڭا كۆڭلۈم يايراپ كەتكەن ئىدى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسى يېزىش ئۈچۈن، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى پاي-پېتەك بولۇشۇپ كەتكەن ئىدى. مېنىڭ دىسسېرتاتسىيە ياقلايدىغان تېمام ئامېرىكىلىق يازغۇچى ئېرنىست ھېمىڭۋاينى تەتقىق قىلىش ئىدى. ئىككىنچى سىنىپتىكى لياڭ ۋېنداۋ دېگەن ساۋاقداش بىلەن ئىككىمىزنىڭ پىكرى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا بىر يەردىن چىقىپ قالغان ئىكەن، مېنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنىم يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسى بولسا، ئۇنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنى يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى ئىكەن، خالاس. باشتا مەن ئۇنىڭمۇ ھېمىڭۋاينى تەتقىق قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىمدا، نېمىلا بولسا بولسۇن، بىر ”يولداش“نىڭ بولغانلىقىغا ھەقىقەتەنمۇ خېلى خوشال بولۇپ يۈرگەن ئىدىم. كېيىنرەك ئىنچىكە ئويلىنىپ باقسام، ئىشنىڭ مېنىڭ كۈتكىنىمە-

www.uyghurkitap.com

دەك ئۇڭاي ئەمەسلىگىنى سېزىپ قالدىم. بىر يازغۇچىنى ئىككى ئادەم تەتقىق قىلىدىغان بولۇپ قاپتىمىز، يەنە كېلىپ ئىككى بىر ئوقۇتقۇچى يېتەكچىلىك قىلىدىكەن، ئوقۇتقۇچى ئىككىمىزنىڭ دىسسېرتاتسىيىسىنى سېلىشتۇرۇپ باقسىلا، پەرقى مانا مەن دەپلا چىقىپ قالاتتى. مەن ئۆزەمنى يوشۇرۇن بىر ئېغىرلىق بېسىپ تۇرغاندەك ھېس قىلدىم، ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ تېخى تازا بىر رىقابەتتەك قىلىدۇ.

بايا ماتېرىيال ئاقتۇرۇۋاتقان چېغىمدا، 1958-يىلىلىق بىر ژۇرنالدا ھېمىڭۋاينىڭ «خەير، قورال-ياراق» دىگەن ئەسىرى ئۈستىدە يېزىلغان بىر ماتېرىيالغا ئىختىيارسىز لا كۆزۈم چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئاپتور ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ھېنرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزگەن بولۇپ، كۆزقارىشىمۇ ئۆزگىچە ئىكەن. لياڭ ۋېنداۋ ئەگەر بۇ ماقالىنى كۆرۈپ قالسا، چوقۇم ئىلھام ئالىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مەن ئىچىمدە بۇ ماقالىنى ئاپىماق ھەقىقەتەن قىيىن، لياڭ ۋېنداۋ تاپالمايدۇغۇ دەپ خېلى تەمەننا قىلىپ كەتكەن ئىدىم.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، ئاشخانىدا لياڭ ۋېنداۋغا يولۇقۇپ قالدىم.

— ھەي، "شىر" توغرىلىق ماتېرىيال بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن پىسەنتىگە ئىلمىغان ھالدا. "شىر" دىگەن ھېمىڭۋاينىڭ لەقىمى ئىدى.

سوراپ قويۇش دىگەن ئۇڭايلا گەپ-تە! مەن كۈلۈپ تۇرۇپ:
— بىرقانچە پارچە كۆردۈم، ھېچقانچە قىممىتى يوق ماتېرىياللار ئىكەن! — دەپلا قويدۇم.

— ئىككىنچى قەۋەتتىكى گېزىت-ژورنال قىرائەتخانىسىدىن ئىزدەپ باقتىڭمۇ، قانداق؟

— ياقا، ياق تېخى، — دەپلا جاۋاپ بەردىم مەن سەل ھودۇققان ھالدا.

— ئەگەر بىرەر ماتېرىيال تېپىپ قالغۇدەك بولساڭ، "مەخپى تۇتۇپ" يۈرمىگىن جۇمۇ!

مەن كۈلۈپ قويۇپ، خاتىرجەم بول دېگەن قول ئىشارىتىنى قىلدىم. ئۇ بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

كەچلىك دەرس تەكرارلاشتىن يېنىپ ياتاققا كىرىشىمگىلا، لياڭ ۋېنداۋمۇ ئارقامدىنلا كىرىپ كەلدى-دە:

— ھى، ھى، بۈگۈن سەن ئۈچۈن ئىشلىگەن بولدۇم «دۇنيا ئەدەبىياتى»نىڭ 1962-يىللىق تۆتىنچى سانىدا ھېمىڭۋاينىڭ ئىسپانىيىسىك ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئىدىيىسى توغرىلىق يېزىلغان بىر ماقالىنى كۆرۈپ قالدىم، ساڭا ئاز-تولا پايدىسى تېگەرمىكىن، — دېدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۆكۈمنى ئاسمانغا ئاتقۇدەك خوشال بولۇپ كەتتىم. ھېمىڭۋاينىڭ ئىسپانىيىدىكى پائالىيىتى توغرىسىدا "ماتېرىيال ئامبىرىم"دا ھېچنېمە يوق ئىدى. "ئايىغىمنىڭ پاشىنىسى تېشىلىپ كەتكىچە ئىزدىسەممۇ ھېچ يەردىن تاپالمايمەنغۇ" دەپ ئويلاپ بېشىم قېتىپ تۇرغاندا، بۇ ماتېرىيالنى ئۇ ماڭا تېپىپ قويۇپتۇ. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئاشخانىدىكى ھەلىقى ئىش بىردىنلا ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ، پۈتۈن بەدەنلىرىمگە تىترەك ئولۇشۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا قارىغان پېتى، قېتىپلا قالدىم، بىر ھازادىن كېيىنلا ئاران:

— رەخمەت، — دېگەن بىر ئېغىز گەپنى دېيەلىدىم.

ئۇ مېنىڭ مۈرەمگە قېقىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى،پاشىنىسىغا ناھال قېقىلغان ئايىغىنىڭ ”تاق، تاق“ قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، يۈزلىرىمگە ئوت ئېلىپ كەتكەندەك ھىس قىلدىم-دە، ئالدىراپ-تېنەپ سومكامدىن خاتىرە دەپتىرىمنى ئېلىپ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقتىم...

(1984 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى
«جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: خۇدابەردى خېلىل،
تەرجىمە مۇھەررىرى: ياسىن ھاۋازى.



# «ئىشچىلار گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان بىرقانچە كىچىك ھېكايە توغرىسىدا

## ساۋ مىڭ

«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ تۆتىنچى سانىغا «ئىشچىلار گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدىنىيەت بەرپا قىلغۇچىلار» دېگەن تېمىدا قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلەر تاللاپ بېسىلدى. بۇ ھېكايىلەرنى ئوقۇغان كىشى يېڭى تەسىراتلارغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ھېكايىلەرنىڭ ئاپتورلىرى زاۋۇت، كان، كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار ۋەقەلەرنى توپ - توغرىسىلا قويۇپ، ئوچۇق - ئاشكارا يازغان بولغاچقا، كىشىنى بەك جەلىپ قىلىدۇ. بۇ ھېكايىلەردە قۇرۇق ۋە يۇقىرى مۇقاملارمۇ، تۈگمەس بايانلارمۇ يوق. ئۇلار رېيال تۇرمۇشنى تۈزلا ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، گەپنى دەل جايىغا تەككۈزۈپ ئېيتقان. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، رېيال تۇرمۇش قىسقا، ئىخچام ۋە ئۇمۇمنى مۇجەسسەملەپ ... تېز ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ قىممەتلىك يېرى ئەنە شۇ يەردە.

بىز «قىزىغان شاخمات» دېگەن ھېكايىنى ئوقۇپ بەك خوشال بولۇپ كەتتۇق. ھېكايىدىكى زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئادەتتىكى شەخس ئىكەنلىكى ئېنىق، لېكىن ئۇنىڭ كادىر تاللاش ئۇسۇلىدا ئۆزگىچىلىك بار. سىز، تاللايدىغان كادىرنى شاخمات ئويناپ بېقىپ

ئاندىن مۇقىملاشتۇرغاننى ئاڭلاپ باقمىغان بولغىيدىڭىز؟ بۇ زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئۆزگىچە ئىندىۋىدۇئاللىقى ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلەنگەن. كۆپچىلىكنىڭ رايىنى سىناش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە دا خۇاڭ بىلەن شياۋلىنىڭ شەرتى بىر بىرىدىن قېلىشمايدىغانلىقى، ھەر ئىككىسىنىڭلا قۇيمىچىلىق سېخىنىڭ مودىرلىقىغا يارايدىغانلىقى ئەسەرنىڭ باش قىسمىدىلا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن. زاۋۇت باشلىقىمۇ ھەر تەرەپتىن ئەھۋال ئىگەللەپ كۆرگەن. مۇشۇنداق ئاساسلارغا ئىگە بولغان تۇرۇپمۇ زاۋۇت باشلىقى خاتىرجەم بولالماي، شاخمات ئويناشتەك مۇشۇنداق ئىنچىكە تەرەپلەردىنمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىستىلىنى سىناپ كۆرگەن. دېگەندەك، زاۋۇت بويىچە ئۇدا ئۈچ قېتىم چېمپىيون بولغان دا خۇاڭ زاۋۇت باشلىقى بىلەن ئۈچ مەيدان شاخمات ئويناپ، ئۈچ مەيداننىڭ ھەممىسىدىلا تەڭ بولۇپ چىققان. زاۋۇت باشلىقى كۆڭلىگە سان پۈككەندىن كېيىن، قولىنى قوشلاپ تۇرۇپ: "ئۇدا ئۈچ قېتىم يول قويدىڭىز-دە!" دېگەن.

شياۋلى ئۇنداق قىلمىغان. ئۇ قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ ئىككى مەيداندا يېڭىۋالغان. ئۈچىنچى مەيداندا غەلىبە قىلاي دەپ قالغاندا، ئىشىكتىن كىرگەندىكى قورۇنۇشلىرىنى قايرىپ قويۇپ، زاۋۇت باشلىقىنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ تۇرۇپ: "بۇرادەر، جەڭنى ئون قەدەم ئىچىدە تۈگىتىمىز" دېگەن. لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولماي، ئىككىسى تەڭ بولۇپ چىققان. شياۋلى بۇنىڭغا رازى بولماي ۋە بولدى قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي، يەنە بىر مەيدان ئويناشقا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن، زاۋۇت باشلىقى ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى بەش قولدەك بىلىپ

بولغاچقا، "مەن ياخشى ئۇخلايدىغان بولدۇم" دىگەن. زاۋۇت باشلىغى بۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنى تاللاش مەسىلىسىدە كۆڭلىدە بىر قارارغا كېلىپ بولغاچقا، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىغىنى ئىزدەپ ماڭغان. ھېكايىمۇ مۇشۇ يەردە تۈگىگەن بولۇپ، ئاپتور زاۋۇت باشلىقىغا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرگۈزمەي، يېشىمىنى كىتاپخانلارنىڭ مۇلاھىزىسىگە قويغان. مۇنداق يوشۇرۇن مەنادا يېزىش ئۇسۇلىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، كىشىلەرنى مۇلاھىزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ ياخشى يېرىمۇ ئەنە شۇ يەردە. زاۋۇت باشلىغى دا خۇاڭنىڭ يۈز قارايدىغانلىغىنى، شۇڭا ئۆزىنى ئەتەي مات قىلمىغانلىغىنى، ئۇنىڭ ياخشچاق كىشى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرگەن. ئەگەر ئۇ رەھبىرى خىزمەت ئۆتەيدىغان بولسا، ياخشچاقلىق قىلمايدۇ، دىگىلى بولامدۇ؟ (زاۋۇت باشلىغىنىڭ "ئۇدا ئۈچ قېتىم يۇل قويدىڭىز" دىگەن سۆزىدىكى "ئۇدا" دىگەن سۆزگە دىققەت قىلىڭ) شياۋلى ئۇنداق قىلمىغان. ئۇ شاخماتنىمۇ پىداكارلىق روھ بىلەن ئوينىغان. ھەتتا ئۇ بىر يولنى خاتا مېڭىپ قويسا، ئۇيىقۇسى كەلمەيدىغانلىغىنى ئېيتقان. ئەگەر ئۇ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىسە، خۇددى شاخمات ئوينىغاندىكىگە ئوخشاش، خىزمەتنى ئاخىرىغىچە كەسكىن ئىشلىشى، يۈز-خاتىرە قىلماي، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى، ئىشنىڭ ئەمىلىي ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، ئۇ تەجرىبىسىزرەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ زىرەكلىكىگە ئىشىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمىلىيەت جەريانىدا چېنىقمامدۇ؟ ئىشنى ئىنچىكە ئىشلەيدىغان بۇ زاۋۇت باشلىغىنىڭ ياقتۇرىدىغىنى ئۇلارنىڭ شاخماتكە ئۇستا ياكى ئۇستا ئەمەسلىكى، سالاكەشلىكى بولماستىن، بەلكى چىداملىق، غەيرەتلىك ۋە چاققانلىق ئىستىلى. كارخانىلار ئىسلاھاتىدا

مۇشۇنداق تاغلاردىن بىرقانچىسى كۆپرەك بولسا نىمە دىگەن ياخشى-ھە! بۇ مىڭ خەتلىكلا ھىكايە بولسىمۇ، ئۈچ كىشىنىڭ خاراكتىرى ۋە ئالاھىدىلىكى قىسقىچە بايان قىلىنغان. بۇ تەرىپىنىمۇ ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

«مىۋە قاققاندا» ھىكايىسىمۇ كىشىنى خېلى تەسىرلەندۈرىدۇ. بۇ ھىكايىدە تەسۋىرلەنگەن پىشقەدەم ئىشچى دىلىڭ شەن مەجرۇھلانغان پىشقەدەم جەڭچى بولۇپ، مەلۇم بىر كىچىك زاۋۇتتا قايناقسۇ قاينىتىشقا مەسئۇل بولغان ھەمدە ئىككى تۈپ چىلاننى ئاڭلىق ھالدا قاتتىق باشقۇرۇپ كەلگەن. ئۇ باشقىلارنى خاپا قىلىپ قويۇشقا رازى بولغانكى، كىشىلەرنىڭ بىر تال چىلاننىمۇ ئۆز مەيلىچە يېيىشىگە يول قويمىغان. شۇڭا، ھەر يىلى چىلان قاققاندا، ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچى يېگى چىلانغا ئېغىز تەككەن. لېكىن بۇ پىشقەدەم ئىشچى ھاردۇققا چىققاندىن كېيىن، ئەھۋال ئۆزگەرگەن بولۇپ، مىۋە پىشماستىنلا پاك-پاكىز يېيىلىپ تۈگىگەن. زاۋۇت باشلىقىمۇ بۇنىڭغا يول قويغان. پەقەت چىلان دەرىخىنىڭ ئەڭ ئۈچىدىلا قالغان چىلاننى كاماندىروپكىغا بارىدىغانلاردىن دىلىڭ شەن بوۋايغا ئەۋەتىپ بېرىشىنى بۇيرۇق قىلغان. كاماندىروپكىغا بارغانلار قايتىپ كەلگەندە، بوۋايغا ئېلىپ بارغان چىلانلارنى قايتۇرۇپ ئەكەلگەن ۋە بوۋاينىڭ زاۋۇت باشلىقىغا "سىز زاۋۇت باشلىقى تۇرۇپ ئاشۇ بىرنەچچە نەپسخورنى باشقۇرالمايسىزۇ، زاۋۇتنى قانداق باشقۇرىسىز؟" دىگەن دۇئايى سالىمىنى يەتكۈزۈپ كەلگەن. بۇ كىچىك ئىشنى چوڭلاتقانلىق بولماستىن، بەلكى مەلۇم سالمىقى بار گەپ بولۇپ، زاۋۇت باشلىقىغىمۇ تەسىر قىلغان. تەنقىدى پىكىرلەرگە قۇلاق سالىدىغان بۇ زاۋۇت باشلىقى دىلىڭ شەن بوۋاينىڭ تەنقىدى پىكىرىنى كۆپچىلىككە

يەتكۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، چىلان ئوغۇرلاپ يىگۈچىلەرمۇ چىقمىغان.

ھېكايىدە دىڭ شەن بوۋاينىڭ ئۆزىنىڭ قاتتىق ئىنتىزامچان ھەربىلەرگە خاس ئىستىل ئارقىلىق، مەدىنىيەتسىز نەپسخورلارغا نەپسىنى يىغدۇرغانلىقى قىسقا ھەم ئاددىي قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ئۆزى كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئابرويى ۋە تەسىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغانلىقى، زاۋۇت باشلىقىنىڭمۇ ئۇنىڭ ئىلھامى ۋە تەربىيىسى نەتىجىسىدە چىلانىنى باشقۇرۇپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. ئەلۋەتتە بۇ يەردىكى مەسىلە چىلان مەسىلىسىلا بولماستىن، بەلكى ئىستىل مەسىلىسى، قاتتىق باشقۇرۇش-باشقۇرماسلىق مەسىلىسى. دىڭ شەن بوۋاينىڭ ئەۋەتىلگەن چىلانىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكى ھەمدە زاۋۇت باشلىقىنى تەنقىت قىلىپ گەپ ئېيتىپ بەرگەنلىكى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، بۇ پىشقەدەم ئىشچىنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ھېكايىدە ئۆزى گەرچە ساۋاتسىز بولسىمۇ ئىنقىلاپ يولىدا مەجرۇھلانغان ۋە ئىنقىلاۋىي ئىسىل ئەنئەنىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن پىشقەدەم ھەربىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان.

«بېلىقچى بوۋاي» ھېكايىسىمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئەسەر. بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن بېلىقچى بوۋاي يالغۇز قالغان ۋە كېسەل ياتقان بىر ئىنقىلاۋى قۇربان ئائىلە تەۋەسىگە بېلىق تۇتۇپ ئاپىرىپ بەرمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ يۈكسەك خىسلىتى بېلىق تۇتىدىغان قارماق چىگىلگەن ئىنچىكە نىلۇن يىپقا باغلانغان بولۇپ، ئۇ ئىخلاس قىلغىنى ئۈچۈن بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتقان. پۈتۈن ئەزايىدىن سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان، مۇناسىۋەتكە تايىنىپ

ئارزۇسىغا يېتىشكە بېرىلىپ كەتكەن ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىگە چاڭگال سالىدىغان ھىلىقى ياشنىڭ ئەخلاقى بىلەن بۇ بېلىقچى بوۋايىنىڭ ئەخلاقى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار-دە! ئىجابى ۋە سەلبى جەھەتتىكى مۇنداق روشەن سېلىشتۇرما كىشىلەرنى ھوشيار بولۇشقا ئۈندەيدۇ، ئەلۋەتتە.

زاۋۇت كارخانىلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى يېڭى ۋە زۆرۈر مەسىلە. ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ يەككە تىجارەتكە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىشمۇ يېڭى شەيئى بولۇپ، 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى ئىدىيىدە ئازات بولۇشنىڭ خۇشاللىنارلىق نەتىجىسى. «نيۇشۇجى»، «دوقمۇشتىكى يېڭى يايمىچى قىز» دىگەن ھېكايىلەر بىزنى بۇ جەھەتتىكى تېمىلار بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ گەرچە ناھايىتى كىچىك تەرەپلەردىكى ئىشلار يېزىلغان ھېكايىلەر بولسىمۇ، لېكىن كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇشقا مۇناسىپ.

مىنىڭچە قانچىكى قىسقا ھېكايىنى يازماق شۇنچە قىيىن. ئەسەر قوبۇل قىلىشقا ئاۋاز قوشقان بۇ ئاپتورلارنىڭ ئىشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە تۇتۇش قىلغانلىقىنى ھەققەتەن ماختاشقا ئەرزىيدۇ ۋە تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىيدۇ. قىسقا ھېكايىلەرنى يېزىشنىڭ قىيىنلىقى شۇ يەردىكى، بۇنداق ھېكايىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ زىچ، بايانلىرىنىڭ ئىخچام بولۇشى، پېرسوناژلار ھەركىتىنى تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىشى، بولۇپمۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ تەسۋىرلەش، سۈپەت سۆزلەرگە زورلىماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. پىشقەدەم ئەجداتلاردىن لۇشۈن ۋە ماۋدۇن ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ بىزنى "قىسقا، تېخىمۇ

قسقا يېزىڭلار" دەپ ئىلھاملاندۇرغانلىقىنىڭ مەنىسى ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر. شۇنداقلا بۇ يېزىقچىلىقتا ئەڭ ياخشى چىنىقىش ھېساپلىنىدۇ. مەن ئوتتۇزىنچى يىللاردا «شىن باۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن سۆھبەت» بېتىدە نۇرغۇن قىسقا ھېكايە ۋە تېز يازمىلارنى ئېلان قىلغان ئىدىم. بۇنىڭ كېيىن قىسقا تەسۋىرلەر ئارقىلىق مۇرەككەپ تېمىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ مەشق قىلىشىمغا ياردىمى بولغان ئىدى. بەلكىم كەسپداشلىرىمنىڭمۇ مۇشۇنداق تەسىراتلىرى باردۇر.

1984 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر توختى.
تەرجىمە مۇھەررىرى: غۇلام غوپۇرى.

ئالىملار تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگىنىگە ئوخشاش، سەنئەتكارمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدىن ئادەملەرنىڭ پسىخولوگىيىسى، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىكىسى، بولۇپمۇ سوتسىيالىزىم دەۋرىدىكى ئاممىنىڭ پسىخولوگىيىسى، خاراكتېرىكىسى، ئۇلارنىڭ تىلى، ھېسسىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. ئەستايىدىل ئىزدەنمەي تۇرۇپ، تازا جاپا چېكىپ كۈچ چىقارماي تۇرۇپ، ياخشى بەدىئى ئەسەر يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ.

— جۇ ياڭ.

# قۇملۇق يېزىدىكى مۇئەللىمە

## پلاتونوۋ



### 1

يىگىرمە ياشلىق مارىيە نارىشكىنىنا ئاستىراخان ئۆلكىسىنىڭ قۇم-بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان چەت ياقىسىدىكى كىچىك بىر شەھەردە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ قاۋۇل كەلگەن ياش يىگىتكە ئوخشاش ئۇستىخانلىق ۋە بەستلىك ئىدى.

مارىيە نىسكىۋوروپنادىكى بۇ ئالاھىدىلىك بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆپلەپ ئەجىر قىلغانلىقىدىن كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاپنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىغانلىقىدىن كەلگەن، دېيىشكە بولاتتى. قىزىل ئارمىيە بىلەن ئاقلار ئۇنىڭ بۇ چەت ۋە قاقاس يېزىسىغا ئاياق باسمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى سوتسىيالىزم تۈزۈمى مۇستەھكەملەنگەن يىللاردا پىشىپ يېتىلگەن ئىدى.

ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان دادىسى كىشىنىڭ يۈرىكىدە تەسىر قوزغايدىغان بۇرۇنقى ئىشلارنى قىزىغا زادىلا سۆزلەپ بەرمەيتتى، ئۇ ئۆز پەرزەنتىنىڭ بالىلىق دەۋرىنى قەدىرلەيتتى، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان قىزىنىڭ مەسۇمە قەلبىدە ساقايماس جاراھەتلەرنى پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى.

مارىيە كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويىغا جايلاشقان رايونلاردىكى شامال چىقا-چىقمايلا ۋىژىلداپ كۆچۈشكە باشلايدىغان قۇملۇقلارنى، پىرىدسىيگە بارىدىغان ئۇزۇلمەس سودا كارۋانلىرىنى ۋە قۇم-بورانىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇشى بىلەن ئاۋازلىرى پۈتۈپ، چىرايلىرى قارىداپ كەتكەن سودىگەرلەرنى كۆرگەن ئىدى. ئۇ ئۆيىدىكى چاغلاردا، دادىسى ساقلاپ كېلىۋاتقان جۇغراپىيىگە ئائىت ھەر خىل كىتاپلارنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇغان ئىدى. قۇملۇق يېزىدا ئۆسكەن بۇ قىزغا جۇغراپىيە قىزىقارلىق داستان بولۇپ تۇيۇلاتتى.

مارىيە ئون ئالتە ياشقا تولغان يىلى دادىسى ئۇنى ئاستىراخان ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا باشلاپ باردى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دادىسى بىلەن بۇرۇندىنلا تونۇش ئىدى. ئۇنىڭغا بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭا مارىيە نىكۇوروپىنا بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ كۇرسانتلىرىدىن بولۇپ قالدى.

كىشىلىك ھاياتتا سۆز بىلەن تەرىپلەپ تۈگەتكۈسىز قىيىن بولغان تۆت يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە ياش قىزلارنىڭ كۆكرەكلىرى بەس-بەس بىلەن كۆتىرىلىپ چىقىپ، ئاياللارغا خاس مىجەز ۋە ئاڭ تەدرىجى پەيدا بولدى. تۇرمۇشتا بولغان قاراش پەيدىن-پەي شەكىللەندى ۋە كۈچەيدى. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، بۇنداق ياشتىكى قىزلارنىڭ گاڭگىراش ۋە ئەنسىزچىلىك ئىچىدىكى دەرت-

ئەلەملەردىن قۇتۇلۇشقا ھېچكىممۇ ياردەم قىلمايتتى، بۇ نازۇك گەۋدىلەرنى غەم-ئەندىشە بوراندەك سوقۇپ تۇرسىمۇ، بالاغەت خۇددى يەر تەۋرىگەندەك، لەرزىگە سالسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ يار-يۆلەك بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ياشلىق باھارى ھامان بىر كۈنى ئۇلارغا ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلماي قالمايتتى.

دەرۋەقە، مارىيەمۇ مۇھەببەتلىشىپ باققان، ئۆلۈپلا ھەممىدىن خالاس بولماقچىمۇ بولغان ئىدى. بۇنداق ئەلەملىك كۆز ياشلار ئۆ-سۈۋاتقان ھەر بىر جاننى سۇغۇراتتى.

لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، ئوقۇشمۇ تامام-لىنىپ قالدى. قىزلارنىڭ ھەممىسى چوڭ زالغا يىغىلدى. ئۆلكىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يېتىپ كېلىپ، بۇ تېبرىككەك قىزلارغا نۇتۇق سۆزلەپ: ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى خىزمىتىنىڭ سەۋىرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان، ئەھمىيىتى زور خىزمەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. قىزلار بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈشتى. لېكىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۇلار دىگەن-دەك چۈشىنىپ كەتمىگەن ئىدى. ئادەم مۇشۇ ياشقا يەتكەندە ھاياتي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ.

مارىيە نىكوۋوروۋنا چەت-ياقىغا جايلاشقان خوشتوۋ يېزىسىغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەقسىم قىلىندى. بۇ جاي ئادىمىزات ئاياق باسمايدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا سەھراسى بىلەن چېگرىداش ئىدى.

## 2

مارىيە نىكۆۋوروۋنا خوشتوۋ كەنتىگە كېتىۋېتىپ، ئادەم ئاياق

باسمىغان قۇملۇقتىن ئۆتكەندە ئىچى پۇشۇشقا باشلىدى.

بۇ ئىيۇل ئېيىنىڭ مەلـۇم بىر كۈنىدىـكى چۈش ۋاقـتى بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپ جىمجىتلىقتا چۆككەن ئىـدى، ئۇنىڭ كـۆز ئالدىـدا قاقاس چۆل-باياۋان سوزۇلۇپ ياتاتـتى.

ئاسمان قەرىدىكى قۇياش چوغدەك قىزىق نۇرىنى چېچىۋاتاتـتى، تونۇردەك قىزىپ كەتـكەن قۇم بارخـانـلىرى يىراقـتىن لاۋۇلـداپ كۆيۈۋاتقان گـۈلخانـلاردەك بولۇپ كۆرۈنەتتى. قۇم بارخانلىرىنىڭ يۈزىدىـكى قېتىپ كەتكەن شور قاتلاملىرىدىن ئاق نۇر چاقنايتـتى. تۇيۇقسىز، قۇملۇقتىن كۆتىرىلگەن بوراندا پۇرۇلداپ ئۇچۇشقا باشلىغان قۇملار كۈن نۇرىنى توسىۋالدى، ھۇۋۇلاۋاتقان بوران نالە قىلىۋاتقان قۇم ئېقىمىنى قوغلاپ بارماقـتا ئىـدى. بوران كۈچـەيگەنسېرى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىدىن كۆتىرىلىۋاتقان قۇم چاڭلىرى قويۇقلىشىپ باراتتى، قۇم-بوران دەستىدىن يەر-جاھان قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. بۇ گەرچە كۈندۈز بولسىمۇ، سۇزۇك ئاسماندىكى قۇياشنى كۆرگىلى بولمىغانلىقتىن، ئادەمگە گويا ئاي قاراڭغۇسى بولغاندەك بىلىنەتتى.

مانا بۇ مارىيە نىكىۋوروۋنا بىپايان قۇملۇقتا تۇنجى قېتىم كۆرگەن ھەقىقى بوران ئىدى.

بوران كەچقۇرۇن توختىدى. قۇملۇق ئۆز ئەكسىگە كەلگەن ئىدى، سانسىز قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىنى قۇم ئۇچقۇنلىرى قاپلىغان ئىدى، قۇرغاق ھەم چەكسىز كەتكەن بۇ قۇملۇق كىشىنى بىئارام قىلاتـتى. بۇ قۇملۇقنىڭ نېرىسىدا يېقىندىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بىر پارچە مۇنبەت يەر بولۇپ، ئۇ يەر ھـۆل-يېغىن مىقدارى يېـتەرلـىك، ئاۋات ۋە گۈللەنگەن جاي ئىدى.

نارىشكىنـىنا خوشتوۋ يېزىسىغا ئۇچىنچى كۈنى كەچقۇرۇندا يېتىپ

www.uyghurkitap.com

باردى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىرقانچە ئون ئائىلىلىك جايلاشقان بىر كەنت، تاملىرى تاشتىن قوپۇرۇلغان يېزا مەكتىۋى ۋە چوڭقۇر قۇدۇقلار بېشىدا ئۆستۈرۈلگەن شالاڭ يۇلغۇنلار نامايان بولدى. ئۇنىڭ ئۆز يېزىسىدا قۇدۇق ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بولۇپ، ئۇ، قۇملۇقتا هايات مەنبىئى هىساپلىناتتى. بىر قۇدۇقنى قېزىپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى ۋە ئەقىل-پاراسەت سەرىپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

خوشتۇۋ كەنتى پۈتۈنلەي دىگۈدەك قۇم بىلەن قاپلانغان ئىدى. بوران پامىر ئېگىزلىگىدىن ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئاق ھەم ئۇششاق قۇملار كوچىغا خۇددى قار دۆۋىسىدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىدى. ھەممە ئائىلىلەرنىڭ دەرىزە تەكچىلىرىگە قۇم يىغىلىپ قالغان بولۇپ، قورالارنىڭ ئىچىدىكى قۇم دۆۋىلىرى خۇددى ئىدىرلىقلارنى ئەسلەتەتتى. قۇمنىڭ دەستىدىن ئادەمنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنغا توختايتتى. ھەممىلا يەردە كۆرەكلەر كۆزگە چېلىقاتتى، شامال ئۇچۇرۇپ كېلىپ دۆۋىلىۋەتكەن قۇملارنى دىخانلار ھەر كۈنى تازىلاپ تۇراتتى. مارىيە نىكىۋوروپنا بۇنداق ئېغىر ۋە ئارتۇقچە ئەمگەكنى (چۈنكى ئەمدىلا تازىلاپ قويغان يەر ھەش-پەش دىگۈچىلا يەنە قۇم ئاستىدا قالاتتى)، كاج تەلەيدىن كەلگەن بۇ كەمبەغەللىكنى ۋە يۇۋاشلىق بىلەن باش ئېگىپ ئۇمىتسىزلىنىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ۋە ئاچلىقنىڭ دەستىدىن ئۈچەيلىرى قوۋۇرغىلىرىغا چاپلىشىپ قالغان دىخانلار كۆپ قېتىم قەتئى نىيەتكە كېلىپ قاراملىق بىلەن ئىشلەپمۇ باقتى. لېكىن قۇم كۈچلۈك كېلىپ، ئاخىرى ئۇلارنى باش ئەگدۈردى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كەيپى ئۇچتى، ياكى ئىلاھنىڭ مەدەت بېرىشىگە

تەلـمۈردى، ياكى بولمىسا شىمالدىكى نەمخـوش جايـلارغا كۆچۈپ كېتىش ئارزۇسىدا بولۇشتى.
مارىيە نىكئۇوروپنا مەكتەپنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىـگە جايلىشۋالدى. دەرۋازىۋەن بوۋاي تىكەندەك تەنها، غەمكىن ھەم كەمسۆز بولغاچقا، دىۋەڭدەك كۆرۈنەتتى. مارىـيەنىڭ بۇ يەرگە كەلگىـنىگە ئۇ تولـمۇ خوشال بولدى ۋە ئۇنى خـۇددى يىـراق يەردىن قايتىـپ كەلـگەن ئۆز قىزىدەك كۈتىۋېلىپ ئورۇنلاشتۇردى ۋە ياتىغىنى سەرەمجانلاش-تۇرۇپ بەردى.

## 3

مارىيە نىكئۇوروپنا مەكتەپنى بىزەش ئۈچۈن رايوندىن بەزى زۆرۈر نەرسىلەرنى سېتىۋالدى. ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇ دەرس باشلىدى.
باللار مەكتەپكە دىگەن ۋاقتىدا كەلمەيتتى، بەزىدە بەش-ئالتىلا بالا كېلەتتى، بەزىدە يىگىرمە باللىنىڭ ھەممىسى كېلەتتى.
ئۇ، بۇ سەھراغا كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى قىش يېتىپ كەلدى. لېكىن بۇ قىشنى ئۆتكۈزۈش يازغا ئوخشاشلا قىيىن ئىدى. قورقۇنچ-لۇق قار-شۇۋرغان ئۇششاق قۇم-شېغىللارنى كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرغىنچە ھۇۋلايتتى. دېخانلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ دەرىزىـلىرىنى تاراق-لىتىپ قاقاتتى. بۇنداق چاغلاردا كىشىلەر ئامالسـىزلىقتىن ئۇندىمەي ئولتۇرۇشاتتى، كەمبەغەل دېخانلار دەرت-ئەلەم ۋە ئۈمىتسـىزلىك ئىچىدە قېلىشاتتى.
بالـلار ئاچ-يالىڭاچ بولغاچقا، مەكتەپـكە بىرـسىمۇ قويـمايتتى. بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ ئاشلىغى تۈگەي دەپ قالغان بولۇپ، باللارنىڭ

كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتقىنىنى مارىيە نىكۇوروۋنا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتاتتى! بۇ باللارنىڭ ھازىر چۆچەكلەرنىمۇ ئاڭلىغۇسى كەلمەيتتى.

يېڭى يىلغا ئاز قالغاندا، بۇ يىگىرمە ئوقۇغۇچىدىن ئىككىسى ئۆلۈپ كەتتى، ئۇلار قۇملۇققا يېيىلغان قەۋرىستانلىقتا كۆمۈلدى.

قەيسەر تەبىئەتلىك، ئۈمىتۋار ۋە باتۇر نارىشكىننامۇ بۇ پەيتتە ئامالسىز قېلىپ، بۇ يەردىن كۆڭلى سوۋۇشقا باشلىدى.

بۇ بىرقانچە ئۇزۇن كېچىلەر ۋە خۇددى يىل ئۆتكۈزمەكتەك بىلىنىۋاتقان بۇ بىرقانچە بىكار ئۆتكەن كۈنلەردە، مارىيە نىكۇوروۋنا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان بۇ يېزىدا نىمە قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا باش قاتۇردى. لېكىن كېسەل بولۇپ ئاچ قېلىۋاتقان بۇ باللارنى مەكتەپكە كېلىپ دەرس ئاڭلاشقا چاقىرىش مۇمكىن ئەمەسلىكى تۇرغان گەپ ئىدى.

دېخانلار بۇ مەكتەپكە سوغ مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلارغا ھازىرچە بۇنداق مەكتەپنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ قۇمنى تىزگىنلەشكە ياردەم قىلالايدىغان بىرەرسى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلار بۇ ئىشقا پائال ئاۋاز قوشۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن مەكتەپ ئۇلارنىڭ بۇ دەرت ـ ئەلەملىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇۋاتاتتى.

مارىيە نىكۇوروۋنا ھازىر بۇ مەكتەپنىڭ ئاساسلىق دەرسى يۇرتداشلارغا قۇم ۋە بورانغا قارشى قانداق كۈرەش قىلىش، قۇملۇقنى قانداق قىلىپ ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىتىش ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدى.

شۇڭا ئۇ دېخانلارنى مەكتەپكە يىغىپ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پىلانىنى

سۆزلىدى. دىخانلار گەرچە ئۇنىڭغا ھازىرچە ئىشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى بۇ خىلى بولىدىغان چارىكەن، دېيىشتى.

مارىيە نىكوۋوروپىنا رايونلۇق خەلق مائارىپ ئىدارىسىغا ئۆزۈن بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ، دىخانلارغا ئىمزا قويدۇرۇۋالغاندىن كېيىن رايونغا ئېلىپ كەتتى.

رايوندىكىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەزى تەلەپلىرىگە ماقۇل بولمىدى، ئۇنىڭغا قومنى تىزگىنلەشتىن خەۋىرى بار كەسپىي ئوقۇتقۇچى بېرىشمىدى، پەقەتلا قوم تىزگىنلەش توغرىسىدىكى بىرقانچە كىتاپنىلا بېرىپ ئۇنىڭ دىخانلارغا سۆزلەپ بېرىشىنى، يەرلىك ئاگرانوملاردىن مەسلىھەت سورىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

مارىيە نىكىۋوروپىنا بۇنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئاگرانوم بىر يۈزئەللىك چاقىرىم نېرىدا ئولتۇرىدۇ، خوشتوۋ كەنتىگە زادىلا بېرىپ باقمىغان، — دىدى ئۇ.

رايوندىكىلەر ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويدى ۋە گەپنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، ئەمدى قايتىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ قولىنى قىستى.

## 4

ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. دەسلەپكى يىلى يازنىڭ ئاخىرىدا مارىيە نىكىۋوروپىنا نۇرغۇن كۈچ-قۇۋۋىتىنى سەرىپ قىلىپ، يۇرتداشلارنى ھەر يىلى باھار ۋە كۈز پەسلىدە بىر ئايلىقتىن قوم تىزگىنلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەش پائالىيىتىنى تەشكىللەشكە ئاران كۆندۈردى.

www.uyghurkitap.com

يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خوشتوۋ كەنتىنىڭ قىياپىتى ئۆزگەر- دى. تىكىلگەن يۇلغۇنلار باراقسانلاپ ئۆسۈپ، خۇددى ئىهاتە ئورمانلىقىدەك، ئېكىن يەر ۋە كۆكتاتلىقلارنى ئورىدى. پۈتۈن كەنتنى ئايلاندۇرۇپ تىكىلگەن بۇ يۇلغۇنلار قۇملۇقتىن كېلىدىغان بورانىنى توسۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن، جىمجىتلىققا چۆككەن بۇ كەنت جانلىنىشقا باشلىدى.

مارىيە نىكىۋوروپنا قۇم ۋە بورانىنى ئۇزۇل-كېسىل تىزگىنلەش ئۇچۇن، مەكتەپ ئەتراپىدا قارىغاي كۆچەتلىكى بەرپا قىلماقچى بولدى.

ھازىر بۇ كەنتتە ئۇنىڭ نۇرغۇن دوستلىرى بار ئىدى، بولۇپمۇ نىكىتا كاپوكىن بىلەن ئىرموري كوبوزىۋ ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرى ئىدى. ئۇلار يىراقنى كۆرەلەيدىغانلاردىن بولۇپ، قۇمنى تىزگىنلەش- نىڭ ئىستىقبالىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى.

مارىيە نىكىۋوروپنا قارىغاي ئىهاتە ئورمانلىقى ئارىسىغا تېرىلغان زىرائەتنىڭ مەھسۇلاتىنى بىر-ئىككى ھەسسە ئاشۇرغىلى بولىدىغان- لىقىنى، چۈنكى، دەل-دەرەخنىڭ زور مىقداردىكى قار سۇلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، زىرائەتنىڭ ئىسسىق شامالدا قۇرۇپ كېتىپ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغانلىقىنى كىتاپتىن ئوقۇغان ئىدى. يۇلغۇن تىكىش ئارقىلىقمۇ ئوت-چۆپ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى بولاتتى. قارىغاي ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ چىداملىق دەرەخ-تە.

خوشتوۋ كەنتىدە ئەزەلدىنلا يېقىلغۇ كەم ئىدى. كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك قۇرۇتۇلغان سېسىق گەندە ۋە كالا تېزىكى قالايت- تى. ھازىر بۇ كەنتتىكىلەر يۇلغۇن قالايدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن دىخانلارنىڭ ھېچقانداق قوشۇمچە كىرىمى بولمىغاچقا، قەھەتچىلىكنىڭ

دەردىنى تازا تارتقان ئىدى. ئۇلار ھازىر يۇلغۇن تالىلىرىدىن سېۋەت، قول چامدىنى، ھەتتا نەپىس ئىشلەنگەن ئۇستەل-ئورۇندۇقلار ۋە باشقا ئۆي جاھازلىرىنىمۇ توقۇشنى ئۆگىنىۋالدى. دەسلەپكى قىشتىلا كەنت بويىچە مۇشۇ ئىشتىن ئىككى مىڭ رۇبلى كىرىم قىلىندى.

خوشتوۋ كەنتىدىكى كوچمەنلەر باياشات ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. قۇملۇقتا دەرەخزارلىق ۋە ياپ-يېشىللىق پەيدا بولغاچقا، بۇ قۇملۇق يېزىنىڭ مەنزىرىسى ئۆزگىرىپ، كىشىگە يېقىملىق تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

ھازىر مەكتەپكە كىشىلەر سىغىشماي قېلىشتى. بالىلارلا ئەمەس، چوڭلارمۇ مەكتەپكە كېلىپ مارىيە نىكىۋوروۋنانىڭ قۇملۇقتا تۇرمۇش كەچۈرۈش توغرىسىدا سۆزلىگەن بىلىملىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان بولۇشتى.

مارىيە نىكىۋوروۋنا شۇنچە بېرىلىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا سەمرىپ قالدى. قارىغاندا ئۇ تۇرمۇشقا چىقىدىغان ياشقا كېلىپ قالغاندەك تۇراتتى.

## 5

مارىيە نىكىۋوروۋنا خوشتوۋ كەنتىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئۈچىنچى يىل ئىدى. شۇ يىلى سەككىزىنچى ئايدا ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت قارىغايلار بىلەن يولغۇنلارلا ياپ-يېشىل تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا بىر ئاپەت يۈز بەردى.

بۇ يىل كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ مال پادىلىرىنى ھەيدەپ، مۇشۇ كەنت ئەتراپىدىكى جايلارغا كېلىدىغانلىقى كەنتتىكى قېرىلارغا

www.uyghurkitap.com

مەلۇم ئىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ قۇملۇقتىكى يايلاقلارغا نۆۋەت بىلەن كۆچۈپ چارۋا باققاچقا، ھەر ئون بەش يىلدا بۇ يەرگە بىر قېتىم كېلەتتى. خوشتوۋ كەنتىدىكى ئوتلاقلارنىڭ بىكار تۇرغىنىغىمۇ ئون بەش يىل بولغان بولۇپ، بۇ كۆچمەن چارۋىچىلار باشقا يايلاقلارنى بىر-بىرلەپ ئايلىنىپ بولغاچقا بۇ يەرگە قايتا كېلىپ يايلاقلاردا يىغىلىپ قالغان ھەممە نەرسىنى ماللىرىغا يىگۈزۈشمەكچى ئىدى.

كۆچمەن چارۋىچىلار بۇ يىل نىمە ئۈچۈندۇر كېچىكىپرەك كەلدى. ئۇلار ئادەتتە ئەتىيازدا كېلەتتى، ئۇ چاغدا ئاز-تولا يېشىل ئوت-چۆپلەر بولغاچقا، مال-چارۋىلارنىڭ يېيىشىگە يېتەتتى.

— ئىشقىلىپ ئۇلار كەلدىمۇ، بالا-قازا دېگەن شۇ، — دېيىشتى قېرىلار.

مارىيە نىكىۋوروپناغا بۇ ئىشنىڭ نىمە ئىكەنلىكى تازا ئېنىق بولمىغاچقا، كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ كەتكەن، قۇشلار ئۇچۇپ كەتكەن، تاشپاقىلار ئۇگىلىرىغا كىرىپ كېتىشكەن، ئۇششاق جان-جانىۋارلارمۇ شىمالدىكى كۆل-دەريالار بار جايلارغا كېتىشكەن ئىدى. 8-ئاينىڭ 25-كۈنى قۇدۇق قازىدىغان بىر كىشى يۇلغۇنلۇقتىن كەنتكە يۈگۈرگەنچە كېلىپ ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ:

— كۆچمەن چارۋىچىلار كەلدى!... — دەپ دەرىزىلەرگە ئۇرۇپ ۋاقىراشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا تىپ-تىنچ يايلاقتىكى ئۇيۇق سىزىغىدا قوم-چاڭ كۆتىرىلگەن بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان ئاتلىرى يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى، ئۇلارنىڭ مال-چارۋىچىلىرى ئوتلاقلارنى دەسسەپ چەيلىمەكتە ئىدى.

ئۈچ سوتكىدىن كېيىن ھېچنېمە قالمىدى. قارىغاي ئورمانلىقى، يۇلغۇنلۇقلارنى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ مال-چارۋا، ئات-ئۇلاقلىرى غاجىلاپ نابۇت قىلىۋەتتى. كۆچمەن چارۋىچىلار كېچىدە ماللىرىنى قۇدۇق بېشىغا ھەيدەپ كېلىپ، توختىماي سۇ تارتىپ قۇدۇق سۈيىنىمۇ قۇرۇتىۋەتتى.

كەنتنىڭ ئىچى جىمجىتلىققا چۆككەن بولۇپ، بۇ كۆچمەنلەر بىر بىرىگە ئېسىلىشىپ سۈكۈت قىلىشماقتا ئىدى.

مارىيە نىكىۋوروپنا تازا تىت-تىت بولدى، بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كىشنى ھەقىقى ئازاپلايدىغان ئىشقا دۇچ كېلىشى ئىدى. ئۇ ياشلارغا خاس غەزەپ بىلەن كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ باشلىقىنى ئىزدەپ ماڭدى.

كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇندىمەي ئولتۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۈلۈپ قويىدى-دە، دېدى:

— خېنىم، راستىنلا ئامال يوق، ئوت-چۆپ بەك ئاز، ئادەم بىلەن ھايۋان ناھايىتى كۆپ. ئەگەر خوشتوۋ كەنتىدىكىلەرنىڭ ئادىمى بىزنىڭ ئادىمىمىزدىن كۆپ بولىدىغان بولسا، ئۇلار بىزنى چۆل-جەزىرىگە قوغلىۋېتىپ، ئۇلەر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىغان بولاتتى. بۇ خۇددى بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزگە ئوخشاش بولۇپ، ئەقىلغە سىغاتتى. بىز يامان ئادەملەر ئەمەس. سىلەرمۇ قەبىھ كىشىلەر ئەمەس، گەپ ئوت-چۆپنىڭ بەكمۇ ئازلىقىدا بولىۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ، بەزىلەر ھامان باشقا بەزىلەرنى تىللايدۇ. ئادەم ئۆلىدىغان ئىش ھامان بولىدۇ.

— مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، سىلەر مۇشتۇمزورلۇق قىلىۋاتىسى-

www.uyghurkitap.com

لەر! ــ دېدى نارىشكىننا ۋاقىراپ، ــ بىز ئۈچ يىل جاپا چەكتۇق، لېكىن سىلەر تىككەن دەرەخلىرىمىزنى ئۈچ سوتكىدىلا نابۇت قىلىپ تۈگىتىۋەتتىڭلار... مەن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئۈستۈڭلەردىن شىكايەت قىلىمەن، سىلەر سوراققا تارتىلىسىلەر...

ــ خېنىم، بۇ بىزنىڭ يايلىغىمىز! رۇسلار بۇ يەرگە نىمىشقا كېلىۋالىدۇ؟! مال-چارۋىمىزنىڭ قوسىغى ئاچقاندا ئۆز يۇرتىمىزنىڭ ئوت-چۆپىدىن ئازراق يېگۈزۈپ قويغىنىمىز گۇنا ئەمەس.

مارىيە نىكىۋوروۋپنا بۇ باشلىقنىڭ كۆڭلىدە باشقا غەرىزى بارلىغىنى ئېچىدە ئويلاپ قويدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ رايونغا بېرىپ ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلى دوكلات قىلدى.

رايونلۇق خەلق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىغى ئۇنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

ــ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ، مارىيە نىكىۋوروۋپنا، خوشتوۋ كەنتىدىكىلەر ھازىر سىز بولمىسىڭىزمۇ تاقابىل تۇرالايدۇ، ــ دېدى.

ــ بۇ نىمە دېگىنىڭىز؟! ــ دېدى مارىيە نىكىۋوروۋپنا ھاڭ-تاڭ بولۇپ. ئۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھىلىقى ئەقىللىق باشلىغىنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالدى، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بۇ باشلىغى كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ باشلىققا ئەلۋەتتە تەڭ كېلەلمەيتتى.

ــ مۇنداق ئىش، ــ دېدى ئىدارە باشلىغى، ــ خوشتوۋ كەنتىدىكىلەر قوۋم ۋە بورانغا قارشى كۈرەش قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى، كۆچمەن چارۋىچىلار كەتكەندىن كېيىن ئۇلار يۇلغۇنلارنى قايتىدىن تىكىدۇ. سىز ساپوتاغا بېرىشقا قوشۇلامسىز؟

ــ ساپوتا دېگەن قەيەر ئۇ؟ ــ دەپ سورىدى مارىيە نىكىۋوروۋپنا.

ــ ساپوتا دېگەن بىر كەنت، ــ دەپ جاۋاپ بەردى ئىدارە

باشلىغى، — لېكىن ئۇ يەردە رۇسلار ئولتۇراقلاشقان ئەمەس، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچىلار بار. ھازىر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچىلار يىلدىن-يىلغا كۆپەيمەكتە. ساپوتا كەنتىمۇ قۇم ۋە بوراننىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى، لېكىن ئانچە ئېغىر ئەمەس، بىزنىڭ ئەندىشە قىلىۋاتقىنىمىز، قۇم بوشىغاندىن كېيىن ساپوتا تەرەپكە كۆچىشى مۇمكىن. شۇنداق بوپقالسا ئۇ كەنتتىكىلەر ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالىدۇ-دە، قايتىدىن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن...

— بۇنىڭ مەن بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بار؟ — دەپ سورىدى نارىشكىنىنا، — مېنىڭ قولۇمدىن ئۇلارغا نىمە ياردەم كېلىدۇ؟ ئەجەبا سىز مېنى بېرىپ ئاشۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنى كۆندۈرگىن، دەمسىز؟

— سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ، مارىيە نىكىۋوروپنا، — دېدى ئىدارە باشلىغى ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەگەر سىز ساپوتاغا بېرىپ، ئۇ يەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچىلارغا قۇمنى تىزگىنلەش بىلىملىرىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز، ئۇ ھالدا ساپوتا قالغان كۆچمەن چارۋىچىلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ-دە، ئۇ يەردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارمۇ ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتمەيدۇ. مېنىڭ سۆزۈمنى ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز، مارىيە نىكىۋوروپنا؟... مۇشۇنداق بولغاندا كۆچمەن رۇسلارنىڭ ئۆستۈرگەن دەل-دەرەخ ۋە زىرائەتلىرى ئازراق زىيانغا ئۇچرايدۇ... بۇندىن باشقا، ساپوتاغا بارىدىغان مۇۋاپىق ئادەم تاپالماي كېلىۋاتىمىز، چۈنكى ئۇ يەر چەت-ياقا ھەم يىراق بولغاچقا، ھېچكىم بېرىشنى خالىمايدىكەن. سىز بۇ ھەقتە قانداق ئويلاۋاتىسىز، مارىيە نىكىۋوروپنا؟

مارىيە نىكىۋوروۋنا خىيالغا چۆككەن ئىدى:

ئەجەبا، بۇ ياشلىق باھارىمنى قەبىھ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ سەھراسىغا دەپنە قىلىۋېتىمەنمۇ؟ ئەجەبا، مۇشۇ يۇلغۇنلۇق ئۈچىدە ئۆلۈپ، قۇملۇقتىكى يېرىمجان كۆچەتلەرنى ئۆزەمنىڭ تۆھپىسى ۋە ھاياتىمدىكى ئەڭ ئالى شان-شەرەپ دەپ قارايمەنمۇ؟...

ئۇنىڭ يولدىشى ۋە ھەمراھلىرى قاياقتا؟...

ئارقىدىن، مارىيە نىكىۋوروۋنا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئەقىللىق ۋە سالماق باشلىقىنى ئويلىدى، قۇملۇقتىكى ھەرقايسى قەبىلە خەلقلىرىنىڭ مۇرەككەپ ھەم مول تۇرمۇشىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ قۇم بارخانلىرىدا ئازاپ چېكىۋاتقان ئىككى مىللەتنىڭ باشتىن كەچۈرىۋاتقان مۇشكۇللىكلىرىنى چۈشەندى، شۇڭا، ئۇ قانائەتلەنگەن ھالدا دېدى:

— بولىدۇ، قوشۇلدۇم... ئەللىك يىلدىن كېيىن مەن موماي بولغان چېغىمدا چوقۇم سىزنى يوقلاپ كېلىمەن... ئۇ چاغدا مەن بۇ يەرگە قۇملۇقنى بېسىپ ئەمەس، ئورمانلىق ئارىسىدىكى يول بىلەن كېلىمەن. ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، بەلكىم شۇ كۈنگىچە ئامان تۇرارسىز!

ئىدارە باشلىقى ئەجەپلەنگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى:

— مارىيە نىكىۋوروۋنا، سىز بىر مەكتەپنىلا ئەمەس، پۈتۈن كەنتنى باشقۇرالايسىز. مەن ناھايىتى خوشالمەن، لېكىن يەنە سىزگە ئازراق ئىچ ئاغرىتقۇم كېلىدۇ، نىمە ئۈچۈندۇر يەنە خىجىلمۇ بولۇۋاتىمەن... لېكىن، بۇ قۇملۇق نى-نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغان جاي، قورقۇشىڭىز ھاجەتسىز، بۇ قۇملۇق بۈك-باراقسان ئورمانلىققا ئايلانغان چاغدا، كىشىلەرمۇ يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە بولىدۇ...

ھەممە ئىشىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن!

(«روسىيە ـ سوۋېت ئەدەبىياتى»ژورنىلىنىڭ
1983 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر توختى،
تەرجىمە مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئىمىن.

رېياللىقنى ئەينەن تەسۋىرلەپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، رېياللىقنى پەقەت ئىجادىي روھ كۈچى بىلەنلا ئەينەن تەسۋىرلەپ چىقىشقىلا مۇمكىن بولىدۇ؛... سەنئەتتە رېياللىققا سادىق بولمىغانلىقى نەرسىلەرنىڭ ھەنىۋاسى يالغانچىلىق ھېساپلىنىدۇ، ئۇنىڭدا پاش قىلىنغىنى ئىقتىدار بولماستىن، ئىقتىدارسىزلىقتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ـــ بېلىنسكى.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭخى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قايتىپ كېلىش

## پلاتونوۋ

گۋاردىيە كاپىتانى ئالېكسى ئالېكسېيېۋىچ ئىۋانوۋ ھەربىي سەپتىن قايتتى. پۈتكۈل ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن قىسىمدىكى يولداشلارنىڭ ئۇنىڭدىن زادى ئايرىلغۇسى كەلمىدى، ئۇلار ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىشتى، ناخشا ئېيتىشتى، ھاراق تۇتۇشتى. يېقىن سەپداشلىرى ۋە يولداشلىرى ئۇنى ۋاگزالغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، خوشلۇشۇپ كېتىپ قېلىشقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى يالغۇز قېلىپ قالدى. لېكىن پويىز خېلىغىچە كەلمىدى، كېچىكىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىمۇ كەلمىدى. كۈزنىڭ سوغاق كۈنلىرى ئىدى، قاراڭغۇ چۈشتى. ۋاگزال ئۇرۇشتا ۋەيران بولغاچقا، تۈنىگىدەك جايمۇ يوق ئىدى. ئامالسىز قالغان ئىۋانوۋ يولدىن ماشىنا توسۇپ قىسمىغا قايتىپ كەلدى. ئەتىسى ئۇنى سەپداشلىرى يەنە بىر قېتىم ئۇزاتتى. ئۇلار ھەربىي سەپتىن قايتقان بۇ سەپدىشى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ناخشا ئېيى-تىشتى، قۇچاقلىشىپ خوشلۇشۇپ، مەڭگۈلۈك دوستلۇق بايان قىلىشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ھېسسىياتى تۈنۈگۈنكىدەك قايناق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى بۇ قېتىم پەقەت بىرقانچە دوستلىرىلا ۋاگزالغا ئۇزىتىپ چىقتى.

ئىۋانوۋ ۋاگزالغا يەنە كەلدى. تۈنۈگۈنكى پويىزنىڭ تېخىچە كەلمىگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ بىلدىيۇ، قىسمىغا يەنە قايتىپ بېرىپ يولداشلارنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمىدى-دە، ۋاگزالنىڭ

داقىلاڭ سۇپىسىدا ئۆزى يالغۇز غېرىبسىنىپ ئولتۇردى.

ۋاگزالدىن چىقىدىغان تەرەپتىكى رېلىس يۆتكەش ئەسۋابى يېنىدا ئامان قالغان بىر ئېغىز ئاچال باشقۇرۇش ئۆيى بولۇپ، بۇ ئۆينىڭ يېنىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئۇچىسىغا پاختىلىق چاپان كىيىۋالغان، بېشىغا قېلىن ياغلىق چىگىۋالغان بىر قىز ئولتۇراتتى. ئۇ تۈنۈگۈندىن بېرى بۇ يەردىن ھېچنەگە قوزغالماي، نەرسە-كېرەكلىرىنى ساقلىغاچ پويىز كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇۋانوۋ تۈنۈگۈن قىسمىغا قايتاشىدا، بۇ قىزنى قىسمىدىكى سېستىرالارنىڭ ئىسسىق ياغاچ ئۆيىدە قونۇپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بولۇپ، يەنە: "بۇ قىز ئاچال باشقۇرغۇچىلارنىڭ كىچىك ئۆيىدە ئوت سۇنارمۇ-يە؟" دەپ دەلىغۇل بولۇۋاتقاندا ماشىنا قوزغىلىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزمۇ ئۇۋانوۋنىڭ ئېسىدىن كۆتىرىلىپ كەتكەن ئىدى.

ھازىر بۇ قىز تۈنۈگۈنكى جايىدا شۇ پېتى ئولتۇراتتى. ئۇ ئائىلىسىگە قايتماقچى بولۇپ ئاشۇنداق ئولتۇرغاندۇ، بەلكىم. ئۇنىڭدىكى بۇنداق قەتئىي ئىرادە ۋە سەۋرچانلىق ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىزچىل سادىقلىقىنى نامايان قىلاتتى، ھېچ بولمىغاندا يېنىدىكى نەرسە-كېرەكلىرىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقى ۋە يۇرتىنى سېغىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇۋانوۋ ئۇنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى. ئېھتىمال، قىز ئۇۋانوۋ بىلەن بىرگە بولسا يالغۇزچىلىق تارتماس ۋە زېرىكمەس!

قىز ئارقىسىغا قارىۋىدى، ئۇۋانوۋ ئۇنى شۇ ھامان تونۇۋالدى. بۇ — جامائەت ئېغىزىدا "مونچا خىزمەتچىسىنىڭ قىزى — ماشا" دەپ ئاتالغان قىز ئىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى شۇنداق ئاتىغان ئىدى، دەرۋەقە، ئۇ راستىنلا بىر مونچا خىزمەتچىسىنىڭ قىزى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىۋانوۋ ئاۋىئاتسىيە مۇلازىمەت ئەترىتىگە زىيارەتكە بارغىنىدا، ئۇنى شۇ يەردە كۆرگەن ئىدى. ئۇ شۇ جايدىكى ئاشخانىدا ئاشپەزلەرگە ياردەملىشىدىغان ۋاقىتلىق ئىشچى ئىكەن.

ئەتراپ كىشىنىڭ دىمى سىقىلىدىغان يېقىمسىز كۆز مەنزىرىسى بىلەن قاپلانغان ئىدى. ئۇلار چۈشمەكچى بولغان پويىزنىڭ ھازىر نەدە توختاپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كىشىنى بىردىن-بىر خاتىرجەم قىلىدىغىنى ۋە خۇشاللاندۇرىدىغىنى يېنىدا يەنە بىرەرسىنىڭ بولۇشى ئىدى.

ئۇلار ئىختىيارسىز مۇڭدىشىش ئارقىسىدا خېلى روھلىنىپ قالدى. ماشا ساددا، ئاق كۆڭۈل، بەرجەس قوللىرى ئىشقا چىداملىق، تېنى ساغلام قىز بولۇپ، تولىمۇ ئوماق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇمۇ ئۆيىگە قايتىش ئالدىدا تۇراتتى ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىنكى يېڭىچە پۇقرالىق تۇرمۇشىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىز سەپداشلىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن ئىدى. ئۇچقۇچىلار بىلەنمۇ ناھايىتى ئىناق ئۆتكەچكە، ئۇلارمۇ ئۇنى ئۆز ھەدىسىدەك ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا شاكىلات كەمپۈت بېرەتتى ۋە ئۇنى "خۇشخۇي ماشا" دەپ يېقىملىق نام بىلەن ئاتىشاتتى. ھازىر ماشا ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان تۇققانلىرىنىڭ قېشىغا بارسا كۆنەلمەيدىغاندەك، يات بىلىنىدىغاندەك ھىس قىلماقتا ئىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىشتىن قورقۇۋاتاتتى.

ئىۋانوۋمۇ ماشاغا ئوخشاش قىسمەندىن ئايرىلىپ، گويا ئۆزىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم بالىغا ئوخشاپ قالغاندەك ھىس قىلماقتا ئىدى. لېكىن ئىۋانوۋدىكى جىمغۇرلۇق ۋە مەيۈسلۈك ئۇزاققا سوزۇلمىدى، ئۇ مۇشۇ پەيتتە، ئۆزىنى يىراقتا بىرسى مەسخىرە

قىلىۋاتقاندەك، ئۇ كىشى ناھايىتى بەختىلىكتەك، ئۆزىنى بولسا قايغۇ - ئەلەم ئىكەنجىسىدە قالغان ئەخمەقتەك ھىس قىلدى. شۇ ئان ئىۋانوۋ دىققەت نەزىرىنى رىيال تۇرمۇشقا يۆتكىدى - دە، بۇنداق مەيۇسلۇك ھالىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بىرەر ئىش بىلەن ئۆزىنى بەزلىمەكچى بولدى.



ئۇ ماشاغا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭدىن يولداشلارچە سۆيۈپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى.

— يېنىككىنە بىر سۆيە-ۋالاي، — دىدى ئىۋانوۋ، — پويىزنى ساقلاۋېرىپ بەك ئىچىم پۇشۇپ كەتتى.

— پويىز كېچىككىنى ئۈچۈنلىمۇ؟ — ماشا ئىۋا-نوۋغا تىكىلدى.

ھەربى سەپتىن قايتقان بۇ كاپىتان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چىرايى شامالدا ۋە ئاپتاپ تەسىرىدە خومارەڭگە كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ كۈلرەڭ كۆزلىرى ماشاغا مۇلايىملىق، ھەتتا بىر خىل تارتىنىش بىلەن تىكىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى ئوچۇق بولغان بىلەن، ئىنتايىن دوستانە ھەم ئەدەپلىك ئېيتىلغان ئىدى. ماشانىڭ ئوتتۇرا ياشلىق بۇ كىشىنىڭ بوغۇق ۋە پەس ئاۋازى ھەم قارا قۇمچاق

كەلگەن يىرىك يۇزلىرىگە ئىچى كۆيىدى ھەمدە ماشا ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز كۆيۈنۈشكە باشلىدى. ئىۋانوۋ باشمالتىغى بىلەن ئاگزى-سىدىكى ئوتنى بېسىپ ئۆچۈردى ۋە قىزنىڭ ماقۇللىغىنى ئالالمىغىنىدىن بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى. ماشا ئىۋانوۋنىڭ يېنىدىن سەل سۇرۇلدى، چۈنكى ئۇنىڭ تېنىدىن ئاچچىق تاماكا، بولكا ۋە بىر-ئاز ھاراق پۇراپ تۇراتتى. بۇلار بىردەك ئوتتىن پەيدا بولىدىغان ماددىنىڭ پۇراقلىرى ياكى ئۆزىدىن ئوت پەيدا بولىدىغان پۇراقلار ئىدى. ئىۋانوۋ خۇددى تاماكا، قۇرۇق بولكا، ئاق ھاراق ۋە پىۋە بىلەنلا بېقىلغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئىۋانوۋ تەلىۋىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى:

— ماشا، ئاستاغىنا، يېنىككىنە... سىز مېنى ئۆز تاغىڭىزدەك كۆرۈڭ.

— سىزنى تاغامدەك ئەمەس،...دادامدەك كۆرۈۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا... ئۇنداقتا رۇخسەت قىلىدىكەنسىز...

— دادىسىنىڭ قىزىغا تەلەپ قويۇشى ھاجەتسىز، — ماشا كۈلۈپ كەتتى.

سۆيۈۋالغاندىن كېيىن، ئىۋانوۋ ئۆز ئۆزىگە: مەن ماشانىڭ چېچىدىن كۆزدە تۆكۈلگەن يوپۇرماقلارنىڭ ھىدىنى پۇرىدىم، بۇ ھىدنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن، دېدى... ئىۋانوۋ تۆمۈريولدىن يىراقراق بىر جايغا كېچىكرەك گالىخان يېقىپ، ماشا بىلەن ئۆزىگە كەچلىك غىزا ئۈچۈن توخۇم پىشۇرۇشقا كىرىشتى.

كېچىدە پويىز كەلدى، ئىۋانوۋ بىلەن ماشا يۇرتىغا قايتىش ئۈچۈن پويىزغا چىقتى. ئۇلار پويىزدا ئىككى كېچە-كۈندۈز ھەمرا بولدى. ئۈچىنچى كۈنى، ماشا مۇندىن يىگىرمە يىل بۇرۇن كىندىك قېنى

تۆكۈلگەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ۋاگوندا تەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىۋانوۋدىن خالتىسىنى ئۆشىنىسىگە يۈدۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئەمما، ئىۋانوۋچۇ؟ گەرچە بۇ يەر ئۇنىڭ بارماقچى بولغان يېرىدىن بىر كۈنلۈكتىن كۆپـرەك بېرى جاي بولسىمۇ، ئۇ ماشانىڭ خالتىسىنى يۈدۈپ ئالدى ـ دە، ۋاگوندىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پەسكە چۈشتى. ماشا ئىۋانوۋنىڭ غەمخورلىقىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى.

ماشا مۇشۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىمۇ، بۇ يەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا ياقا يۇرتتەك تۇيۇلۇۋاتاتتى، ماشانىڭ نېمىسلار تەرىپە- دىن بۇ يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەيەرلەردە ئۆلۈپ كەتكەنلىكى نامەلۇم ئىدى. ھازىر يۇرتتا قالغان بىر نەۋرە ئاچىسى بىلەن ئىككى ھاممىسى ئۇنىڭغا تۇققاندەك بىلىنمەيتتى.

ئىۋانوۋ تۆمۈريول باشقۇرغۇچىسىدىن بېلەتنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتقۇزىۋالغاندىن كېيىن، ماشا بىلەن بىرگە قېلىپ قالدى. ئايالى ۋە باللىرىنىڭ دىدارىنى كۆرمىگىلى تۆت يىل بولغان ئىۋانوۋ تېزلىكتە ئائىلىسىگە قايتسا بولاتتى. ئەمما ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولىدىغان خوشاللىق، ھاياجانلىق پەيتنى كېچىكتۈردى. ئۇ نىمىشقا مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ـــ يەنە بىر مەھەل ئەركىن ئازادە ئويىنىۋالغۇسى كەلگەندۇ.

ماشا ئىۋانوۋنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى بىلمەيتتى، چۈنكى ئۇ، قىزلارغا خاس تارتىنچاقلىقى بىلەن بۇ ھەقتىكى ئىشلارنى سورىمى- غان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىۋانوۋنى "ئاقكۆڭۈللىكىدىن مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ" دەپلا ئويلايتتى.

ئىۋانوۋ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆيىگە قايتتى، ماشا ئۇنى ۋاگزالغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئىۋانوۋ ئادىتى بويىچە ئۇنى سۆيۈپ

www.uyghurkitap.com

قويدى ھەمدە ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغانلىغىنى ئېيتتى.

ماشا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— مېنى نىمىشقا مەڭگۈ ئۇنتۇمايسىز؟ ئۇنداق قىلماڭ. سىز بەربىر ئۇنتۇپ قالىسىز... مەن سىزدىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايمەن، مېنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ... — دىدى.

— سۆيۈملۈك ماشا، سىز بۇرۇن نەدە ئىدىڭىز؟ مەن نىمىشقا سىزنى بۇرۇنراق ئۇچراتمىغان بولغىدىم؟

— ئۇرۇشتىن بۇرۇن مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم، ئۇنىڭدىن بۇرۇن تېخى دۇنياغا كەلمىگەنىمىدىممىكىن...

پويىز كەلدى، ئۇلار خوشلاشتى. ئىۋانوۋ ماشانىڭ يالغۇز قالغىنىدا يىغلاۋاتقانلىغىنى كۆرمىدى. ماشا مەيلى قىز دوستى بولسۇن، ياكى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىرەر قېتىم كۆرۈشۈپ قالغان يولداشلىرى بولسۇن، ھېچقايسىسىنى ئۇنتالمايتتى.

ئىۋانوۋ ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىپ بارغان قاتار-قاتار كىچىك ئۆيلەرگە دەرىزىدىن قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە بۇ شەھەرنى قايتا كۆرۈشى ناتايىن ئىدى. ئۇ باشقا بىر شەھەرنى خىيال قىلدى، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كىچىك بىر ئۆيدە ئايالى ۋە ئىككى بالىسى — پىشكا بىلەن ناستيا تۇراتتى. ئۇلار ئۇلىيانوۋنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ قىسمىدىكى چاغدىلا ئايالىغا تېلېفون بېرىپ، دەرھال قايتىمەن، تېزلىكتە سىنى ۋە بالىلارنى سۆيۈش ئۈمىدىدىمەن، دىگەن ئىدى.

ئىۋانوۋنىڭ ئايالى ليوبوۋ ۋاسىلىيېۋنا ۋاگزالغا ئۇدا ئۈچ كۈن چىقتى. ئۇ رۇخسەت سورىغانلىقتىن خىزمەت نورمىسىنى ئورۇندىيالمىدى. ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن كېچىسى ئۇخلىيالمىدى، ئۇنىڭغا پەقەت

تام سائىتىنىڭ ئاستا چىكىلداپ ماڭغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. تۆتىنچى كۇنىدىن باشلاپ، ئۇ ۋاگزالغا كۇندۇزى ئىككى بالىسىنى چىقاردى، كېچىسى ئۆزى چىقتى.

ئىۋانوۋ ئالتىنچى كۇنى قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئوغلى پيوتر چىقتى. هازىر پېترۇشكا① 11 ياشقا كىرگەن ئىدى. دادىسى تەمكىن تۇرغان بۇ بالىنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى دەماللىققا تونۇيالمىدى. ئۇ چوڭراق كۆرۈنەتتى. دادىسىنىڭ ئالدىدا پاكار، ئورۇق، بېشى يوغان، پېشانىسى ئېگىز، چىرايىدىن قاتتىق جەۋرى-جاپا چەككەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، سالماق ئوغلى تۇراتتى. ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭ ئوماق كۆزلىرى غەمكىن هالدا هە دەپ ئەتراپقا تاشلىناتتى، گويا ئۇنىڭ كۆزىگە هەممە جاي قالايمىقاندەك كۆرۈنەتتى. پېتروشكىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى رەتلىك ئىدى، ئايىغى كونا بولسىمۇ، پۇتىغا ئوبدان كەلگەن، شىمى بىلەن چاپىنى دادىسىنىڭ پۇقرا كىيىمىدىن ئۆزگەرتىلگەن كونا كىيىملەر بولسىمۇ، يىرتىق ئەمەس — تىكىلىدىغان يەرلىرى تىكىلگەن، ياماقلىدىغان يەرلىرى يامالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە كىيىنگەنلىرى ئاددى، ئەمما رەتلىك ئىدى، ئۇنىڭ تەققى-تۇرقىدىن سەهرالىق بالىلىغى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ هالدىن هەيران بولغان دادىسى تازا بىر ئۇھ تارتتى.

— دادامىمۇ سىز؟ — دېدى پېتروشكا ئىۋانوۋ ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ سۆيگەندە، — دادامكەنسىزدە؟

— هەئە. ياخشى تۇردۇڭمۇ، پيوتر ئالېكسېۋىچ!

---

① پېترۇشكا، پېشكا دېگەن ئىسىملار پيوترنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

— ياخشىمۇسىز... يولدا نىمانچە ئۇزۇن ھايال بولدىڭىز؟ بىز كۆپ ساقلاپ كەتتۇق.

— پويىز ناھايىتى ئاستا ماڭدى، پېتيا... ئاناڭ، ناستىيالەر تېچلىقمۇ؟

— ئۇلارمۇ تېچلىق، نەچچە ئوردىنغا ئېرىشتىڭىز، — دىدى پيوتر.

— ئىككى ئوردىن، ئۈچ مىدالغا ئېرىشتىم، ئوغلۇم.

— ئانام ئىككىمىز مەيدىڭىزنى ئوردىن بىلەن توشۇپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇق. ئاناممۇ ئىككى مىدالغا ئېرىشتى، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئانامغا... نەرسىلىرىڭىز نىمانچە ئاز، ئاران بىر سومكا!

— ماڭا كۆپ نەرسە كېرەك ئەمەس.

— چوڭ ساندۇق كۆتىرىپ يۇرۇش ئۇرۇشتا بىئەپ، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوغلى.

— شۇنداق، — دادىسى ئۇنىڭ پىكرىنى تەستىقلىدى، — بىر سومكا كۆتىرىۋالسا ناھايىتى يەڭگىل بولىدۇ. ئۇرۇشتا ھىچكىم چوڭ ساندۇق ئېلىپ يۇرمەيدۇ.

— مەن تېخى بارمىكىن دەپتىمەن. ئەگەر مەن بولسام، ياخشى نەرسىلەرنى ساندۇققا سالغان بولاتتىم، سومكىغا سالسا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە سۇنۇپ كېتىدۇ.

ئۇ دادىسىنىڭ نەرسە-كېرەك سالغان خالتىسىنى كۆتىرىپ ئۆيگە ماڭدى، دادىسى ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

پيوترنىڭ ئانىسى ئۇلارنى ئىشىك ئالدىدىكى پەشتاقتا قارشى ئالدى. گويا ئۇنىڭ كۆڭلى بوگۇن چوقۇم ئېرى قايتىپ كېلىدىغان-

لىغىنى تۇيغانىدەك، يەنە رۇخسەت سورىغان ئىدى. ئۇ زاۋۇتتىن ئاۋال ئۆيىگە كېلىپ، ئاندىن ۋوگزالغا چىقماقچى ئىدى. چۈنكى، ئۇ سېمىيون يېۋسىيېۋىچنىڭ ئۆيدە بولۇشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. سېمىيون يېۋسىيېۋىچ بەزىدە كۈندۈزلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، 5 ياشلىق ناستىيا ۋە پېترۇشكا بىلەن بىرگە بولۇشنى ياقتۇراتتى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگىنىدە بالىلارغا كەمپىت ياكى بولكا ئالغاچ كېلەتتى، ياكى سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش بېلىتى بېرەتتى. ئۇلار تونۇشقىلى ساق ئىككى يىل بولدى، بۇ جەرياندا، سېمىيون يېۋسىيېۋىچ ئۇنىڭدا بىرەر يامان تەسىر قالدۇرمىغان ئىدى. لىيوبوۋ ۋاسىلىيېۋنا ئېرىنىڭ سېمىيون يېۋسىيېۋىچنى كۆرۈپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئۇ ئاشخانا ۋە ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويدى، ئۆيى پاك-پاكىز بولۇشى، ئۇشۇق-تۆشۈك نەرسە بولماسلىقى لازىم ئىدى. ئۇ بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھەقىقى ئەھۋالنى ئېرىگە سۆزلەپ بەرمەكچى ئىدى. بەختكە يارىشا سېمىيون يېۋسىيېۋىچ بۈگۈن كەلمىگەن ئىدى.

ئىۋانوۋ ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغان پېتى تۇرۇپ قالدى. ئۇ، ئامرىغىنىڭ تېنىدىن ئۇنتۇپ كەتكەن، ئەمما تونۇشلۇق بولغان مېھرىۋانلىقنى سەزدى.

كىچىك ناستيا ئۆيدىن چىقىپ، دادىسىنى كۆردىيۇ، ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ ئىككى قولىدا دادىسىنىڭ پۇتىنى ئىتتىرىپ، ئانىسىدىن ئاجرىتىۋالماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئاجرىتالماي يىغلاپ كەتتى. پېترۇشكا دادىسىنىڭ خالتىسىنى مورىسىگە يۈدۈۋالغان بولۇپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدا جىمجىت تۇراتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ:

— بولدىلا، ناستيا يىغلاۋاتىدۇ، ئۇ نىمە ئىشلىگىنى بىلەلمىدى، — دېدى.

دادىسى خوتۇنىدىن ئاجراپ، قورققىنىدىن يىغلاپ كەتكەن ناستيانى قۇچاقلاپ كۆتىرىۋالدى.

— ناسچكا! قارىغىنا دادىمىزغا، بۇ بىزنىڭ دادىمىز! — دەپ تۇۋلىدى پيوتر. دادىسى يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، جوزا يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ پۇتىنى ئۇزىتىپ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، چىن قەلبىدىن خاتىرجەملىك ۋە راھەت ھېس قىلدى. ئۇرۇش تۈگىدى. ئۇرۇش يىللىرىدا، ئۇ بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ ئۆتتى، چارچە-غانلىقتىن ئۇنىڭ يۈزىنى قورۇق باسقان ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋال-غان بولسىمۇ، كۆزى يەنىلا قادىلىپ ئاغرىتتى، چۈنكى ئۇ كۆزلەر غۇۋا ياكى قاراڭغۇلۇقتا دەم ئېلىشقا موھتاج ئىدى.

ئۇ بىر چەتتە ئولتۇراتتى، باشقىلار ئۆيدە ياكى ئاشخانىدا ئالدىراپ مول، ئىسسىل تائاملارنى تەييارلاۋاتاتتى. ئىۋانوۋ ئۆيىدىكى بارلىق نەرسە-كېرەكلەرگە — تام سائىتى، يىمەكلىكلەر ئىشكاۋى، تامدىكى تېرمومېتىر، بىرنەچچە ئورۇندۇق، دەرىزە تەكچىسىدىكى گۈللەر، تامەمەش... بىر-بىرلەپ كۆز يۈگۈرتىپ چىقتى. ئۇ ئۆيدە يوق چاغلاردا، بۇ نەرسە-كېرەكلەر ئۇنى ئەسلىگەن ئىدى. ھازىر ئۇ قايتىپ كەلدى، ئەمدى بۇ نەرسە-كېرەكلەر بىلەن قايتىدىن تونۇشۇپ، بۇلارغا — گويا ئۆزى يوق چاغدا غەم-ئەندى-شىدە نامرات تۇرمۇش كۆچۈرگەن تۇققانلىرىغا سەپ سالغانغا ئوخشاش تەپسىلى سەپ سالماقتا ئىدى. ئۇ ئۆيدە ئەزەلدىن بار بولغان يېقىملىق پۇراقتىن — ئوتۇن تۈتۈنىنىڭ پۇرىقى، باللارنىڭ تېنىدىن چىققان تەر پۇرىقى، مەشتىكى تاشكۆمۈر پۇرىقى قاتارلىق-لاردىن نەپەس ئالماقتا. بۇ پۇراقلار ئۇنىڭ بولماسلىقى بىلەن تۈگەپ كەتكەن ياكى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولماستىن، بەلكى مۇندىن تۆت يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئىدى. ئىۋانوۋ ئۇرۇش مەزگىلىدە نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بارغان، نەچچە يۈز ئۆيگە كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلەردە ئۆز ئۆيىدىكى پۇراقنا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر خىل پۇراقنى پۇرىغان ئىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، ماشىنىڭ چېچىدىن پۇرىغان پۇراق ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى، بىراق ئۇ پۇراق كىشىگە ئۆز ئۆيىنى ئەمەس، بەلكى ئورمانلىقتىكى غازاڭلارنى، ئوت قاپلاپ كەتكەن ناتونۇش يوللارنى، ئەنسىز ئۆتكەن تۇرمۇشنى ئەسلەتتى. ئۇ ــ مونچا خىزمەتچىسىنىڭ قىزى ماشا ھازىر نىمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ قىسمەتدىن قايتقاندىن كېيىنكى تۇرمۇشنى قانداقراق ئورۇنلاشتۇرغاندۇ؟ خۇدا ئۇنى ئامان قىلغاي...

ئىۋانوۋ ئۆيدە ئەڭ كارغا كېلىدىغىنى پېترۇشكا ئىكەنلىگىنى سەزدى. پېترۇشكا ئۆزى ئىشلەپلا قالماستىن، بەلكى ئانىسى بىلەن سىڭلىسىغا نىمىنى قىلىش، نىمىنى قىلماسلىق، قانداق قىلغاندا توغرا بولىدۇ، دىگەنلەر ھەققىدە يول كۆرسەتتى. ناستيا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاكىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى ھەمدە دادىسىنى يات كۆر- مەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بالىلارچە تېتىكلىك ۋە ئىشنى پۈتۈن زېھنى بىلەن قىلىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ ھەر قانداق ئىشنى ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن قىلاتتى.

ــ ناسچكا، چوڭ ستاكاندىكى ياڭيۇ شۆپىگىنى تۆكۈۋەت، ئۇنىڭغا باشقا نەرسە ئالىمەن....

ناستيا ئىتائەتمەنلىك بىلەن چوڭ ستاكاننى قۇرۇقداپ، پاكىز يۇيدى. ئانىسى ئالدىرىغان پېتى گۆش نان سېلىشقا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى، پېترۇشكا ئوت يېقىپ بولغان ئىدى.

ــ تېزراق، ئانا تېزراق! ــ پېترۇشكا قۇماندانلىق قىلاتتى، ــ

www.uyghurkitap.com

مەشكە ئۈت يېقىپ بولغىنىمنى كۆردۈڭغۇ. سەن ھەمىشە مىسىلداپ يۈرىسەن، ستاخانوپچىمىش تېخى!

— مانا ھازىر، — دىدى ئانىسى مۇلايىملىق بىلەن، — ئازراق قۇرۇق ئۈزۈم ئارىلاشتۇرسامىلا بولىدۇ، داداڭنىڭ ئۈزۈم يىمىگىنىگىمۇ ئۇزۇن بولغاندۇ. ئازراق ئۈزۈم ساقلاپ قويغانتىم.

— دادام يىگەندۇ، — دىدى پېترۇشكا، — قىسمىلىرىمىزدىمۇ قۇرۇق ئۈزۈم تارقىتىدىغاندۇ. قارىماسەن، جەڭچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سېمىز. ئۇلارنىڭ تامغىسى ناھايىتى ياخشى... ناسىچكا مېھمان كىشىدەك ئولتۇرىسەنغۇ؟ ياغىيۇ ئاقلا، چۈشلىكىمىزگە گۆش نانلا ئەمەس، بەلكى لېستا ياغىيۇ پىشۇرىمىز...

ئانىسى گۆش نان راسلاۋاتقاندا، پېترۇشكا ئوتنى بىكار كۆيۈپ كەتمىسۇن دەپ، قىسقۇچ بىلەن كورىنى مەشكە سالدى. بۇ چاغدا ئۇ ئوتقا كايىدى:

— ھەي ئوت، ھەي ئوت، نىمانچە بەگۋاشسەن؟ كەلگەن يەرگە ئۆسىگىنىڭ نىمىسى! قازانغىلا تېگىشلىك كېرەك، ئورمانلىقتىكى ئوتۇن قىلىدىغان دەرەخلەر بىكارغا ئۆسمەيدۇ... ناستيا، سەنمۇ بار، ئارىشىنى مەشكە نىمىشقا قالايمىقان سالىسەن؟ مەن كۆرسىتىپ قويغىنىمدەك سېلىشىڭ كېرەك. قارىماسەن، ياغىيۇنى ئاقلايمەن دەپ، ھېچنىمىسىنى قويماپسەن، پوستىنىلا ئاقلىماسەن...

— پېترۇشكا، نىمىشقا ھەمىشە ناستيانىڭ ئىشىدىن قۇسۇر چىقىرىسەن! — دىدى ئانىسى مۇلايىملىق بىلەن، — ئۇ يەنە نىمە بوپتۇ؟ شۇنچە كۆپ ياغىيۇنى قانداقمۇ سەتراچىنىڭ قان چىقارماي چاچ ئالغىنىدەك ئاقلىيالىسۇن... داداڭ قايتىپ كەلسىمۇ ئاچچىغلىنىۋېرەمسەن.

ــ ئاچچىغلانمىدىم، ئىشنى ئوبدانىراق قىلىشنى دەۋاتىمەن...
دادامنى ئوبدان كۆتۈۋېلىشىمىز كېرەك، چۈنكى، ئۇ، ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتىپ كەلدى. سىلەرچۇ، ھەممە ئىشنى بۇزىۋاتىسىلەر... سىلەر ياغىيۇ ئاقلايمەن دەپ، بىر يىلدا ياغيۇنىڭ يىگىلى بولىدىغان يېرىدىن قانچىلىكىنى شىلىپ تاشلىۋېتىسىلەر؟... ئەگەر چوشقىمىز بولغان بولسا، ئېرىغىدىۋەتكەن ياغيۇ پوستىلىرى بىلەنلا بىر يىلدا سەمرىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ چوشقا كۆرگەزمىگە قويۇلغان بولسا، مىدالغىمۇ ئېرىشكەن بولاتتۇق...

ئىۋانوۋ ئوغلىنىڭ مۇشۇنچىلىك چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئوغلىنىڭ زىرەكلىكى ۋە ئىش بىلىدىغانلىقىدىن ھەيران قالدى. لېكىن ئۇ، مۇلايىم ناستيانى تېخىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى. ناستيامۇ ئۆي ئىشلىرىنى بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئالدىراپ قىلاتتى. ئۇنىڭ قوللىرى ئىشقا ماھىر ھەمدە ئادەتلەنگەن ئىدى.

ــ لېۋبا، ــ دېدى ئىۋانوۋ ئايالىغا، ــ ماڭا گەپ قىلىپ بەرمەيسەنغۇ؟ مەن بولمىغان چاغلاردا كۈنۈڭلار قانداقراق ئۆتتى؟ سالامەتلىكىڭ قانداقراق؟ نىمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟...

لېۋبوۋ ۋاسىلىيېۋنا ھازىر يېڭى كېلىندەك ئېرىنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىۋاتاتتى: ئۇ ئېرىنى ياتتەك ھېس قىلاتتى، ئېرى ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ياش ۋاقتىدىكىدەك قورقۇنچاقلىق، ئۇياتچانلىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئىۋانوۋ ئايالىنىڭ مۇشۇ تۇرقىنى بەكمۇ ياقتۇراتتى.

ــ يامان ئەمەس، ئالىيوشا... تۇرمۇشىمىز يامان ئەمەس ئۆتتى. باللار كۆپ كېسەل بولمىدى، مەن ئۇلارنى باقتىم... يامان يېرى

ئۇلار بىلەن پەقەت كەچلىگىلا بىرگە بولالىدىم. مەن خىش زاۋۇدى-نىڭ قىسىش ماشىنىسىدا ئىشلەيمەن. ئىش ئورنى ئۆيگە بەك يىراق...

— نەدە ئىشلەيسەن؟ — ئىۋانوۋ ئېنىق ئاڭلىيالمىدى.

— خىش زاۋۇدىنىڭ قىسىش ماشىنىسىدا ئىشلەيمەن. باشقا ھۈنىرىم بولمىغاچ، دەسلەپ پارچە-پۇرات ئىش قىلدىم، كېيىن ئۇلار ئۆگىتىپ، مېنى قىسىش ماشىنىسىغا ئورۇنلاشتۇردى، خىزمىتىم ناھايىتى ياخشى، پەقەت باللار يالغۇز قالىدۇ... سىزمۇ كۆردىڭىز، باللارمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ، — دىدى ليۇبوۋ ۋاسلىيېۋنا پەس ئاۋازدا، — بوپتىمۇ، ئالىيوشا، قانداق بولغى-نىنى مەنمۇ ئۇقالمىدىم...

— بۇ كېيىن ئايدىڭلىشىدۇ، ليۇبا... بىز ئەمدى بىللە بولىمىز، ياخشى-يامانلىغىنى كېيىنچە تەھلىل قىلىشالامدۇق...

— سىز بولغاندىكىن ھەممە ئىش ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، مەن بىر ئادەم نىمىنىڭ توغرا، نىمىنىڭ خاتا بولغانلىغىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئەمدى سىز باللارنى قانداق تەربىيىلەشنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ...

ئىۋانوۋ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇ ياندىن بۇ يانغا مېڭىشقا باشلىدى.

— دىمەك، سەن ئېيتقان ئەھۋاللارغا قارىغاندا، كەيپىياتىڭلار يامان ئەمەستەك قىلىدىغۇ؟

— ھىچگەپ يوق، ئالىيوشا، ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى، چىداپ مۇشۇ يەرگە كەلدۇق. بىز سىزنى ناھايىتى سېغىندۇق، سىزنى باشقىلار-دەك قۇربان بولۇپ كەتسە، مەڭگۈ كېلەلمەسمىكىن دەپ ئەندىشە قىلدۇق...

ئۇ، لېستىكى گۆش نانغا ئىگىشىپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ

ياشلىرى خېمىرغا چۈشكىلى تۇردى. ئۇ بايىلا گۆش ناننىڭ يۈزىگە تۇخۇم سۈرتىپ، قولى بىلەن تەكشى قىلىپ قويغان ئىدى، ئەمدى يېشى بىلەن نەمدىگىلى تۇردى.

ناستيا ئانىسىنىڭ پۈتىنى قۇچاقلىۋېلىپ، يۈزىنى ئۇنىڭ كۆينىكىگە ياققىنىچە جىددى قىياپەتتە دادىسىغا قارىدى.

دادىسى ئېڭىشىپ تۇرۇپ، قىزىغا:

— نىمە بولدۇڭ قىزىم؟ ماڭا ئاچچىغىڭ كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى.

ئۇ قىزىنى باغرىغا بېسىپ، بېشىنى سىلىدى.

— ساڭا نىمە بولىدى، قىزىم؟ مىنى ئۇنتۇپىلا كېتىپسەن، مەن ئۇرۇشقا ماڭغىنىمدا تېخى كىچىك ئىدىڭ...

ناستيامۇ بېشىنى دادىسىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، يىغلىۋەتتى.

— نىمە بولدى، ناستېنكا؟

— ئاپام يىغلىغاندىن كېيىن مەنمۇ يىغلايمەن.

كىچىك دوخوپكا ئالدىدا تۇرغان پېترۇشكا ھىچنىمىنى چۈشىنەلمەي ھاڭ-تاڭ قالىدى، ئۇ بۇ ئىشلاردىن ئانچە رازى ئەمەستەك قىلاتتى.

— نىمە بولۇشتىكەلار؟... ھەممىگىلارنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلىدىغۇ. بىراق، مەشتىكى ئوتىمۇ ئۆچەي دەپ قالدى. يەنە باشقىدىن ئوت ياقامدۇق؟ ئۇنداقتا كىم بىزگە يەنە ئوتۇن بېلىتى بېرىدۇ؟ كونا ئوتۇن بىلەتلىرىگە ئوتۇن ئېلىپ بولدۇق، ئۇلارنى قالايمۇ بولدۇق. لاپاستا ئون تالدەك يېرىندا، بىر تال ئاق تېرەك قالىدى، ئاپا، خېمىرنى ماڭا بېرىڭ، مەش تېخى قىزىق.

پېترۇشكا مەشتىن چوڭ كورىنى ئېلىۋېلىپ، ئاستىدىكى ئوتىنى ئېچىۋەتتى. بۇ چاغدا ليوبوۋ ۋاسلىيېۋنا گويا پېترۇشكىنىڭ رايىغا

بىرىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقاندەك، راسلاپ قويغان ئىككى گۈش ناننى ئالدىراشلىق بىلەن ئوچاققا سالدى، لېكىن ئۇنىڭ بىرسىگە توخۇم سۈركەشنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى.

ھازىر ئىۋانوۋغا ئۆزىنىڭ ئۆيى غەلىتە ۋە ياتتەك تۇيۇلدى. ئايالىنىڭ چارچىغانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك — چىرايى يېقىملىق، بىرئاز تارتىنچاق كۆرۈنەتتى. بالا يەنىلا ئۇنىڭ پۇشتىدىن تامغان ئاشۇ ئىككىسى، پەقەت ئۇ ئۇرۇشتا يۈرگەن مەزگىللەردە چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، ئەلۋەتتە مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. لېكىن، نېمىشقىدۇر، ئىۋانوۋنىڭ كۆڭلى خوشال ئەمەس ئىدى. ئېھتىمال ئۇنىڭغا ئائىلە تۇرمۇشى يات بىلىنىپ، ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسىنىمۇ دەرھال چۈشىنەلمەيۋاتقاندۇ. ئۇ چوڭ بولۇپ قالغان ئوغلى پېترۇشكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە سىڭلىسىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشتا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە سۇرلۇكلىگى بىلىنىپ تۇرىدىغان چىرايىنى كۆزىتىپ خىجىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدا ئوغلىغا نىسبەتەن ئاتىلىق مېھرى، ئاتىسىنىڭ بالىغا بولىدىغان قىزغىنلىقى كەمچىل ئىدى. ئىۋانوۋ ھازىر ئوغلىنىڭ ناھايىتى بىچارە ھالەتتە قالغانلىقىنى، باشقىلاردىن كۆرە ئۇنىڭغا بەكرەك ئىچ ئاغرىتىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش لازىملىقىنى سەزدى، شۇڭا، ئۆزىنىڭ پېترۇشكىغا سوغاق مۇئامىلە قىلغىنىغا خىجىل بولدى. ئىۋانوۋ ئۆزى يوق چاغدا ئۆيدىكىلەرنىڭ قانداق تۇرمۇش كۆچۈرگەنلىكىنى دەل جايىدا بىلەلمەيتتى. ئوغلىدا نېمىشقا مۇشۇنداق مىجەز بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمەيتتى.

ئىۋانوۋ جوزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋىدى، ئۆيدىكى باشقىلارمۇ ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇردى، مۇشۇ پەيتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى تېزراق

بىرەر ئىش قىلىپ، يەنى بىرەر خىزمەت قىلىپ، ئاز-تولا پۇل تېپىپ، ئايالىنىڭ بالىلارنى توغرا تەربىيىلىشىگە ياردەم قىلىشى لازىملىغىنى، ئۇ چاغدا، ھەممە ئىشنىڭ بىرۋاراقى ياخشىلىنىپ كېتىدىغانلىغىنى، پېترۇشكىنىڭمۇ مەشىنىڭ يېنىدا كۆسەينى تۇتۇۋېلىپ، بۇيرۇق بېرىپلا يۈرمەي، بەلكى باشقا بالىلار بىلەن ئوينىغىلى چىقىدىغانلىغىنى، كىتاپ ئوقۇيدىغانلىغىنى چۈشەندى.

پېترۇشكا تاماقىنى ھەممىدىن ئاز يېدى، لېكىن ئېشىپ قالغان يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ يانچۇغىغا سېلىۋالدى.

— نېمە بولدۇڭ، پېيوتر، — دېدى دادىسى ئۇنىڭغا، — بۇلارنىمۇ يەمسەن؟ ئۆزەڭنىڭ بىر پارچە نېنىڭنى تېخى يەپ بولمىدىڭغۇ...يە! يەپ بولساڭ ئاناڭ يەنە كېسىپ بېرىدۇ.

— نېملا بولسا يەۋېرىمەن، — دېدى پېترۇشكا قاپىغىنى تۈرۈپ تۈرۈپ، — لېكىن ھازىر تويۇپ قالدىم.

— ئۇ جىق يېسەم، ناستيامۇ مېنى دوراپ جىق يەمدىكىن، دەپ قورقىدۇ، — ئانىسى گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتى، — ھازىر يېيىشكە كۆزى قىيمايۋاتىدۇ.

— سىلەر يەۋېرىڭلار، — دېدى پېترۇشكا پىسەنت قىلماستىن، — مەن سىلەرنى كۆپرەك يېسۇن دېدىم.

ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىر بىرىگە قارىشىپ تۈرۈپلا قالدى، ئوغلىنىڭ سۆزى ئۇلارنىڭ دىل تارىسىنى تىترىتىۋەتتى.

— سەن نېمىشقا ئاز يەيسەن؟ — سورىدى دادىسى ناستيادىن، — ئاكاڭدىن ئۆگەندىڭمۇ؟... ئوبدان يېگىن، قىزىم، بولمىسا چوڭ بولالمايسەن....

— مەن چوڭ بولدۇم، — دېدى ناستيا.

ئۇ بىر پارچە ناننى يەپ بولۇپ، يەنە چوڭراق بىر پارچە ناننى بىر تەرەپكە ئېلىپ ياغلىق بىلەن يېپىپ قويدى.

— نىمە قىلغىنىڭ بۇ؟ — دەپ سورىدى ئانىسى ئۇنىڭدىن، — نېنىڭغا ئازراق سېرىق ماي سۈركەپ بېرەمتىم يا!

— ياق، تويدۇم....

— ھەي، يىمەمسەن...،ناننى نىمشقا بىر تەرەپكە ئېتترىپ قويىسەن؟

— سىمىيون تاغام كېلىدۇ. بۇنى شۇنىڭغا ئەپقويىدۇم. بۇ سىلەرنىڭ نېنىڭلار ئەمەس، ئۆزەمنىڭ. مەن بۇ ناننى ياستۇغۇمنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويىمسام سوۋۇپ قالىدۇ....

ناستيا ئورۇندۇقتىن چۈشۈپ، ياغلىقتا يۆگەكلىك ناننى كارۋىتىغا ئاپىرىپ، ياستۇق ئاستىغا تىقىپ قويدى.

ئانىسى ناستيانىڭ ماي بايرىمى كۈنىمۇ گۆش ناننى سىمىيون يېۋسىيۆىچ كەلگىچە سوۋۇپ قالمىسۇن دەپ، بىرنەچچە ياستۇق ئارىسىغا تىقىپ قويغىنىنى ئېسىگە ئالدى.

— بۇنىڭ سىمىيون تاغا دىگىنى كىم؟ — ئىۋانوۋ سەل ھەيران بولغان ھالدا خوتۇنىدىن سورىدى.

ليۇبوۋ ۋاسىلىيۋنا نىمە دىيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى:

— مەنمۇ ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلمەيمەن.... دائىم باللارنى كۆرگىلى ئۆزى يالغۇز كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ۋە باللىرىنىڭ ھەممىسى نېمىسلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بىزنىڭ باللار بىلەن بەك يېقىن، ھەمىشە ئۇلار بىلەن بىللە ئوينايدۇ.

— قانداق ئوينايدۇ؟ — ئىۋانوۋ ھەيران بولۇپ سورىدى، — ئۇلار بۇ يەردە نىمە ئوينايدۇ؟ ئۇ كىشى نەچچە ياشلاردا بار؟

پېترۇشكا ئانىسى بىلەن دادىسىغا قاراپ قويدى، ئانىسى دادىسىـ نىڭ سوئالىغا ھېچقانـداق جاۋاپ بەرمەي، پەقەت ناستياغا غەمكىـن ھالدا قاراپلا قالدى. لېكىن دادىسى مەنىلىـك قىلـىپ پىسىڭىـدە كۇلۇپ قويۇپ، ئورۇندۇقتىن قوپۇپ، تاماكا چەكتى.

كېيىن دادىسى پېترۇشكىدىن سورىدى:

— سېميون تاغاڭلار سىلەرگە بەرگەن ئويىنچۇقلار نەدە؟

ناستيا ئورۇندۇقتىن چۈشۈپ، ئىشكاپىنىڭ تۆۋىدىـكى باشـقا بىر ئورۇندۇققا ئۆمىلەپ چىقىپ، ئىشكاپتىن بىرنەچچە كىتاپىـنى ئېلىـپ دادىسىغا بەردى.

— مانامۇشۇ رەسىمـلىك كىتاپلار، — دىدى ناستيا دادىسـىغا، — سېميون تاغام دائىـم ماڭا ئوقۇپ بېرىـدۇ. ماۋۇ ئىـت ئېيىغى مىشكا بەك قىزىق، بۇ ھەم ئويۇنچۇق، ھەم كىتاپ....

ئىۋانوۋ قىزى بەرگەن كىتاپلارنى قولىغا ئالدى، بۇلار ئىت ئېيىغى مىشكا، ئويۇنچۇق زەمبىرەكلەر، كىچىك ئۆيلەر توغرىسىدىكى كىتاپلار ئىدى. بۇ كىچىك ئۆيدە دومنا دىگەن بىر موماي بولۇپ، ئۇ نەۋرىسى بىلەن رەخت توقۇيتتى...ۋاھاكازالار.

پېترۇشكىنىڭ مەشىنىڭ قاپقىغىـنى ئېتىۋېتىـش ئېسـىگە كەلـدى، قاپقاق ئېتىلمىگەندە ئۆي سوۋۇپ كېتەتتى.

ئۇ قاپقاقنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، دادىسىغا:

—سېميون يېۋسىيېۋىچ سىزدىن قېرى!...ئۇ دائىم بىزگە ياردەم قىلىپ كەلدى، ئۇنى.... — دەۋىتىپ شونداق سىرتقا قارىۋىـدى، ئاسماندا توققۇزىنچى ئايلاردا كۆرۈنمەيدىغان بۇلۇتـلارنىڭ لەيلەپ يۈرگىنىنى كۆردى. — ئاسـماندا قوغۇشۇنـدەك بۇلۇتـلار يۈرۈيدىـغۇ، — دىـدى پېترۇشكا، — مۇشۇ بۇلۇتـتىن قارىغاندا، قار ياغىدىغانـدەك قىلىـدۇ!

ئەتە ئەتىگەندىلا قىش چۈشۈپ كېتەرمۇ؟ ئەگەر مۇنداق بولسا، بىز قانداق قىلىمىز؟ ياغىيۇلار تېخى ئېتىزدا، ئۆيىمىزگە ھېچنەرسە ئالمىدۇق......قارىمامسىز، ئەھۋال نىمە دىگەن يامان!

ئىۋانوۋ ئوغلىغا قاراپ، ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ ئەسلىدە ئايالىدىن سىمىيۇن يېۋسىيېۋىچنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىپ-كېتىپ يۈرگىنىگە ئىككى يىل بولۇپ قاپتۇ، ناستىيانى ئىزدەمدۇ؟ ياكى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈدىغان ئايالىنى ئىزدەمدۇ؟ بۇنى ئېنىق سورىماقچى ئىدى. لېكىن پېترۇشكا ئۆي ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلەپ دادىسىنىڭ ئويىنى بۇزۇۋەتتى.

— ئانا، ئەتىلىك ئاشلىق نورما بېلەتى بىلەن تەمىنلەش كېنىشكىسىنى ماڭا بېرىڭ، كىرسىن بېلىتىنىمۇ بېرىڭ، ئەتە ئەڭ ئاخىرقى كۈن، يەنە ياغاچ كۆمۈر ئالىمىز. بىراق خالتىنى يۈتتۈرۈۋېتىپسىز، نەرسىلەرنى چىلەك بىلەن ئەكىلىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمدى بىرەر خالتا تاپايلى، ياكى كونا رەختتىن بىر خالتا تىكىۋالايلى، خالتا بولمىسا بولمايدۇ... ناسچكا ئەتە ھېچكىمنى ھويلىمىزدىن سۇ ئېلىشقا قويمىسۇن. قىش كەپقالدى، سۇ پەسلەپ كەتسە، ئاغامچىمىز قىسقا، سۇ ئالالمايمىز، قىشتا قارنى شۇ پېتى يېگىلى بولمايدۇ، ئېرىتىش ئۈچۈن ئوتۇن كېتىدۇ.

پېترۇشكا سۆزلىگەچ مەش ئەتراپىنى سۈپۈردى، ئاندىن قازان-قومۇشنى رەتلەپ قويدى. كېيىن مەشتىن كورىنى ئالدى.

— بايا ئازراق گۆش نان يىدۇق، ئەمدى بولسا ۋە بەسەي، گۆش شورپىسى ئىچىمىز، — دىدى پېترۇشكا باشقىلارغا شورپىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ھە راست، دادا، سىز ئەتە ئەتىگەندە سوۋېت

كومستېتى ۋە ھەربى كومستېتقا بىرىپ تىزىملىتىڭ، شۇنداق قىلغاندا سىزنىڭ بىلەتىلىرىڭىزنى تېزراق ئالالايمىز.

— ماقۇل، — دىدى دادىسى.

ئۇرۇشتىن كېيىن ھەممە جەم بولۇپ يېيىلگەن تۇنجى قىتىملىق چۇشلۇك تاماقتا شورپىمۇ، گۆشمۇ بار ئىدى، ھەممىسى جىمجىت تاماق يىيىشتى، پېترۇشكىمۇ ئۈن چىقارمىدى، گويا ھەممەيلەن بىرەر ئېغىز ئۇشۇق گەپ قىلىنىپ قالسا تاماق ۋاقتىدىكى جىمجىت شات-خوراملىق بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك قىلاتتى.

كېيىن ئىۋانوۋ ئايالىدىن:

— ليۇبا، كىيىم-كېچەكلىرىڭلار قانداقراق؟ ھەممىسى كونىراپ كەتكەندۇ؟ بۇرۇنقىسى كونىراپ كەتكەن بولسا، يېڭىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، — دەپ سورىدى.

ليۇبا ۋاسلىيېۋنا مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ دىدى:

— باللارنىڭ كىيىملىرىنى ياماپ-تۈمەپ بىرنىمە قىلدىم، بۇرۇنقى چاپىنىڭىز، ئىككى شىمىڭىز ۋە ھەممە كۆينەكلىرىڭىزنى باللارغا ئۇڭلاپ بەردىم.

— ئوبدان قىلىپسەن، — دىدى ئىۋانوۋ، — باللار ئۇچۇن نىمە كەتسە مەيلى.

— باللاردىن ئايايدىغان ھىچنىمەم يوق. سىز ماڭا ئېلىپ بەرگەن پەلتۇنىمۇ سېتىۋەتتىم، ھازىر پاختىلىق چاپان كىيىۋاتىمەن.

— ئانامنىڭ پاختىلىق چاپىنى ناھايىتى قىسقا، ئۇنى كەيسە سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ، — پېترۇشكىمۇ سۆز قاتتى، — مەن مونچىغا بىرىپ ئوت قالىغۇچى بولۇپ ئىشلەپ، مائاش ئېلىپ، ئاناماغا بىر پەلتۇ ئېلىپ بىرىمەن. بازاردا كۆتىرىپ يۈرۈپ ساتىدىغانلار بار ئىكەن،

كۆرۈپ قويدۇم، باھاسىنمۇ سوراپ باقتىم، تازا خوپ كىيلىدىغانلىرى بار ئىكەن....

— سەن ئىشلىمىسەڭمۇ بولىدۇ، سىنىڭ ماڭاشىڭسىزمۇ تۇرمۇشىمىزنى قامدىيالايمىز، — دېدى دادىسى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ناستيا كۆزىگە يوغان كۆزەينەكتىن بىرنى تاقاپ، دەرىزىنىڭ يېنىدا ئانىسىغا يۇڭ پەلەي توقۇغىلى تۇردى، ئانىسى خىزمەتتە ئۇنى قاپ پەلەي ئىچىگە كىيمەكچى ئىدى. كۈز كۈنلىرى بولغاچقا، ھاۋا سوغۇق ئىدى.

پېترۇشكا سىڭلىسىغا قاراپ قويۇپ، ئاچچىغلانغان ھالدا:

— نىمە قىلىۋاتىسەن، نىمىشقا سېمىيون تاغامنىڭ كۆزەينىكىنى تاقىۋالدىڭ؟.... — دېدى.

— تاقاپ باقتىم، ئۇنى تاقىۋالمايمەن.

— يەنە نىمە ئىش قىلماقچى ئىدىڭ! مەن كۆردۈمغۇ! سەن كۆزۈڭنى قارغۇ قىلىپ قويۇپ، كېيىن پېنسىيە پۇلىنى يەپ، ئۆمۈر بويى باشقىلارغا ئۆزەڭنى باققۇزماقچىمۇ؟ ئال كۆزەينەكنى! ساڭا دەۋاتىمەن، ھازىرلا ئېلىۋەت! پەلەي توقۇما، ئانام ئۆزى توقۇسۇن، ياكى بىكار بولغىنىمدا ئۆزەم توقۇيمەن. مەشق دەپتىرىڭنى ئېلىپ خەت ياز، بۇرۇن ئۆگەنگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ بولدۇڭ.

— ھە، ناستيا مەكتەپكە كىردىمۇ؟ — سورىدى دادىسى.

— ئۇنىڭ يېشى كىچىك، تېخى مەكتەپكە كىرمىدى، — دېدى ئانىسى، — لېكىن پېترۇشكا ئۇنىڭغا كۈندە ئۆگىتىدۇ، تېخى ئۇنىڭغا خەت يازغىلى مەشق دەپتىرى ئېلىپ بەردى، يەنە ھىساپ ئۆگىتىدۇ، ئالدىغا كاۋا ئۇرۇغىنى قويۇپ، قوشۇش-ئېلىشنى ئۆگىتىدۇ. مەنمۇ ھەرپلەرنى ئۆگەتتىم.

ناستيا پەلەينى قويۇپ، ئىشكاپنىڭ يەنە بىر تارتمىسىدىن مەشىق دەپتىرى بىلەن روچكىنى ئالدى. پېترۇشكا سىڭلىسىغا ئۆزىنىڭ بۇيرۇغىنى شۇ پېتى ئىجرا قىلدۇرغىنىدىن مەمنۇن بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئانىسىنىڭ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ، ھويلىغا چىقىپ ئەتە قالايدىغان ئوتتۇنى يارغىلى تۇردى. پېترۇشكا يېرىپ بولغان ئوتۇننى بۇرۇنقىدەك ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، قۇرۇتۇش ئۈچۈن مەشىنىڭ ئارقىسىغا قويۇپ قويدى.

ليۇبوۋ ۋاسىلېۋنا كەچلىك تاماقنى بۇرۇنلا پۈشۈردى. ئۇ باللارنى بۇرۇنراق ئۇخلىتىپ قويۇپ، يولدىشى بىلەن ئايرىم سۆزلەشمەكچى ئىدى. لېكىن كەچلىك تاماقتىن كېيىن باللار ئۆزۈنغىچە ئۇخلىمىدى: ياغاچ كىرىسلودا ياتقان ناستيا يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ، دادىسىغا قاراپلا ياتتى، قىشىن-ياز تامەشىنىڭ تۆپىسىدە ياتىدىغان پېترۇشكا ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆرۈلۈپلا ياتتى، گاھ غىڭشىلداپ قوياتتى، گاھ ئىنجىقلاپ قوياتتى، گاھ نىملەرنىدۇ غودۇڭشىيتتى، ئۇمۇ دەرھال تىنچىپ كېتەلمىدى. لېكىن يېرىم كېچىگە بارغاندا ئاخىرى ناستيا ئۇخلاپ قالدى، پېترۇشكىمۇ مەشىنىڭ تۆپىسىدە مۈگدىگىلى تۇردى.

پېترۇشكا ناھايىتى سەگەك ئۇخلايتتى، ئۇ دائىم ئۆيگە ئوت كېتەرمۇ، ئوغرى كىرەرمۇ ياكى ئانام ئىشىكنى تاقىماي قالغاندىمۇ دەپ ئەنسىرەيتتى. بۈگۈن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاشخانىسىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە ھاياجانلىنىپ قىلىشىۋاتقان سۆزلىرى ئۇنى ئويغىتىۋەتتى....

— ئاليوشا، ئۆزىڭىزنى سەل بېسىۋېلىڭ. باللارنى ئويغىتىۋەتمەڭ، — دېدى ئاپىسى بوش ئاۋازدا، — ئۇنى تىللىماڭ، ئۇ ياخشى ئادەم، ئۇ باللىرىڭىزنى ياخشى كۆرىدۇ...

— بىز ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇھتاج ئەمەسمىز، — دېدى

www.uyghurkitap.com

دادىسى، ــ باللىرىمنى مەن ئۆزەم ياخشى كۆرۈمەن.... تازا قىزىق، ئۇنىڭ خەقنىڭ باللىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنى نىمىسى! مەن ساگا ھەربىلەرنىڭ سىتىۋىلىش كىنىشكىسىنى ئەۋەتىپ بەردىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە خىزمىتىڭ بار. يەنە نىمىشقا سىمىيون يىۋسىيىۋىچ دىگەن نىمگە ھاجىتىڭ چۈشتى؟ سىنىڭ تېخى جىنىڭ بارغۇ... ھەي سەنزە، ليۇبا، ليۇبا! ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ سىنى ھامان باشقىچە ئويلاپ-تىكەنمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سەن مىنى ئەخمەق چاغلاپسەن-دە....

دادىسى بىر دەم جىمىپ قالدى، ئارقىدىن تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى.

ــ نىمە دەۋاتىسىز ئاليوشا، نىمە دەۋاتىسىز! ــ دىدى ئانىسى ۋاقىراپ تۇرۇپ، ــ شۇنى بىلىشىڭىز كىرەككى، بالىنى مەن باقتىم، ئۇلارغا ئوبدان قارىدىم، ئاساسەن كىسەل بولىمىدى. ساغلام چوڭ بولدى....

ــ بۇ نىمتى؟ ــ دىدى دادىسى، ــ تۆت بالىنى بېقىپمۇ كۈنىنى ئوبدان ئۆتكۈزگەنلەر بارغۇ؟ ئۇ باللار بىزنىڭكىدىن قىلىشمايدۇ. پىترۇشكاڭ قانداق ئادەم بوپتۇ، گەپ قىلىشلىرى خۇددى چوڭ ئادەمنىڭ ئۆزى. كىتاپ ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىدۇ.

پىترۇشكا بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋىتىپ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى داۋاملىق ئاڭلاش ئۈچۈن، يالغاندىن خورەك تارتىقلى تۇردى، "بوپتۇ، ــ دىدى كۆڭلىدە، ــ قىرى بولسا بولىۋەرسۇن، سىنىڭ تەييارنى يىيىشىڭ ئەلۋەتتە ئوڭاي-دە!"

ــ بىراق تۇرمۇشتىكى ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى ئۇ بىلىدۇ، ــ دىدى ئاپىسى، ــ ئۇ ئۆگىنىشتىمۇ ئانچە ئارقىدا ئەمەس.

ــ سىنىڭ سىمىيون دىگەن نىمەڭ قانداق ئادەم؟ ئەمدى باشقا

گەپنى قويۇپ، مۇشۇنىڭغا جاۋاپ بەر، — دىدى دادىسى ئاچچىغلىنىپ،
— ئۇ ياخشى ئادەم.
— سەن ئۇنى ياخشى كۆرسەن، شۇنداقمۇ؟
— ئاليوشا، مەن سىزنىڭ باللىرىڭىزنىڭ ئانىسى...
— بولدى، ئېيتىۋەر! ئۇدۇل جاۋاپ بەر!
— مەن سىزنى ياخشى كۆرسەمەن، ئاليوشا. مەن باللارنىڭ ئانىسى، لېكىن مەن بىر ئايال كىشى، بۇرۇنقى ئىشلارنى قويۇڭ، سىز بار ۋاقىتتىكى ئىشلار ئېسىمدىنمۇ كۆتىرىلىپ كېتىپتۇ.
دادىسى زوۋان سۇرمەي تاماكا چېكەتتى.
— سىزنى سېغىندىم، ئاليوشا... ئەلۋەتتە، باللار يېنىمدا، ئۇلار سىزنىڭ ئورنىڭىزنى باسالمايدۇ. شۇنچە ئۇزۇن ھەم قورقۇنچلۇق يىللاردا سىزنى كۈتتۈم.
— ئۇنىڭ ۋەزىپىسى نىمە؟ نەدە ئىشلەيدۇ؟
— ئۇ بىزنىڭ زاۋۇتتا ماددى تەمىنلەش بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.
— بىلدىم، ئالدامچىكەن.
— ئۇ ئالدامچى ئەمەس. ئۇقمايدىكەنسەن... ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى موگىلىيوۋدا قۇربان بولۇپتىكەن، ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى بولۇپ، قىزى بويىغا يەتكەن ئىكەن.
— بۇنىڭ بىلەن چاتىقىم يوق. ئۇ بىرۋۇنىڭ نەق ئۆيىنى قولىغا چۇشۇرۇۋالغان. ئايالمۇ ئانچە قېرى ئەمەس ھەم چىرايلىق. مۇنداق بولغاندىكىن، ئۇ يەنە ھوزۇرلىنىۋېرىدۇ.
ئانىسى ھېچقانداق جاۋاپ بەرمەي، جىمىپ كەتتى. لېكىن، پېتروۇشكا ئارقىدىنلا ئانىسىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— ئالیوشا، ئۇ، باللارغا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بېرەتتى، — ئانىسى يەنە سۆزلەشكە باشلىدى. پېترۇشكا ئانىسىنىڭ كۆزى ياشقا تولغانلىقىنى سەزدى، — ئۇ باللارغا، ئاتاڭلار بىز ئۇچۇن جەڭ قىلىۋاتىدۇ، جاپا چېكىۋاتىدۇ... دەيتتى، باللار ئۇنىڭدىن، نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئاتاڭلار بەك ئاقكۆڭۈل ئادەم، دېگەن ئىدى.

دادىسى كۈلۈپ كەتتى، غاڭزىدىكى ئوتنى كولاپ ئېلىۋەتتى.

— سىلەرنىڭ سېمیون یېۋسیېۋىچ ئەسلىدە شۇنداق ئادەمكەن-دە! ئۇ مېنى زادىلا كۆرۈپ باقماي تۇرۇپمۇ، مېنى ماختاپ كېتىپتۇ. تازا ئەرباپكەنغۇ!

— ئۇ سىزنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، باللارنى سىزنى مەڭگۈ ئەسلەيدىغان، سۆيىدىغان قىلىش مەقسىتىدە مۇشۇنداق دېگەن.

— ئۇنىڭ نېمە مەقسىتى بار؟ ئۇ نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟ ساڭا تېزراق ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ئېيتقىنا، ئۇنىڭغا زادى نېمە كېرەك؟

— ئېھتىمال، ئۇنىڭ قەلبى ياخشىدۇ، ئالیوشا، ئۇ شۇڭا مۇشۇنداق قىلىدىغاندۇ، بولمىسا يەنە نېمىنى كۆزلەيدۇ؟

— لیۇبا، سەن راستىنلا دۆتكەنسەن. مېنى كەچۈر، ھېچكىممۇ مەنپەئەت تەگمەيدىغان ئىشنى قىلمايدۇ.

— سېمیون یېۋسیېۋىچ ھەر قېتىم كەلگىنىدە باللارغا ھەر خىل نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىدۇ. بەزىدە كەمپىت ئەكەلسە، بەزىدە بولكا ئەكېلىدۇ. يېقىندا تېخى ناستیاغا بىر جۈپ پىما ئالغاچ كەپتىكەن، كىچىك كەپقالدى، لېكىن ئۇ كىشى زادى بىزدىن بىرنەرسە تەلەپ قىلىپ باقمىدى. بىزمۇ ئۇنىڭغا ھاجەتمەن ئەمەسمىز. ئالیوشا،

ئۇ كىشىنىڭ ئەكەلگەن بىرنەرسىلىرى بولمىسمۇ، كۆنمىز ئوخشاش ئۆتىۋېرىدۇ. بىز ئادەتلىنىپ كەتتۇق. لېكىن ئۇ، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلغىنىمدا، كۆڭلۈم بىرئاز ئارامىغا چۈشىدىكەن، ئۆلۈپ كەتكەن بالا ـ چاقىلىرىمنى بەكمۇ ئەسلەپ كەتمەيدىكەنمەن، دەيدۇ. سىز ئۇنى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ سىز ئويلىغاندەك ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىسىز......

ــ بۇ پۈتۈنلەي يالغان! ــ دىدى دادىسى، ــ سەن مېنى قايمۇقتۇرىمەن دىمە... لىيۇبا، سەن بىلەن بىرگە بولۇشنىڭ ھېچقانداق مەزىسى قالمىدى، بىراق مەن يەنە ياشاشنى خالايمەن.

ــ بىز بىلەن بىرگە ئۆتۈڭ، ئالىيوشا....

ــ مەن سىلەر بىلەن بىللە بولايۇ، سەن سېكايېۋسېكو① بىلەن بىللە بولامسەن؟

ــ ئۇنداق ئەمەس، ئالىيوشا. ئۇ ئەمدى بىزنىڭكىگە كەلمەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئەمدى كەلمەڭ، دەپ ئېيتىمەن.

ــ ئەمدى مۇنداق قىلمايدىكەنسەن، ئۇنداقتا بۇرۇن بىر ئىش بولغانمۇ؟... ھەي! سەن قانداق ئادەم، لىيۇبا، سىلەر ئاياللار ھەممىڭلار مۇشۇنداق ئادەملەر.

ــ ئۇنداقتا سىلەر ئەرلەر قانداق ئادەملەر؟ ــ ئانىسى ئازار يىگەندەك سورىدى، ــ سىلەر ئايالار ھەممىڭلار مۇشۇنداق ئادەملەر دىگىنىڭىز نىمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ مەن كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەيمەن، بىز پاراۋوز ئوتخانىسىغا ئىشلىتىدىغان، ئوتقا چىدامىلىق خىش ياسايمىز. مەن ھەم ئورۇقلاپ كەتتىم، ھەم سەتلىشىپ كەتتىم. مېنىڭ

---

① سېمىيون يېۋسىيېۋىچنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

ئىسكەتىم قالمىدى، تىلەمچىلەرمۇ مەندىن تىلىمەيدۇ. ماڭىمۇ قىيىن، بىراق ئۆيدە باللار بار. مەن قايتىپ كەلگەندە، ھەمىشە مەشكە ئوت يېقىلمايدۇ. ئۆيىنىڭ ئىچى قاپ-قاراڭغۇ. باللارنىڭ بېشى قېتىپ كەتكەن. ئۇلار ھازىرقىدەك ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى ناھايىتى تەسلىكتە ئۆگەندى. پېترۇشكا تېخى كىچىك ئىدى... ئۇ چاغلاردا سېميون يېۋسيېۋىچ دائىم بىزنىڭكىگە كېلىپ، باللار بىلەن بىللە بولدى. ئۇ يالغۇزلۇقتا ئۆتەتتى. ئۇ مەندىن: — ئۆيىڭىزگە كېلىپ مېھمان بولۇپ، ئىسسىنىۋېلىپ كەتسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: — ئۆيىمىز بەك سوغۇق، ئوتۇنلىرىمىز ھۆل، — دېدىم. ئۇ ھېچۋەقەسى يوق، پۈتۈن قەلبىم مۇزلاپ كەتتى. پەقەت باللىرىڭىز بىلەن بىر دەم بىللە بولساملا بولىدۇ، مەن ئۇچۇن ئوت قالىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى. مەن، بوپتۇ، كەلسىڭىز كېلىڭ، باللارمۇ سىز بىلەن بىرگە بولسا ئانچە يالغۇزلۇق ھىس قىلىشماس، دېدىم. شۇندىن كېيىن، مەنمۇ كۆنۈپ قالدىم. ئۇ ھەر قېتىم كەلسە، ھەممىمىز يايراپ كېتىمىز. مەن ئۇنى كۆرسەملا سىزنى ئەسلەيمەن، گويا سىز يېنىمىزدىكىدەك ھىس قىلىمەن. مەيلى كىم بولسۇن، بىرەرسى كەلسىلا ئۇنچىۋالا چۆلدەرەپ قالمايدىكەنمىز...

— ھە، سۆزلەۋەر. كېيىن قانداق بولدى؟ — دادىسى كوچىلاپ سوراۋەردى.

— كېيىن ھېچ ئىش بولمىدى. ئەمدى سىزمۇ قايتىپ كەلدىڭىز، ئاليوشا.

— ئەگەر ئىش مۇشۇنداقلا بولسا، بوپتۇ، — دېدى دادىسى، — ئەندى ئۇخلايلى.

لېكىن ئانىسى دادىسىدىن ئۆتۈنۈپ:

— بىر دەمدىن كېيىن ئۇخلايلى. يەنە بىرئاز سۆزلىشەيلى، سىز بىلەن بىرگە بولۇش مەن ئۈچۈن نىمە دىگەن خوشاللىق! — دىدى.

— ئۇلار قانچە قىلسىمۇ تېنچلىنالمىدى، — دەپ ئويلىدى پېترۇشكا ئۆز ئورنىدا ياتقىنىچە، — ئەپلىشىپ قالسىلا بولاتتى. ئانام ئەتە ئەتىگەندە ئىشقا چىقىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى شۇنچە يۇقۇرى تۇرىدۇ، ھازىر خوشاللىنىدىغان ۋاقتى ئەمەس ئىدى. ئىش قىلىپ ئۇنىڭ يىغىسى توختىدى.

— ئۇنداقتا سېميون سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ — دەپ سورىدى دادىسى.

— توختاپ تۇرۇڭ، ناستيانىڭ يوتقىنىنى يېپىپ قويۇپ كىرەي، ئۇ يوتقانىنى تېپىچەكلەپ ئېچىۋېتىدۇ، سوغاق تېگىپ قالمسۇن. ئانىسى ناستيانىڭ يوتقىنىنى يېپىپ قويۇپلا ئاشخانىغا كىرىپ، مەشنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، پېترۇشكا ئۇخلىغاندىمۇ دەپ تىڭشىدى. پېترۇشكا ئانىسىنىڭ مەقسىدىنى ئۇقۇپ، خورەك تارتقىلى تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانىسى چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— ئۇ مېنى ياخشى كۆرسە كېرەك. ئۇ ھەمىشە ماڭا يېقىملىق كۆزىدە قارايتتى. لېكىن مەن ئۆزەمنىڭ قانداقراق ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلمەن، ھازىر مەن شۇنچە چىرايلىقمۇ؟ ئۇنىڭ كۆنى قىيىن. ئاليوشا، ئۇ ھامان بىرەركىشنى ياخشى كۆرىشى كېرەككۇ.

— سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەھۋال مۇشۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنى بىرەر قېتىم سۆيۈپ قويۇپسەندە، — دىدى دادىسى مۇلايىم ھالدا.

www.uyghurkitap.com

— بولدىلا! مەن ئۇنىمسام ئۇنىماي ئىككى قېتىم سۆيۈۋالدى.

— سەن ئۇنىمساڭ، ئۇ نىمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟

— بىلمەيمەن. ئۇ، ئايالىم خىيالىمغا كىرىۋالدى، ئايالىمنى ئەسلەپ قالدىم، سىز ئايالىمغا بىرئاز ئوخشايدىكەنسىز، دىگەن ئىدى.

— ئۇ ماڭا ئوخشامدۇ؟

— ياق، ئوخشىمايدۇ، ھىچكىم سىزگە ئوخشىمايدۇ، سىز ئۆزدىڭىزگىلا ئوخشايسىز، ئاليوشا.

— سىز ئۆزىڭىزگىلا ئوخشايسىز، دىدىڭمۇ؟ ھىساۋات 'بىر'دىن باشلىنىدۇ، 'بىر' دىن كېيىن 'ئىككى' كېلىدۇ.

— ئۇ يۈزۈمگىلا سۆيدى، لىۋىمگە سۆيمىدى.

— نەگە سۆيگەن بولسا ئوخشاش.

— ياق، پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ، ئاليوشا... بىزنىڭ تۇرمۇشلىرىمىزدىن نىملەرنى بىلىسىز؟

— مەن نىمىنى بىلەتتىم؟ ئۇرۇشقا باشتىن-ئاخىر قاتناشتىم. ئۇ چاغلاردا ماڭا ئۆلۈم سەندىنمۇ يېقىن ئىدى.

— سىز ئۇرۇش قىلغانلاردا، مەن ھەمىشە سىزدىن ئەنسىرەيتتىم، كۆڭلۈم بىئارام بولاتتى. پۇت-قوللۇرۇم تىترەيتتى. لېكىن باللارنى بېقىش، دۆلەتكە تۆھپە قوشۇش ۋە فاشىستلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىش ئۈچۈن، يەنىلا كۆتىرەڭگۈ روھتا ئىشلىشىم كېرەك ئىدى.

ئانىسى ناھايىتى خاتىرجەم سۆزلەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ قەلبى ئازاپلىنىۋاتاتتى. پېترۇشكىنىڭ ئانىسىغا ناھايىتى ئىچى ئاغرىدى. ئۇ، ئانىسىنىڭ ئۆزىگە، ئۇنىڭغا ۋە ناستىياغا ئاياق ياماپ بېرىپ، ياماقچىغا بېرىدىغان پۇلنى تېجەپ قالغانلىغىنى، خوشنىسىغا توك ئۈچىنى ياساپ بېرىپ ياغيۇ ئالغانلىغىنى بىلەتتى.

— بۇنداق تۇرمۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى سېغىنىش مېنى تولىمۇ ئازاپلىدى، — دېدى ئانىسى، — ئەگەر مەن شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسام، ئۆلگەن بولاتتىم. لېكىن باللىرىم بار. بىرئاز دەم ئېلىش ئۈچۈن ئانچە-مۇنچە باشقا نەرسىلەرگە يولۇقۇشۇم كېرەك، ئاليوشا، ماڭا خوشاللىق كېرەك. بۈرۈن بىرسى ماڭا، سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن ئىدى. ئۇ ماڭا خۇددى سىزنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىلىرىڭىزدىكىدەك يېقىملىق تۇيۇلغان...

— كىم ئۇ؟ يەنە شۇ سېميون يېۋسىيېۋىچمۇ؟ — دېدى دادىسى.

— ياق، باشقا بىرسى. رايونىمىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كومىسسارى. ئۇ تارقاقلاشتۇرۇلۇپ بۇ يەرگە كەلگەن...

— ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنى زادى كۆزۈم كۆرمىسۇن! ئۇنىڭ بىلەن يەنە نىمە ئىش يۈز بەردى، ئۇ كۆڭلۈڭنى ياساپ قويدىمۇ؟

پېتروۇشكا بۇ كومىسسارنى زادى بىلمەيتتى، ئۇ مەن نىمشقا توندمايدىغاندىمەن، دەپ ھەيران قالدى. ئۇ ئۆز ئۆزىگە: "قارا، ئانىمىزمۇ غەلىتە ئايالكەن جۇمۇ" دەپ پىچىرلىدى.

ئانىسى دادىسىغا جاۋاپ بەردى:

— مەن ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە ئالغىنىم يوق، ھېچقانداق لەززەتلەنگىنىممۇ يوق، ئەكسىچە، كېيىن بەك ئازاپلاندىم، مېنىڭ كۆڭلۈم بۇرۇن ئۇنىڭغا بېرىلگەن. چۈنكى كۆڭلۈم ئۆلەي دەپ قالغان ئىدى. ئۇ مېنىڭ يېقىن ئادىمىم، ئەڭ يېقىن ئادىمىم بولغاندا، مەن ھېچقانداق لەززەتلەنمىدىم. شۇ چاغدا مەن ئائىلە ئىشلىرىنى ئويلاپ، ئۇنى يېقىن ئادىمىم ھىساپلىمىسام بوپتىكەن دەپ ھەسرەتلەندىم. مەن شۇ چاغدىلا سىز بىلەنلا بىرگە بولسام ناھايىتى يەڭگىل بولد-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى تاربىسى

دىغانلىغىمنى، بەختلىك بولىدىغانلىغىمنى بىلدىم... ئاليوشا، بىز بىلەن بىرگە ئۆتۈڭ!

پېترۇشكا دادىسىنىڭ گەپ قىلماي كارۋاتتىن قوپۇپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— سەن ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسىگە ئايلانغىنىڭدا، نەچچە قېتىم بىرگە بولدۇڭلار! — دەپ سورىدى دادىسى.

— پەقەت بىر قېتىم، — دېدى ئانىسى، — ئۇنىڭدىن كېيىن زادى بىرگە بولۇپ باقمىدۇق.

— نەچچە قېتىم بىرگە بولغان بولساڭ، ئۇ سېنىڭ ئىشىڭ، — دېدى دادىسى، — سەن نىمە ئۈچۈن ئۆزەڭنى بىزنىڭ بالىلىنىڭ ئانىسىمەن دەيسەن، نىمىشقا مەن بىر ئايال كىشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىز بىلەن بىرگە بولغىنىمدىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بۇرۇنقى ئىشلار... دەيسەن؟

— بۇ پاكىت، ئاليوشا...

— ئۇنداقتا نىمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ، بۇ قانداق پاكىت؟ سەنمۇ ئۇنىڭ ئايالىغا ئايلىنىپ قالمىدىڭمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنىڭ ئايالى بولغىنىم يوق، مەن شۇنداق بولۇشنى ئويلىغان، لېكىن ئۇنداق بولمىدى... مېنىڭچە سىز بولمىسىڭىز مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ. ئۇ چاغلاردا كەمدە-كەم بولسۇن، مەن بىلەن بىرگە بولسىلا بولىدى دەپ قارىغان ئىدىم، تارتقۇلۇقنى راسا تارتتىم. لېكىن، سىزگە مەلۇم، بالىلار ئۈچۈن ھەممىگە چىدىدىم، جېنىمنىمۇ ئايىمىدىم...

— توختا! — دېدى دادىسى، — سەن ئۆزۈڭنى يەنە بىر سىكا-يېۋسىكو مەسىلىسىدە خاتا قىلىپتىمەن، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق

لەززەتلەنمىدىم، دېدىڭ. لېكىن تونۇگەشمەپسەن، ئۆلمەپسەن، ئەكسىچە بىر ئوبدان ياشاپسەن.

— مەن تونۇگەشمىدىم، — دېدى ئانىسى پەس ئاۋازدا، — ياشاپ كەلدىم.

— دىمەك، سەن ھازىرمۇ ماڭا يالغان ئېيتىۋاتىسەن! سېنىڭ پاكىتىڭ نەدە؟

— بىلمەيمەن، — دېدى ئانىسى پەس ئاۋازدا، — مېنىڭ بىلىدىغىنىم ناھايىتى ئاز.

— بوپتۇ، شۇنداق بولسۇن، لېكىن مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم ناھايىتى كۆپ. مەن ساڭا قارىغاندا كۆپ ئىشنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم، — دېدى دادىسى، — سەن ئىپلاسكەنسەن، باشقا گېپىم يوق.

ئانىسى جىمىپ كەتتى. پەقەت دادىسىنىڭ جىددىي نەپەس ئېلىشىلا ئاڭلىناتتى.

— قارا، مەن ھازىر قايتىپ كەلدىم، — دېدى دادىسى، — ئۇرۇش تونۇگىدى، لېكىن سەن قەلبىمنى يارا قىلدىڭ... ئەمدى قانداق قىلىمىز، سەن سېنىكا يېۋىسكولار بىلەن بىرگە ئۆت! سەن مېنى باشقىلارنىڭ مازاق قىلىپ يۈرىدىغان نىمىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدۇڭ، لېكىن، مەن ئويۇنچۇق ئەمەس، ئادەم!

دادىسى قاراڭغۇدا كىيىمى ۋە ئايىغىنى كىيىپ، ئاندىن پەنەرنى ياقتى، جوزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سائىتىنى بۇرىدى.

— سائەت تۆت بوپتۇ، — دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە، — تېخى قاراڭغۇ. ئايال كىشى كۆپ بولسىمۇ، بىرمۇ ھەقىقىي ئايالىڭ يوق، دېگەن ماقال ناھايىتى ئوبدان ئېيتىلغان.

www.uyghurkitap.com

ئۆيىنىڭ ئىچى جىمىپ كەتتى. ناستيا ياغاچ كىرىسلودا تەكشى نەپەس ئېلىپ ئۇخلىماقتا. پېترۇشكا بېشىنى ئىسسىپ كەتكەن ياستۇققا قويۇپ يېتىپ، خورەك تارتىشنى ئۇنتۇپ كەتتى.

— ئاليوشا! — دېدى ئاپىسى ناھايىتى دوستانە ئاھاڭدا، — ئاليوشا، مېنى كەچۈرۈڭ!

پېترۇشكا دادىسىنىڭ غىڭشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئارقىدىنلا ئەينەك چېقىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. مەلەكزىنىڭ يوچۇغىدىن ئاتا-ئانىسى تۇرغان ئۆينىڭ گۇگۇگا بولۇپ قالغانلىغىنى كۆردى، لېكىن چىراق ئۆچمىگەن ئىدى. "ئۇ پەنەرنىڭ شىشىسىنى چېقىۋېـ تىپتۇـدە، — پېترۇشكا ئويلاپلا تېپىۋالدى، — باشقا يەردە ئەينەك يوق ئەمەسمۇ."

— قولىڭىزنى كېسىۋالدىڭىز، — دېدى ئانىسى، — قاناپ كېتىپـ تۇ. ئىشكاپتىن لوڭگە ئېلىپ بېرەي.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى دادىسى ئانىسىغا ھۆكىرەپ، — ئەمدى سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن...بالىلارنى ئويغات. ھازىر ئويغات!...ساڭا دەۋاتىمەن، ئويغات! ئۇلار ئانىسىنىڭ قانداق ئادەملىگىنى بىلسۇن!

ناستيا چۆچۈپ ئويغىنىپ توۋلىۋەتتى:

— ئانا! قېشىڭىزغا چىقايمۇ؟

ناستيا كېچىسى ئانىسىنىڭ ئورنىغا كىرىپ، ئىسسىنىۋېلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

پېترۇشكا تامەشىنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىنى ساڭگىلەـ تىپ، ھەممەيلەنگە قاراپ:

— ئۇخلاڭلار! نىمىشقا مېنى ئويغىتىۋېتىسلەر؟ تېخى تاڭ ئاتمەـ

دى، تالا قاپ ـ قاراڭغۇ! نىمە ئۇرۇشسىلەر؟

ــ ئۇخلا، ناستيا، ئۇخلا. تېخى كېچە. هازىر قېشىڭغا بارىمەن، ــ دىدى ئانىسى، ــ پېترۇشكا، سەنمۇ قوپما، ئەمدى گەپ قىلماي ئۇخلا.

ــ سىلەر نىمىشقا گەپ قىلىسىلەر؟ دادام نىمە ئىش قىلماقچىكەن؟

ــ مېنىڭ نىمە ئىش قىلىشىم بىلەن چاتىقىڭ نىمە؟ سەن راستىنلا سېرژانتلارغا ئوخشاپ قاپسەن!

ــ نىمىشقا پەنەر شىشىسىنى سۇندۇرىۋېتىسىز؟ ئانام شۇنچە ئۇرۇق تۇرسا، مايىنىڭ ھەممىسىنى ناستياغا بېرىپ، ئۆزى مايسىزلا ياكىيۇ يەۋاتسا، يەنە نىمىشقا ئانامنى قورقىتىسىز؟

ــ ئاناڭنىڭ بۇ يەردە نىمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىگىنى بىلەمسەن؟ ــ دەپ ۋاقىردى دادىسى باللاردەك غەمكىن ئاھاڭدا.

ــ ئالىيوشا! ــ دىدى ليۇبوۋ ۋاسلىيېۋنا ئېرىگە مۇلايىملىق بىلەن.

ــ مەن بىلىمەن، ھەممىسىنى بىلىمەن! ــ دىدى پېترۇشكا، ــ ئانام دائىم سىزنى ئەسلەپ يىغلاپ يۈردى، سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتتى. سىز قايتىپ كېلىپمۇ ئانامنىڭ يىغىسى توختىمايۋاتىدۇ. بۇلارنى سىز بىلمەيسىز!

ــ سەن تېخى ھېچنىمىنى بىلمەيسەن! ــ دىدى دادىسى ئاچچىغلىنىپ، ــ مەن مۇشۇنداق بىر نىمىنى تاپقىنىمىنى، قارا.

ــ ماڭا ھەممە ئىش ئاپ ـ ئايدىڭ، ــ دەپ جاۋاپ بەردى پېترۇشكا تاممەشىنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرغىنىچە، ــ سىز بىلمەيسىز. بىز ئىشلىشىمىز كېرەك، بىزگە ھاياتلىق لازىم...

پېترۇشكا سۆزىنى توختىتىپ، بېشىنى ياستۇققا تاشلاپ، تۇيۇقسىزلا ئاستا يىغلىۋەتتى.

— ئۆيدە سېنىڭ ھوقوقۇڭ چوڭكەن، — دېدى دادىسى، — ئەمدى بەرىبىر بولغىلىق بولدى، سەن قىلىپ ئۆينىڭ خوجايىنى بولغىن.

پېترۇشكا يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، دادىسىغا جاۋاپ بەردى:

— ۋايجان، نىمىلەرنى دەۋاتىسىز!؟ سىز تېخى چوڭ كىشى، ئۇرۇشقىمۇ قاتناشقان... ئەتىلىككە شەرەپلىك ھەربى كوپىراتسىيىسىگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭ. خارىتون تاغام پۇكەيدە تۇرۇپ پارچە بولكا ساتىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن بىرەر كىشىنىڭ بىرەر سەر نەرسىسىنى قىسىپ قالمايدۇ، ئۇمۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان، ھازىر قايتىپ كەلدى. سىز ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭ، ئۇ ھەممە كىشىگە كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، مەنمۇ ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان. ئۇنىڭ ئايالى شوپىرلىقنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ھازىر بولكا توشۇيدۇ. ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، ئەزەلدىن بولكا ئوغۇرلاپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭمۇ دوستى بار، دائىم بېرىش-كېلىش قىلىدۇ، باشقىلارمۇ ئۇنى ئوبدان كۆتىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى ئۆتىدىغىنى ئۇردىن تاقىغان، بىر قولى يوق بىر كىشى، ھازىر سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىش ماگىزىنىنىڭ مۇدىرى...

— سەن ئاغزىڭغا كەلگەن نىملەرنى سۆزلەپ يۈرۈيسەنغۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇخلا. تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، — دېدى ئانىسى.

— ئۆزەڭلار مېنى ئۇخلاتمىدىڭلار... تېخى ھازىرلا تاڭ ئېتىپ كەتمەيدۇ. بۇ چولاق كىشى ئانيۇتا بىلەن ياخشى ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يامان ئەمەس بولۇپ قالغان. ئۇ چاغلاردا خارىتون

تاغام تېخى ئالدىنقى سەپتە ئىدى، كېيىن ئۇ قايتىپ كېلىپلا ئانيۇتا بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇ ئايالىنى كۆن بويى تىللاپ، كەچ بولسىلا ھاراق ئىچىپ يۈردى. ئۇ تىللاپ-تىللاپ، ئاخىرى جىمىپ قالدى. ئۇ ئانيۇتانى قىينىمايدىغان بولدى، ئۇ ئايالىغا، سەن نىمىشقا بىر چولاق بىلەن يۈردۈڭ، راس گاللۇاڭ خۇتۇنكەنسەن. سەن يېنىمدا يوق ۋاقتىمدا گولاشكا، ئابراشكا، مارۇسكا ۋە سېنىڭ ئىسمىڭغا ئوخشاش نيۇشكا ئىسىملىك ھەم ماگدالىنكا ئىسىملىك قىزلار مەن بىلەن بىرگە بولدى، دىگەن. ئۇ مۇشۇ گەپنى قىلىۋېتىپ ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتكەن، ئانيۇتا ئاچامۇ كۈلۈپ كەتكەن. كېيىن ئانيۇتا ئۆزى خارىتون تاغىنى دۇنيادا تېپىلماس ياخشى ئادەم، ئۇ نۇرغۇن فاشىستلارنى ئۆلتۈرگەن، ئۇنىڭغا تەكلىپ قويغان قىزلارنىڭ كۆپلىگىدىن، ئۇ يېتىشەلمەي كەتكەن، دەپ ماختىغان. خارىتون تاغا دۇكاندا بولغىنى سانىغاچ ھەممە ئىشنى بىزگە دەپ بېرەتتى. ھازىر ئۇلار ناھايىتى ئىناق بولۇپ، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە. كېيىن خارىتون تاغا كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق دەيدۇ: مەن ئانيۇتانى ئالداپ قويدۇم. ئەملىيەتتە ھېچقانداق ئايال قېشىمغا كەلگىنى يوق، گولاشكا، نيۇشكا، ئابراشكا دىگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق، ماگدالىنكا دىگەن ئايال تېخىمۇ يوق. سولدات ۋەتەنىنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ ئەس-يادى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا تۇرسا، قالايمىقان يۈرۈشكە نەدە ۋاقتى. مەن ئانيۇتانى قەستەن قورقىتىپ قويدۇم... ئۇخلايلى، دادا، چىراقنى ئۆچۈرۈۋېتەيلى، شىشىسى يوق پەنەرنى يېقىپ ئۆينى ئىسلاپ نىمە قىلىمىز.

ئۇۋانوۋ ئوغلىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ھىكايىسىنى ھەيران قالغان ھالدا ئاڭلىغاچ: "ھەي، ئىتنىڭ بالىسى، مەن تېخى سېنى بىزنىڭ

ماشا توغرىسىدا سۆزلەمدىكىن، دەپتىمەن" دەپ ئويلىدى.

پېترۇشكا سۆزلەۋېرىپ ھارغىنىدىن خورەك تارتقىلى تۇردى، ئەمدى ئۇ راستىنلا ئۇخلاپ قالغان ئىدى.

ئۇ ئويغانغاندا تاڭ ئېتىپ كەتكەن ئىدى. چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى، چۈنكى، ئۇ كۆپ ئۇخلاپ كەتكىنىدىن، ئەتىگەندە قىلىدىغان ئۆي ئىشلىرى شۇنداقلا تۇراتتى.

ئۆيدە ناستىيالا قالغان ئىدى. ئۇ پولدا ئولتۇرۇپ، ئانىسى ئۇنىڭغا بۇرۇنلا ئېلىپ بەرگەن رەسىملىك كىتاپنى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ، بۇ كىتاپنى كۈندە تەپسىلى كۆرەتتى، گويا خەت ئوقۇۋاتقاندەك قىلىپ، بارماقلىرى بىلەن ھەرپلىرىنى كۆرسىتەتتى.

— نىمىشقا ئەتىگەندىلا كىتاپنى پاسكىنا قىلىۋەتتىڭ؟ جايىغا قويۇپ قوي، — دىدى پېترۇشكا سىڭلىسىغا، — ئانام قېنى؟ ئىشقا كەتتىمۇ؟

— ئىشقا كەتتى، — ناستىيا بوش جاۋاپ بەردى ۋە كىتاپنى يېپىپ قويدى.

— دادام نەگە كەتتى؟ — پېترۇشكا ئاشخانا ۋە باشقا ئۆيلەرنى ئايلىنىپ چىقىپ سورىدى، — ئۇ ئۆزىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى سالغان خالتىسىنى ئېلىپ كەتتىمۇ؟

— ھەئە، ئېلىپ كەتتى.

— ئۇ ساڭا نىمىلەرنى دىدى؟

— ھېچنىمە دىمىدى، پەقەت لېۋىمگە ۋە مەڭزىمگە سۆيۈپ قويدى.

— ئەسلىدە مۇنداقكەن-دە، — پېترۇشكا جىمىپ كەتتى.

— تېز تۇر! — سىڭلىسىگە بۇيرۇق قىلدى، — يۈزلىرىڭنى يۇيۇپ،

كىيىملىرىڭنى كىيدۈرۈپ، بازارغا ئېلىپ بارىمەن...

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ دادىسى ۋاگزالغا بېرىپ بولغان ئىدى. ئۇ ئىككى يۈز گىرام ۋوتكا ئىچىۋالغان ھەمدە يولۇچىلارنىڭ تاماق بېلىتى بىلەن ئەتىگەندىلا قوسۇغىنى ئوبدان تويغۇزىۋالغان ئىدى. ئۇ تاڭ ئاتماستىلا ماشا بار شەھەرگە بېرىشقا نىيەت قىلغان ئىدى. ئۇ ماشا بىلەن قايتا كۆرۈشسە مەڭگۈ ئايرىلماسلىقى مۇمكىن. يامان يېرى شۇكى، ئۇ، مونچا خىزمەتچىسىنىڭ قىزىدىن (ئۇنىڭ چېچىدىن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى) خېلى چوڭ ئىدى. لېكىن ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى شۇ يەرگە بارغاندا ئايدىڭلىشاتتى. بىراق ئىۋانوۋ ماشا بىلەن قايتا كۆرۈشكەندە، ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭ ئاز-تولا خوشال بولغانلىقىنى كۆرسىلا قانائەتلىنەتتى. مانا بۇ، ئىۋانوۋنىڭمۇ يېڭىدىن تونۇشقان يېقىن ئادىمى بارلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قىزنىڭ ناھايىتى گۈزەل، ئاق كۆڭۈل، خۇشچاقچاق قىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ. نەتىجىسى قانداق چىقىدىغانلىقى ۋاقتى كەلگەندە ئايدىڭلىشاتتى!

ئاشۇ تەرەپكە بارىدىغان پويىز كېلىشكە ئاز قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بوخچىسىنى كۆتىرىپ، پويىزغا چىقىدىغان تەرەپكە ماڭدى: ”مېنىڭ بېرىشىم ماشانىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقماس، — دەپ ئويلىدى ئىۋانوۋ، — ئۇ ماڭا، سىز بەربىر مېنى ئۇنتۇپ قالىسىز، بىز قايتا كۆرۈشەلمەيمىز، دىگەن ئىدى. بىراق، ھازىر مەن ئۇنىڭ قېشىغا كېتىپ بارىمەن، ئەمدى زادى قايتىپ كەلمەيمەن.“

پويىز ماڭغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇن تۇرغان بۇ شەھىرىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، ئىشىك تۈۋىدە تۇردى. ئۇنىڭ بالىلىرى مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئولتۇرغان

ئۆيىنىمۇ يەنە بىر كۆرۈۋالماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئۆيى تۆمۈريول بىلەن كېسىشىدىغان ئاچال يولنىڭ بويىدا ئىدى. پويىز مۇشۇ يولدىن ئۆتەتتى. ۋاگوندىن ئۆيىنى كۆرگىلى بولاتتى.

پويىز قوزغالدى. ۋاگزالدىن ئاستا چىقىپ، كۈز تونىنى كىيگەن بىپايان دالىغا كۆز تاشلىدى. ئىۋانوۋ ۋاگوننىڭ بالدىقىنى تۇتىۋالغان ئىدى، ئۇ قاتار ـ قاتار كەتكەن كىچىك ئۆيلەر، قورۇلۇشلار ۋە لاپاسلارنى كۆردى،...يەنە شەھەرنىڭ ئوت ۋاقەسىنى كۆزىتىش بىناسىنى كۆردى. ئۇ يىراقتىن ئىككى ئىگىز تۇرخۇننى تونىدى: بىرسى سوپۇن زاۋۇدىنىڭ، يەنە بىرسى خىش زاۋۇدىنىڭ تۇرخۇنى ئىدى. ھازىر لىۋبا مۇشۇ زاۋۇتنىڭ قىسىش ماشىنىسىدا ئىشلەۋاتاتتى. لىۋبا تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزگۈسى كەلسە، شۇنداق ئۆتكۈزۈۋەرسۇن، ئىۋانوۋمۇ ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تۇرمۇش ئۆتكۈزىدۇ. ئېھتىمال، ئۇ لىۋبانى كەچۈرىشى مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭ نىمە لەززىتى بولسۇن؟ بەرىبىر ئۇنىڭ لىۋبادىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە يولدىشى بولمىغانلىقتىن يالغۇزلۇق ۋە ئىچ پۇشقى تارتىتىم دەپ باشقىلار بىلەن سۆيۈشكەن ۋە بىرگە بولغان كىشىنى ئۇ كەچۈرمەيتتى. لىۋبانىڭ سىمىيون ياكى يېۋسىيىنىڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلىنىپ قېلىشىنى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى، نامراتلىق ياكى قايغۇ ئازاۋىدىن بولغان دەپ ئاقلىسا، بۇ سەۋەپ بولالمايدۇ، ئەكسىچە بۇ ئىش لىۋبانىڭ ھىسسىياتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ھەممە مۇھەببەت نامراتلىق ۋە قايغۇدىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بىرەرسىنىڭ توقىقۇزى تەل بولسا ھەمدە ھېچقانداق قايغۇسى بولمىسا، ئۇ مەڭگۈ بىرسىنى سۆيمەسلىكى مۇمكىن.

ئىۋانوۋ كارىدوردىن ئۆتۈپ، ۋاگوننىڭ ئىچىدە ئۇخلىماقچى

بولدى، ئۇ ئۆزى تۇرغان ھەمدە ھازىر ئىككى ئوغلى قېپقالغان ئۆيىنى كۆرۈپ، بىكاردىن-بىكار ئۆزىنى ئازاپلاشنى خالىمىدى. ئۇ ئالدىغا شۇنداق قارىغۇدى، پويىزنىڭ ئاچال يولغا يېقىن كەپقالغانلىقىنى كۆردى، ئارقىدىنلا ئۆيىنى كۆردى. يېزىدىن شەھەرگە تۇتىشىدىغان بۇ توپا يول تۆمۈريول بىلەن كېسىشەتتى. بۇ يولدا ھارۋىدىن چۈشۈپ قالغان سامان، قورۇق ئوت-چۆپ، سۆگەت تاللىرى تۇراتتى، ئات-ئۇلاق تېزەكلىرىمۇ بار ئىدى. ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم بولىدىغان بازار كۈنىدىن باشقا ۋاقىتلاردا بۇ يولدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بەزىدە دېخانلار ھارۋىسىغا لىق سامان قاچىلاپ بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ كېلەتتى. ھازىرمۇ يولدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. پەقەت شەھەر تەرەپتىن ئىككى بالا يۈگۈرەپ كېلىۋاتاتتى: بىرسى چوڭراق، يەنە بىرسى كىچىكرەك ئىدى، چوڭى كىچىكىنىڭ قولىنى تۇتىۋالغان بولۇپ، كىچىكىنىڭ قولىدىن سۆرەپ يۈگۈرەيتتى، كىچىكى ھەرقانچە قىلسىمۇ چوڭىغا يېتىشەلمەيتتى، بۇ چاغدا چوڭى كىچىكىنى داقىرىتىپ سۆرىگەن پېتى يۈگۈرەشكە باشلىدى. ئۇلار شەھەرنىڭ ئاخىرقى بىر كورپۇس ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلگەندە توختاپ، ۋاگزال تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قالدى، بەلكىم مۇشۇ تەرەپكە ماڭساق بولارمۇ دەپ ئويلىنىپ قالغان بولسا كېرەك. كېيىن ئۇلار ئاچال يولدىن ئۆتىۋاتقان پاسازىر پويىزىنى كۆرۈپ، پويىز تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى...

ئىۋانوۋ ئولتۇرغان ۋاگون ئاچال يولدىن ئۆتەي دېگەندە، ئۇ بوخچىسىنى قولىغا ئېلىپ، ۋاگوننىڭ ئىچىگە كىرىپ، باشقا يولۇچىلار دەخلى قىلمايدىغان ئۇستىنكى كارۋاتقا چىقىپ ئۇخلىماقچى بولدى. لېكىن ئىۋانوۋ، بۇ ئىككى بالا پويىزنىڭ ئاخىرقى ۋاگونى ئاچال

www.uyghurkitap.com

يولدىن ئۆتۈپ كەتكىچە ئۆلگۈرۈپ كېلەرلەمۇ دەپ، ۋاگونىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئارقىسىغا قارىدى.

بىر بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغان باللار ئاچال يولغا قاراپ يۈگۈ-رەۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئىككىسى يىقىلىپ چۈشتى، ئۇلار ئۆمىلەپ قوپۇپ يەنە يۈگۈردى. چوڭقى پويىز كېتىۋاتقان يولغا — ئىۋانوۋ تەرەپكە قاراپ توختىماي قولىنى پۇلاڭشىتاتتى. دەل مۇشۇ پەيتتە، ئۇلار يەنە يىقىلىپ چۈشتى. ئىۋانوۋ ئېنىق كۆردى، چوڭقى بىر پۇتىغا پىما، يەنە بىر پۇتىغا كالاچ كىيىۋالغان ئىدى.

ئىۋانوۋ كۆزىنى يۇمىۋالدى. ئۇ كۆرۈشنى خالىمىدى، يىقىلىپ چۈشكەن، ھېرىپ جېنى قالمىغان بالىلارنىڭ ئازاپ تارتىشلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشنىمۇ خالىمىدى. ئۇنىڭ ئىچى تىت-تىت بولۇپ كەتتى، خۇددى ئۇنىڭ ئاغزىغا بىرنىمە قاپلىشىپ، يۈرىكى ھەركەت-تىن توختاپ قالغاندەك ئازاپلاندى... ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىگەللىگەن ئەھۋاللىرىنى بىردىنلا تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ ھەقىقى تۇردە چۈشە-نىۋالغاندەك بولدى. ئۇ بۇرۇن تۇرمۇشقا شۆھرەتپەرەسلىك ۋە شەخسى مەنپەئەتتىن قارىغان بولسا، ئەمدى چىن كۆڭلى بىلەن قارىدى.

ئۇ بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقان بالىغا قارىدى، ئۇلار پېترۇشكا بىلەن ناستياغۇ؟ پويىز ئاچال يولدىن ئۆتكەندە، باللارمۇ دادىسىنى كۆرگەن بولسا كېرەك، پېترۇشكا دادىسىنى ئۆيگە قايتىڭ، ئانامنىڭ قېشىغا بېرىڭ دېگەندەك قىلاتتى...

پېترۇشكا بىلەن ناستيا رېلىس بويلاپ تاشيولدا يۈگۈرمەكتە. لېكىن ئۇلار پويىزدىن خېلىلا يىراقتا قالدى. پېترۇشكا يەنىلا ناستيا-نىڭ قولىنى تۇتىۋالغان بولۇپ، ئۇنى سۆرىگىنىچە يۈگۈرەيتتى.

بۇ چاغدا ئۇۋانوۋ ناھايىتى تېزلىكتە بوخچىسىنى ۋاگوندىن يەرگە تاشلىدى. ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ ۋاگوننىڭ ئاخىرىغا بېرىپ، بالىلىرى يۈگۈرەۋاتقان تاشيولغا سەكرىدى.

(رۇسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا بەزى جايلىرى قىسقارتىلغان.)

(«روسىيە ـ سوۋېت ئەدەبىياتى» ژور-
نىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: مەھەممەت ئېلى،

تەرجىمە مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئىمىن.

بىردىن ـ بىر ھەقىقى خوشاللىق ئىجادىيەت خوشال-لىقىدۇر. سەن قېرىنداش قەلەم، ئاياق كىيىم، بولكا، بالا يەنى ئىنسانىي يارىتالىشىڭ مۇمكىن. ئىجادىيەت بولمىسا ھەقىقى خوشاللىقمۇ بولمايدۇ، مۇقەررەر ھالدا غەم ـ ئەندىشىلىك، دەرت ـ ئەلەملىك، ۋىجدانى ئەيىپلەشلەر ۋە ئار ـ نومۇس ئىزگۈلىرىگە قوشۇلۇپ كېلىدىغان خوشاللىقمۇ بولمايدۇ.

— ل. تولستوي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# فوُرونتتىكى سۈرەت

## ل. يۇنىنا



تۇرۇپلا سىم-سىم يامغۇر يېغىپ كەتتى-دە، ئوت ئورۇمنى توختاتماي بولمىدى. بۇ يەردىكى كولخوزغا ياردەمگە كەلگەن ئالىي مەكتەپ ئىككىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ۋاقتىنچە ياتاق قىلىپ تۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلمىسىدە بىكار ئولتۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار ياتاقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى سىنچىلاپ كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قىلغۇدەك بىرەر ئىش تېپىپ بېرىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىنتىپاق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئورلوۋنى سۆزلىشىپ كۆرۈشكە چىقاردى.

مىخائىل بېشىغا كونا چىغ قالپىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، ئۆشىنىسگە چوڭ بىر پارچە يالتىراقنى ئارتتى-دە چوڭ يولنىڭ نېرىسقى

تەرىپىدىكى بىر ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، ئۈستى ـ بېشىدىكى يامغۇر سۈيىنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، يالتىراق بىلەن چىغ قالپاقنى بىر ئۈزۈن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى ـ دە، ئىشىكنى چەكتى، جاۋاپ چىقمىدى، ئۇ ئىشىكنى ئاستاغىنە ئاچتى.

— ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟ — دەپ ۋاقىردى مىخائىل ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ۋە ئىشىكنىڭ يان ياغىچىنى قاتتىق قېقىپ. ئىچكىركى ئۆيدىن ئاياق تىۋىشى كېلىشى بىلەنلا، ئىگىز بويلۇق ياشانغان بىر ئايال تاشقىرقى ئۆيگە چىقتى. "ساھىپجامال، ھۆسنى كامال" دىگەن ئاياللارنىڭ ئۆزى شۇ ئىكەن دەۋەتتى مىخائىل خۇددى ئەدىپلەردەك ھۆكۈم قىلىپ.

— ياخشىمۇسىز، مۇدىر بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم.

— ياخشىمۇسىز، ياخشىمۇ، — دىدى جاۋابەن ھىلىقى ئايال بەئەينى قىزلارنىڭكىدەك ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن، — ئېگور نېكولايېۋىچ كومىتېتقا كەتكەن، ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ. سىز ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغۇ دەيمەن. سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن.

مىخائىل ھەئە، دىگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۆيگە كىرىڭ، — دىدى ئايال ئارقىدىنلا، — يامغۇردا ئۇنى ئىزدەپ كومىتېتقا بارىمەن دىمەي، بىر دەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ. زەپمۇ يېغىپ كەتتى بۇ پىشكەل يامغۇر، يەنە كېلىپ ئوت ـ چۆپ ئورىدىغان مەزگىلدە يېغىپ، ئوت ـ چۆپنى سېستىۋېتىدىغان بولدى دەگا.

ئايال مىخائىلنى يورۇق ھەم ئازادە بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەم يوغان، ھەم كەڭ تۆرۈك شىرە قويۇلغان

ئىدى. [illegible] ئېلىنغان. شىرە-
نىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئاق قىرغاقلىق قاپقۇش كىيگۈزۈلگەن بىر
چىراق ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇ ئۆي تاشقارقى ئۆيدىن باشقىچە سەرەم-
جانلانغان. ئۆيدىكى بىساتلار قەدىمچە تۇس ئالغان ئىدى: ئاچرەك
تېرىكە بىلەن قاپلانغان ئورۇندۇق ۋە ساپالار، كونا راۋاق شەكىللىك
چىنە-قاچا ئىشكاۋى، ئىگىز ھەم ئازادە ياسالغان كىتاب ئىشكاۋى —
مانا بۇلار كىشىنى ھوزۇرلاندۇراتتى.

— تارتىنماي ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئايال، — ئېتىڭىز نىمكىن؟

— مىخائىل.

— مېنىڭ ئېتىم دادىيانا مېفودىيېۋنا. مەن ئەدەبىيات دەرسى
بېرىمەن، ئېگور نىكولايېۋىچ تارىخ دەرسى بېرىدۇ.

— مەنمۇ تارىخ پاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن، — دېدى مىخائىل.

— شۇنداق دەڭا! بۇ — كارامەت بىر ئىلىم. ئېگور نىكولايېۋىچ
تارىخقا بەكمۇ قىزىققاچقا، مەندىمۇ كۈچلۈك ئىشتىياق پەيدا بولۇپ
قالدى. ھەربى تارىخ جەھەتتە ئۇنى مۇتەخەسسىس دېسىمۇ بولىدۇ،
بەزى ماقالىلىرىمۇ بېسىلدى، — دېدى دادىيانا مېفودىيېۋنا ئاھايىتى
قىزغىن ھېسسىيات بىلەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى،
ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن سوزۇك لەۋلىرى بىلەن كۈلۈمسىرىدى،
مىخائىلغا ئۇنىڭ دەسلەپتە كۆرۈنگەن قېرىلىقى بىردىنلا غايىپ
بولدى.

— قوسىغىڭىز ئېچىپ قالغاندۇ؟ — دەپ سورىدى دادىيانا مېفودى-
يېۋنا، — مەن سىزگە كۆك شورپىسى ئەكىلەي، مەن شورپىنى بەك
مېزلىك ئېتىمەن.

— ئۇنچە ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولاتتى، — دېدى مىخائىل ئوڭاي-

سىزلىنىپ، — ئىچكۈم يوق تۇرىدۇ، — بىراق بەكمۇ ئىچكۈسى بار ئىدى، — رەخمەت سىزگە، ئىچكۈم يوق تۇرىدۇ، — دەپ سۆزىنى تەكرارلىدى.

ئەمما دادىيانا مىفودىيېۋنا ئۇنىڭ تۇزۇت قىلغىنىغا قارىماستىن، بىر تەخسە شورپا ۋە بىرنەچچە توغرام بولكا ئەكەلدى.

— ئىچىڭ، ھازىرلا ئەتكەن ئىدىم. مەن ئاشنى كۆپرەك ئېتىشكە ئادەتلىنىپ قاپتىمەن. بۇرۇن بىز چوڭ ئائىلە ئىدۇق. دادام بىز بىلەن بىللە تۇراتتى، يەنە ئۈچ بالىمىز بار ئىدى. دادام ئۆلۈپ كەتتى، باللارمۇ تەرەپ-تەرەپكە كېتىپ قېلىپ، ھازىر ئېگور نىكولايېۋىچ بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق، شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا چوڭ قازاندا تاماق ئېتىمەن. ئېگور نىكولايېۋىچ بەزىدە كايىپ: قارىغىنا، بۇ بىر قازان شورپىنى ئىچكىلى نەچچە كۈن بولدى، دەپمۇ قوييدۇ تېخى.

ئايال ئۆزىچە كۈلۈپ قويىدى. بىراق مىخائىل "بۇ نىمە دىگەن يۇمشاق كۆڭۈل، يېقىملىق ئايال-ھە! خۇددى چوڭ ئانامغا ئوخشاش ئاقكۆڭۈل ئىكەن" دەپ ئويلاۋاتاتتى.

— ئېگور نىكولايېۋىچنى بىرەر ئىش ئۈچۈن ئىزدەپ كەلگەنمە-دىڭىز؟ — دەپ سورىدى دادىيانا مىفودىيېۋنا.

— يامغۇر يېغىپ كەتتى، — دىدى مىخائىل ئاغزىغا لىق ئالغان ئاشنى يۇتۇۋېتىپ، — قىلىدىغانغا ئىش يوق. شۇڭا ياتاقتا ئولتۇرۇپ قىلغۇدەك بىرەر ئىش تېپىش قارارىغا كەلگەن ئىدۇق، بىز ئاتمىش نەچچە ئادەم دەڭا.

— ناھايىتى ئوبدان گەپقۇ، مەكتەپتە تۇپلەشكە ۋە تۇزەشكە تېگىشلىك پايدىلىنىش ماتىرىياللىرىمۇ خېلى بار، — دەپ گېپىنى توخ-تاتتى دادىيانا مىفودىيېۋنا، ئاندىن نىمىگىدۇر بىر نىمىگە قۇلاق

سالغاندەك بولۇپ دەرھال ئورۇندۇقتىن تۇردى ـ دە، ـــ ئىگور نىكولا ـ يېۋىچ قايتىپ كەلدى، ـــ دېدى.

بىراق مىخائىلغا يىغۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچنىمە ئاڭلانمىدى. دادىيانا مېفودىيېۋىنا تاشقىرقى ئۆيگە چىقتى، چوڭ ئىشىك "غىچ" قىلىپ ئېچىلىشى بىلەنلا، دادىيانا مېفودىيېۋىنانىڭ پەس ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـــ ئۈستى ـ بېشىڭىز چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كېتىپتۇ! چاققان كىرىپ كىيىم يۆتكەڭ. قارىڭا، مەن سىزگە ئىللىق، يۇمشاق كەش تەييارلاپ قويدۇم. شىمىڭىزنىمۇ يۆتكىۋېلىڭ، ھەممە يېرىڭىز سۇزمە ـ چۆپ بولۇپ كېتىپتۇ. قۇرۇق گەپنى قويۇڭ، ئالقاندەك قۇرۇق يەرمۇ قالماپتۇ؛ زۇكام بولۇپ قالسىڭىز چاتاق بولىدۇ.

ئىشىك گۈپ قىلىپ يېپىلدى، گەپمۇ ئاڭلانماي قالدى، دادىيانا مېفودىيېۋىنا ئېرىگە كىيىم يۆتكىتىشكە كىرىپ كەتتى. مىخائىل شورپىنى ئىچىپ بولۇپ، خۇددى بالىلاردەك قوشۇقنىمۇ يالىۋەتتى ـ دە، يەنە ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. بۇ ئۆي ئۇنىڭغا بەكمۇ يېقىپ قالغان ئىدى. بۇنداق ئۆيلەردە ئولتۇرسىڭىز، سىزدە كىتاب ئوقۇش ۋە مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ھەۋىسى تۇغۇلاتتى، ئۆينىڭ سەرەمجانلىقىنىشى كىشىگە بىر خىل تەبىئى ھوزۇر بېغىشلايتتى. خىيال ـ ھەۋەس دەرياسىغا چۆمگەن مىخائىل ئۆي ئىگىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئىگور نىكولايېۋىچنىڭ بوم ئاۋازى ئۇنى چۆچىتىۋەتتى ـ دە، ئۇنىڭ بەدىنى سەل جۇغۇلدىغاندەك بولدى.

ـــ خوپ، ياخشىمۇسىز، يىگىت! سىلەرنىڭ دىمەكچى بولغىنىڭلارنى بىلىمەن. ئىشقۇ تەييار! ـــ دېدى ئىگور نىكولايېۋىچ خۇشخۇي، بىراق بۇغۇق ئاۋاز بىلەن، ـــ خىزمەتمۇ بولماي قالامدۇ! يۈرۈڭ ئەمىسە،



www.uyghurkitap.com

سلەر ناھايىتى ئوبدان ئويغا كېلىپسلەر.

— ياق، بولمايدۇ، ئېگور نىكولايىۋىچ! — دىدى دادىيانا مېفودى. يىپنا ئېرىنىڭ ھىلىقى گېپىنى رەت قىلىپ، — ئاۋال چۇشلۇك تاماق يېۋېلىڭلار.

— ماقۇل، ماقۇل، — دىدى مىخائىل ئىتتىكلا، — سىزلەر تاماق يېۋېلىڭىزلار، مەن بىرىپ ساۋاقداشلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇراي.

— ھەي! سىزمۇ بىز بىلەن بىللە چۇشلۇك تاماق يەڭ، — دىدى ئېگور نىكولايىۋىچ.

— رەخمەت، دادىيانا مېفوردىيىپنا مېنى مېھمان قىلىپ بولدى، تاماق بەكمۇ ئوخشاپتۇ، خۇددى چوڭ ئانام ئەتكەندىكىدەك مېزىلىك تاماق بوپتۇ، خەير خوش!

— چاي ئىچىۋالمامسلەر؟ — دەپ سورىدى دادىيانا مېفودىيىپنا.

— ئىچمەمدىغان؟

— ياق، ئىچمەيمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى مىخائىل.

— ئازراق ئىچىڭ، — دىدى ئېگور نىكولايىۋىچ، — چاي ئىچمىسەڭ، دادىيانا مېفودىيىپنا بىزنى ماڭغۇزمايدۇ. كېلىڭ بىللە ئىچەيلى. ئولتۇرۇپ زىرىكىپ قالماڭ يەنە، يۈرۈڭ، كۇتۇپخانامغا باشلاپ كىرەي. كۇتۇپخانامدا كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان، بولۇپمۇ تارىخ توغرىسىدىكى كىتاپلار بار.

مېھمانخانىغا تۇتىشىدىغان كۇتۇپخانا ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. يوغان ئىش شىرەسى دەرىزە يېنىدىكى بوشلۇققا چىپپىدە كەلگەن ئىدى. تامغا ياندىپ كۆپ قەۋەتلىك بىرقانچە چوڭ كىتاپ تەكچىسى قويۇلغان. مىخائىل كىتاپ تەكچىسگە تىزىلغان كىتاپلارنى قىزىقىپ كۆزدىن كەچۈردى. بۇ كىتاپلارنىڭ بەزىلىرى ئىنقىلاپتىن بۇرۇن

نەشر قىلىنغان كىتاپلار ئىدى. ئۇ بەزى كىتاپلارنى ئېلىپ ئاۋايلاپ ۋاراقلاشقا باشلىدى، شۇنداق بىر قەدەم، ئىككى قەدەم مېڭىپ ئىشىك تەرەپتىن دەرىزە تەرەپكە سىلجىدى.

ئېگور نىكولايىۋىچ كىرىپ:

— چاي تەييار بولۇپ قالدى، يۈرۈڭ چاي ئىچەيلى، — دېدى.

— سىزنىڭ كىتاپلىرىڭىز كارامەت ئېسىل كىتاپلار ئىكەن، — دېدى مىخائىل ئاجايىپ مەمنۇنىيەت بىلەن، — بىزنىڭ ئۆيدىمۇ كىتاپلار خېلى بار، بىراق كۆپ قىسمى تېخنىكىغا دائىر كىتاپلار. دادام بىلەن ئانام گېئولوگ، چوڭ ئانام دوختۇر، چوڭ ئانام چەتئەلدە چىققان كىتاپلارغا بەك قىزىقىدۇ.

— مېنىڭ دادامۇ يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتى تەيىنلىگەن دوختۇر ئىدى. بۇ كىتاپلارنى دەسلەپتە دادام توپلىغان ئىكەن. ئەلۋەتتە، مېنىڭ يىققانلىرىممۇ بار، ئەمما بۇ ئاساسىنى دادام قۇرغان. كىتاپلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ساقلىنىپ قالغان دىسە بولىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە. قانچە قېتىملار ئۇرۇش بولدى دىمەمسىز! ۋاھالەنكى، بۇ كىتاپلار ساپ-ساق ساقلىنىپ قالدى. ھەر دورەم مۇشۇلارنى ئەسلىسەم، ھەيران بولىمەن......مانا بۇلار مېنىڭ دادام بىلەن ئانام، — دىدى-دە، ئېگور نىكولايىۋىچ شىرە ئۈستىدىن قەدىمچە كىچىك رامكىغا ئېلىنغان سۈرەتنى قولىغا ئالدى.

— قىزىق-ھە! — دىدى مىخائىل چىرايلىق ھەم خۇشخۇي چۈشكەن بۇ ئىككى ئادەمنىڭ سۈرىتىگە قاراپ، — بۇلار شۇنچە ياش تۇرىدۇ، قانداق قىلىپ بىردىنلا سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز بولۇپ قالىدۇ؟

ئېگور نىكولايىۋىچ كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇ سۈرەت مەن تېخى دۇنياغا كۆز ئېچىشتىن بۇرۇن تارتىل-

غان ئىكەن. كونا ئادەت بويىچە ئېيتقاندا، مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ قېرىد-
ياقاندا ئوغلى ئىكەنمەن. ئانام مېنى تۇققاندا قىرىق ياشقا كىرگەن
ئىكەن، ــ دېدى.

مىخائىل سۈرەتنى يېشىل موۋۇت بىلەن قاپلانغان شىرەگە قويۇ-
ۋېتىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى سەل كىچىكرەك بىر سۈرەتنى كۆرۈپ
قالدى، بۇ سۈرەت ئۇنىڭغا ناھايىتى تونۇشلۇق كۆرۈندى، بۇ سۈرەتـ
تىكى قىز بېشىغا ئىسپانكا، ئۇچىسىغا جەكچى كىيىمى كىيگەن خۇش-
خۇي قىز ئىدى، قىز گويا بىرنىمىگە قۇلاق سېلىۋاتقاندەك، يۈزىنى
بىر تۇپ ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ غولىغا يېقىپ تۇراتتى: "مەن بۇ
سۈرەتنى قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ، دىگەن ئوي
مىخائىلنىڭ كاللىسىغا كەلدى: گېزىتتە كۆردۈممۇ، ياكى «ئۇچقۇن»
ژورنىلىدىمۇ؟" ئۇ سۈرەتنى قولىغا ئالدى، بىر دەم تېخىمۇ زەڭ قويۇپ
قارىدى. بۇ ناھايىتى كېلىشكەن قىز ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن
ئېيتقۇسىز بىر خىل تونۇشلۇق چىقىپ تۇراتتى.

ــ چاي سوۋۇپ قالدىۇ! ــ دەپ چاقىردى دادىيانا مېفودىيېۋنا
مېھمانخانىدا تۇرۇپ.

ــ يۈرۈڭ، چاققان بولۇڭ، ــ دەپ ئالدىراتتى ئېگور نېكولايېۋىچ
مىخائىلى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن سۈرەتنى ئالدى ـ دە، ئاۋايلاپ شىرە
ئۈستىگە قويۇپ، مىخائىلنى مېھمانخانىغا ئېلىپ چىقتى.

ئۇلار بۇلتۇرقى مۇرابىبا بىلەن چاي ئىچىشتى (بۇنداق مۇرابىبا
ئۇرۇقچىسىدىن ئاجرىتىلغان قارىقاتتىن ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن قايند-
تىلاتتى)، يېڭى سېلىنغان قۇيماق يېيىشتى. ئېگور نېكولايېۋىچ مەك-
تەپنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى
قىسقىچىلا سورىدى.

www.uyghurkitap.com

ــ ئۆيدە دادام، ئانام، چوڭ ئانام ۋە مەن بولۇپ تۆت جان بار، دادام بىلەن ئانام گېئولوگىك چارلاشقا كېتىپ دائىم ئۆيدە تۇرمايدۇ، كۆپ چاغلاردا چوڭ ئانام بىلەن ئىككىمىزلا قالىمىز. چوڭ ئانام ئاتمىش ياشقا كىردى، تۇغۇت دوختۇرخانىسىنىڭ باش دوختۇرى، تېخى دەم ئېلىشقا چىقماي داۋاملىق ئىشلەۋاتىدۇ.

مىخائىلنىڭ ئاغزى گەپتە بولغان بىلەن، كاللىسى "ئېگور نىكولايېۋىچنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى ھېلىقى سۇرەت نېمە دىگەن تونۇشلۇق ــ ھە!" دىگەن ئوي بىلەن بەنت ئىدى. ئەمدى ئويلاپ تاپتى: بۇلتۇر گۇۋانامە ئېلىش ئۈچۈن سۇرەت لازىم بولۇپ، تۇغۇلغان ۋاقىتتىكى ئىسپات قەغىزىنى ئىزدىگەندە چوڭ ئانىسى سەرەمجان قۇتىسىدىن ئالدۇرغان ئىدى. بەلىلى، دەل شۇ يەردە، سەرەمجان قۇتىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىچىك سۇرەتنى كۆرگەن ئىدى، شۇ چاغدا چوڭ ئانىسىدىن سۆرەتتىكى كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ راستلا...ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى.

ــ ئېگور نىكولايېۋىچ، ــ دىدى مىخائىل بوغۇق ئاۋاز بىلەن، ــ شىرەيىڭىزدە قويۇپ قويغان ھېلىقى سۇرەتتىكى كىشى مېنىڭ چوڭ ئانام بولىدۇ...

1941 ــ يىلى 5 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى ليۇبا ئورلوۋا دەل ئون توققۇز غا كىرگەن ئىدى. تىببى ئىنىستىتۇتنىڭ بىرىنچى يىللىغىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ۋوروشىلوپ مەرگىنى ناملىق مېدال ئالغان، پاراشۇتچىلىقنى ئۆگەنگەن ھەم ئورلوۋسكىينىڭ «گۈلدۈرماملىق قارا يامغۇر» دىگەن دىرامىسىدا ۋارۋارانىڭ رولىنى ئالغان ئىدى. خۇشخۇي، ئاقكۆڭۈل ۋە باتۇر ليۇبا ئۆزىنىڭ ئىسىم ــ پەملىسىنىڭ ئاتاقلىق ئارتىس ليۇبوۋ

ئورلوۋا① بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنەتتى. شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، دوستلىرى ئۇنى ليۇبا، ليۇبكا، ليۇباشا دەپ چاقىرمايى، بەلكى ليۇبوۋ دەپ تولۇق ئىسمى بىلەن چاقىراتتى.

1941 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ليۇبانىڭ ھاياتىدىكى ئاجايىپ بىر كۈن بولدى. ئوردىن ئالغان پېشقەدەم ئىشچى دادىسى ئۇنى قىزىل مەيدانغا بىللە ئېلىپ كەلدى. كۆرەك مۇنبىرىدە دادىسىغا يانداشىپ تۇرغان ليۇبا بەخت دەرياسىدا ئۈزمەكتە ئىدى.

ــ نىمە دىگەن ھەيۋەت ـ ھە، دادا، ــ دىدى ليۇبا، ــ بىزنىڭ ئارمىيىمىز نىمە دىگەن قۇدرەتلىك! فاشىستلار بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا ھەرگىز پېتىنالمايدۇ، ھەرگىز! شۇنداقمۇ دادا؟ ئۇ كىملەرگىدۇر قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى، خوش ئاۋاز بىلەن تىۋۇلاپمۇ قويدى، باشقىلارغا قوشۇلۇپ ناخشىمۇ ئېيتتى...

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يەنى ئۇرۇش پارتلاپ ئەتىسى ئىۋان ئورلوپ ۋە ئۇنىڭ قىزى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ پىدائى جەڭچى بولدى. ئورلوۋ جەڭچى، ليۇبا پىداكار سانىتارلار ئەترىدىنىڭ ئەزاسى بولدى.

دادىسى بىرىنچى قېتىملىق جەڭدە قۇربان بولۇپ كەتتى، ليۇبا ئەڭ جىددى جەڭلەردىمۇ جەڭ سېپىدىن يارىدارلارنى ئېلىپ چىقتى، گويا تىلتۇمار ئېسىۋالغاندەك، ئۇنىڭغا بىرەر تال ئوقمۇ تېگىپ باقمىدى، ھەتتا بىرەر تال ئوق پارچىسىمۇ ئۇنىڭ بەدىنىنى زىدە قىلىپ باقمىدى. بۇرۇن تەنھەرىكەت بىلەن چېنىققانلىقى ۋە مەرگەن-

---

① ليۇبوۋ ئورلوۋا (1902 ــ) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق كىنو ئارتىسى، لېنىن مۇكاپاتى لائورىياتى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن
www.uyghurkitap.com

لىك ماھارىتىمۇ كۆپ ئەسقاتتى.

ليۇبا ئۆيىگە ئاندا-ساندا قىسقا-قىسقا خەتلەرمۇ يازاتتى. ئادەتتە يازغۇدەك نەرسىمۇ بولمايتتى، چېكىنىپ تۇرغاچقا، شەھەرلەر بىر-بىرلەپ تاشلىنىپ قالاتتى. لېكىن نېمىس ئالۋاستىلىرى موسكۋا ئەتراپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، خەتلەر ئۇزۇن-ئۇزۇن يېزىلىدىغان بولدى.

"كۆيۈملۈك ئانا! — دەپ يازاتتى ليۇبا، — مەن ھايات ھەم ناھايىتى ساغلام تۇرۇۋاتىمەن. بىز ھازىر فاشىستلارغا زەربە بېرىۋاتىمىز، ئۇلارنىڭ چىچا يېرى سامانلىق بولۇۋاتقانلىقىنى دائىم كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. چېچىمنى خېلىلا قىسقا قىلىپ قىرقىۋەتتىم. سەۋەبى چاچ يۇيۇشقا چولام يوق، كۆرگەنلا يەردە چاچ يۇيىمەن دەپ تۇرغىلى بولمايدىكەن. بىز يېڭىجاڭ ئېگور پاۋلوۋىنى سانىتارلار ئەترىدىدە داۋالاپ ئىككى ئاي ئۆتمەيلا، تونۇگۈن ئۇ يەنە يارىدار بولغاچقا، داۋالاشقا يەنە بىر قېتىم ئەكىرمەي بولمىدى. ئۇ ناھايىتى تەمبەل ئادەم، بويى ئاز كەم ئىككى مېتىر كېلىدۇ، بىراق مەنىمۇ خېلى قاۋۇل. ئۇنىڭ يارىسى ئانچە قاتتىق ئەمەسكەن، شۇڭا ئارقا سەپكە ئەۋەتمەي، مۇشۇ يەردە داۋالايدۇ. بۇ ناھايىتى ئېسىل بىر قوماندان، زېرەك ھەم باتۇر ئادەم. ئانا، مەن لېنىن ئوردېنىنى ئالدىم. ئەتىلەرتىن موسكۋاغا دەم ئېلىشقا ماڭماقچىمەن، كاشكى، سىلەر ئۇ يەردە بولساڭلارچۇ..."

ليۇبا دەم ئېلىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، تۇرۇپلا بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى كەلمەي قالدى. ئەسلىدە بولسا، ئۇرۇش ئوتلىرى چاقناپ تۇرغان، جەڭ بەكمۇ جىددى بولۇۋاتقان بۇ يەردىن ئايرىلىپ، ھېچبولمىغاندا، بىرقانچە كۈن بولسىمۇ دەم

ئېلىۋالسا، نىمە دىگەن ھوزۇر ـ ھە! ئۇنداق بولغانـدا، موسـكۋانىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىنى ئارىلاپ چىقاتتى، سەيلى قىلاتتى، ئارام ـ خۇدا ئۇخلاپمۇ ئالاتتى، مۆرىتى كەلگەندە تىياتىرخانىلارغىمۇ باراتتى...

ئۇ تۈەن ئىشتاۋىنىڭ يېنىدا ماشىنا ساقلاپ تۇراتتى، شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرى قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

— ئېگور، — دىدى ـ دە، شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى، شۇ چاغ ـ دىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئايرىلـغۇسى كەلمەيـۋاتقان ئەڭ كۆيۈمـلۈك، ئەڭ يېقىن ئادىـمـىنىڭ ئەنە شۇ ئادەم ئىـكەنلىگـىگە تەن بەردى. ئەتە ئۇنىڭ جاراھەت داكىسـىنى يەشكەندىن كېيىـن، ئۇ يەنە ئالـدىنقى سەپكە ماڭماقچى، ئەمـدى ئۇ يەنە يارىـدار بولۇپ قالسا، كىم ئۇنى قۇتقۇزار...

— تېزراق قايتـقىن، — دەپ يېلىنـدى ئېـگور، — مەن كۈتـۈپ تۇرىمەن.

لېۋبا ماقۇللىغىنى بىلدۈردى. ماشىـنىمۇ كېلىـپ قالدى، ئىـككى قول بىر بىرى بىلەن قاتـتىق گىرەلەشـتى. لېۋبا چاس بەردى ـ دە، كېپىنى باقى قالـدۇرۇپ، بىر يېرىـم تونىنىـلىق قارا ماشىـنىغا قاراپ يۈگۈردى.

موسكۋاغا تۈن يېرىمىدا كېلىـپ قالـدى. ھەربـى ھالەت ۋاقـتى ئۆتكەندىن كېيىن ماڭاي دەپ، بېكەتتە توگۈلۈپ ئولتۇرۇپ بىر دەم كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ پارات مەيدانىغا كەلدى، شەھەردە ئۇ ياق ـ بۇ ياققا كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ناھايىتى ئازلىغى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىتلىق ئۇنى بەكلا ھەيران قالدۇردى. لـېۋبانىڭ ھەمـسۆھبەت ـ لىرىدىن موسكۋادا ھېچكىم قالمىغان ئىدى، بەزىلىرى ئۇرۇش سېپىگە كەتكەن بولسا، بەزىلىرى باشقا ياقلارغا تارقىتىۋېتىلگەن ئىدى. لېۋبا ـ

نىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر سىرداش دوستى ئۇرۇش پارتلاشتىن
بۇرۇن مۇشۇ ۋاگزالغا يېقىن بىر يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. ليۇبا
يول ئۈستىدە كېلىۋېتىپ ئاۋال شۇ دوستى بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىگە
كەلگەن ئىدى، قارىمامسىز، كىمنىڭ گېپىنى قىلسا، شۇ كەپتۇ دىگەن-
دەك، بۇ يەردە شۇ دوستى ئۇچراپ قالدى. ليۇبا ھەربى كىيىم
كىيگەنلىگى، بوران-توزاڭدا كۆيۈپ قارىداۋراق قالغانلىغى ئۈچۈن،
ساۋاقدىشى ئۇنى بىر كۆرۈپلا تونۇپ كېتەلمىدى.

— مېنى تونۇمىدىڭما؟ — دەپ سورىدى ليۇبا، — ئۇنىڭ كۆزى
قايمۇقۇپ ھەيران قالغان بىر كۆز بىلەن ئۇچراشتى، — مەن ئورلوۋا
ليۇبوۋ.

ژېنيا قولىنى قولىغا پوك ئۇردى-دە (ھەيران بولۇپ)، ليۇبانى
كۆكسىگە باستى، تۇرۇپلا يىغلاپ كەتتى، ئاندىن ليۇبانى باشلاپ
تونۇشلۇق لەمپە ئاستى بىلەن مېڭىپ ئۆيىگە كەلدى.

— ئۆيدە يالغۇزلا ئۆزەم قالدىم، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئالدىنقى سەپكە
بارىدىغانلىرى ئالدىنقى سەپكە كەتتى، تارقىتىلىدىغانلىرى تارقىتىل-
دى، — دىدى ژېنيا، — ئۆيگە كىرە، ئۆي سوغاقمىكەن؟ تېخى ھېلىلا
ئىشتىن چۈشۈپ، ئوت قالىمىغانتىم، — بېشىنى بۇراپ ئۆينىڭ ئوتتۇرى-
سىدىكى مەشنى كۆرسەتتى.

— مەن دەم ئېلىشقا كەلگەنتىم، — دىدى ليۇبا كۈلۈپ.

— ۋاي، بۈگۈنكى كۈندىمۇ دەم ئېلىش بارمۇ؟ — دىدى ژېنيا
ناھايىتى ھەيران بولۇپ، — بىزنىڭ زاۋۇتتا دەم ئېلىش كۈنىمۇ ئېلىپ
تاشلاندى. مانا، چاي ھازىرلا قاينايدۇ. ئۆيدە ئازراق سوك بار،
شۆۋاگۆرۈچ قىلىپ ئىچەيلى.

— بولدى قوي، مەن خېلى جىق ئوزۇق ئېپكەلدىم، قاتۇرۇلغان

يېمەكلىك ۋە گۆش كانسېرۋاسى بار. يۇزۇمنى يۇيۇۋالايمۇ؟

— سەل تۇرۇپ تۇرغىن، سۇ ئىسسىسۇن.

— سوغاق سۇدا يۇيىمەن.

مەشىنىڭ قىزىشى بىلەن ئۆيىمۇ ئىسسىشقا باشلىدى، چايىمۇ پورۇقشۇپ قايناپ كەتتى، ئىككى قىز شىرە يېنىغا كەلدى.

— ئۇرۇش قاچانمۇ توختار، بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ژېنيا.

— ۋاقتى تېزمۇ بولمايدۇ،...يېقىن ئارىدىمۇ توختاپ قالمايدۇ.

— ئۇرۇش قورقۇنچلۇقمۇ، ليۇبا؟

— خىيالىڭ شۇنىڭدىلا بولۇپ قالسا، قورقۇنچلۇق تۇيۇلىدۇ. بىراق ئەڭ ياخشىسى ئۇنى كاللىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك. تەلىيىمىزگە بىزنىڭ ناھايىتى ئوبدان بىر يېڭجاڭگىمىز بار، — دىدى ليۇبا ئېگور ھەققىدە ئىنتايىن سۆز ئاچقۇسى كېلىپ، — ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق ياخشىكى، سەن ئۇنىڭ نەقەدەر ياخشى ئىكەنلىكىگى ھەققىدە تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسەن! ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان مۇھەببەت ھىسسىلىرى ژېنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە بۆلەكچىلا جەلىپ قىلدى، — مەن ئۇنىڭغا كۆيۈمەن...

— ئېيتقىنا! ئۇرۇش ۋاقتىدا، يەنە كېلىپ ئالدىنقى سەپتىمۇ مۇھەببەت باغلاشقا بولامدىكەن؟

— بولىدىكەن، — دەپ كۈلدى ليۇبا، — مەن ئەمدىلا چۈشەندىم تېخى. مەيلى ئۇ قانداق ئىشقا دۈچكەلمىسۇن، ئۆمۈرۋايەت كۆيۈمەن.

— ھەي، نىمە ئۈچۈن ساڭا دەم ئېلىش بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمىدىڭ تېخى.

— ھە راست! — دەۋەتتى ليۇبا ئۇنۇلۇكلا، — مەن ئەڭ مۇھىم

www.uyghurkitap.com

ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇقۇپ قوي، ماڭا لېنىن ئوردېنىنى بەردى. مەن جەڭ ئىچىدىن نۇرغۇن يارىدارلارنى يۇدۇپ چىقتىم. يۇدۇپ چىققان يارىدارلار نەچچە يۈزگە يېتىدۇ.

— مۇبارەك بولسۇن ساڭا! — دەپ جانلىنىپ كەتتى ژېنىيا، — كەل، سۆيۈپ قوياي سېنى. يارايسەن، بىزنىڭ لېيۇبۇپ ئورلوۋا. لېنىن مېدالى ئالغانلىقىڭنى ئاپاڭ بىلەمدۇ؟

— خەت يېزىپ ئۇقتۇرغان ئىدىم. بىراق بۇ خەت ئالمۇتىغا قاچان يېتىپ باراركىن. ھەي، ژېنىيا بىلەمسەن، ماڭا كالېنىن كىرد-مېلدا ئوردېن بەرمەكچى. شۇڭا ياسىنىۋراق باراي دەيمەن، چىراي-لىق كىيىملىرىڭ بارمۇ؟

— چىرايلىقلىرى قالمىدى، — دېدى ژېنىيا ئوڭايسىزلىنىپ، — چىرايلىقلىرىنى ياڭيۇ بىلەن بولكىغا تېگىشىۋەتتىم. بىراق ئىگىز پاشىنلىق، قېپىن شەكىللىك بىر پار توپلىيىم بار. ئايىغىمغا سېپىپمۇ باقمىغان تېخى.

ژېنىيا ئىشكاپ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ يۈرۈپ كونا ياستۇق قېپىغا ئورالغان ئىگىز پاشىنلىق بىر توپلەيىنى ئالدى. لېيۇبانىڭ پۇتىدىكى ئاياقنى سېلىۋېتىپ بىر كىيىپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككىلىنىۋراق توپلەيگە كۆز يۈگۈرتتى. توپلەي زاۋۇتتىن چىققان پېتى ئىدى. ئەگەر ژېنىيا ئۇنى بىرەر نەرسىگە تېگىشمەكچى بولۇپ قالسا، كىيىپ پاسكىنا قىلىپ قويسا زىيان بولىدۇ.

— ياق، — دېدى لېيۇبا خىجىل بولۇپ، — كىيمەيمەن. كۆزۈم قىيمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا كىيىپ قويغانلىرىڭمۇ باردۇر؟

— يوق، راستلا يوق، — دېدى ژېنىيا كۈلۈپ تۇرۇپ، — باشقا

گەپنى قويۇپ مۇشۇنى كيىۋەرگىن.

كېيىن ئۇلار ھەربى پەشمەت بىلەن يۇپكىسىنى يۇيدى ۋە دەزمال-
لىدى. ئۇزۇن پايپاقنى يامىدى، ژىنىيا قىسقاچ بىلەن ليۇبانىڭ
چېچىنى ئاجايىپ چىرايلىق پاسوندا ياساپ قويدى. ئاندىن ئۇلار
گەپكە چۈشۈپ شۇنداق ئەھۋاللىشىپ كەتتىكى، سۆزلىرى تۈگمەيلا
كەتتى.

ئەتىسى ليۇبا تەپ-تەكشى دەزمال سىلىنغان پەشمەت، يۇپكىسىنى
كىيدى، بۇدرە قىلىپ ياسالغان چېچى زەپمۇ چىرايلىق ياراشقان
ئىدى، ھەتتا قۇتىنىڭ تېگىدە قالغان "قىزىل موسكۋا" ماركىلىق
ئەترىنى چېچىپمۇ ئالدى-دە، كېرىمېلغا قاراپ يول ئالدى.

ليۇبا كىيىم ساقلاش بۆلمىسىگە بېرىپ ئايىغىنى سالدى، ئاياق
بىلەن ھەربى پەلتۇسىنى ساقلاپ بېرىشكە تاپشۇرغاندىن كېيىن،
ئىگىز پاشنىلىق چاققان تۇپلەينى كىيىپ، كەڭ-كۇشادە بىنا پەلەمپە-
يىدىن ئېھتىيات بىلەن يۇقۇرى ئۆرلىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، تۇپلەي
ليۇبانىڭ پۇتىنى قىسقىلى تۇردى، قىستىغاندىمۇ كارامەتلا قىسىپ
كەتتى، ليۇبا ئورۇندۇققا ئاران ئولگۇردى-دە، دەرھال ئايىغىنى
سېلىۋەتتى، لېكىن ئىسمىنى چاقىرىپ قالسا، يەنە قانداقمۇ كيەر-
مەن دىگەن ئەندىشە ئۇنى ئەنسىرەتمەكتە ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ليۇبادا ئۇنتۇلغۇسىز بەخت ئىزلىرىنى
قالدۇردى. ليۇبا قىسىمغا قايتتى، ئالدى بىلەن سەپداشلىرىغا، ئان-
دىن پىنھان جايدا ئېگورغا موسكۋاغا قىلغان سەپىرى توستىدە ئېيتى-
مىغىنى قالمىدى، ھىلىقى پىشكەل ئىگىز پاشنىلىق تۇپلەي، ئاندىن
سانسىز تاغ، دەريالارنى كەزگەن قېلىن بىرزېنت ئاياقنى كيىۋالغان-
دىن كېيىن نەقەدەر ھوزۇرلانغانلىقى ھەققىدىكى تەكرار بايانلىرى

www.uyghurkitap.com

ھەممنى بېسىپ چۈشتى.

دەم ئېلىشتىن كېيىن كەلگەن بىرىنچى كېچىدىلا، ئۇ يامغۇردەك ئۈتۈۋاتقان مىلتىق-زەمبىرەك ئوقلىرىغا قارىماي جەڭگە ئاتلاندى. ئوت ئېچىلىشى بىلەنلا ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى، ياردارلارنى سەپتىن يۇدۇپ چىقىپ جاراھەتىنى تاڭاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ فۇرونت ھاياتى يەنە باشلاندى. ئاتاكا ۋاقتىلىق جىمجىتلىقنى بۇزاتتى، سەپ-داشلار كەينى-كەينىدىن قۇربان بولاتتى، قۇربان بولغانلار بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن كەينى-كەينىدىن ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى ياڭرايتتى.

ستالىنگراد ئۇرۇشىدىن كېيىن لىيۇبا تۇرغان قىسىم قايتىپ كېلىپ قىسقا ۋاقىت دەم ئېلىش ئارىلىغىدا تەرتىپكە سېلىندى. ۋەقە دەل شۇ چاقتا توغرا كەلدى. ئالتىنچى ئاي مەزگىلىدە ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق ئىدى. لىيۇبا بىلەن ئېگور ئورمان ئىچىدە خېلى ۋاقىت ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، قانداقتۇ ئامان قالغان بىر ئوت-چۆپ دۆۋىسى يېنىغا كېلىپ قۇچاقلاشتى. لىيۇبا بۇنىڭ پەرزەنت قالدۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە پەيت ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى. لىيۇبا بۇ ئىشنى ئېگورغا ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمۇ بولدىيۇ، لېكىن شۇنداق بىر چاغدا ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. ئەتىسى ھۇجۇم باشلىنىپ كەتتى.

نېمىسلار ئۇشتۇمتۇت قايتۇرما ھۇجۇم باشلىدى. لىيۇبا بىر ياردارنىڭ جاراھەتىنى تېڭىۋاتاتتى "يېڭىجاڭ ياردار بولدى" دېگەن ئاۋاز كەلدى.

مانا ئۇ بىرىنچى قېتىم ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىدى — جاراھەتى ئېغىر بولمىغان ياردارنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. شۇنداق يۈگۈردىكى، ھېچنىمىگە قارىمىدى. قانداقتۇ ئارقا تەرەپتىن ئېگور-

نىڭ ئاۋازى كەلدى: نىمە يوگۇرەيسەن، يات، دەرھال يات!

ليوبا نىمە قىلارىنى بىلمەي بىر تەرەپكە ئۆزىنى ئېتىۋىدى، شۇندىلا قاتتىق بىر ئاۋاز چىقتى، پارتلاشتىن چىققان دولقۇن ئۇنى ئالىقاياقلارغا چۆرۈۋەتتى، ئۇ دۈم چۈشكەن يەردىن ئوت ۋە چاڭ-توپا پەلەككە كۆتىرىلدى...

كىشىلەر ليوبا ئورلوۋانىڭ ئۆلۈكىنى ئىزدەپ تاپالمىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ يوگۇرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بومبىنىڭ پارتلىغانلىقىنى كۆرگەن ئىكەن. لېكىن ئۇ يىقىلغان يەردە ئاجايىپ يوغان بىر ئويماندىن باشقا ھېچنىمە يوق ئىدى.

ئېگور پاۋلوپنىڭ چىرايى ئادەم قورقىقۇدەك بىر تۇسكە كىرىپ قالدى، ئۇ ليوبانى ئۆلدى دېيىشكە پېتىنالمايتتى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئەمدى ئاڭلىيالماسمەن، يىرىك ئەمما چاققان قوللىرىنى تۇتالماسمەن دېيىشكىمۇ كۆڭلى بارمايتتى. شۇ ئەسنادا ھەممە نەرسە — ھەتتا ئۇنىڭ مۇزدەك توپا باغرىغا ئالغان جەسىدىمۇ ئالەمدىن غايىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭغا بارى-يوقى پەقەت ھەۋەسكار سۈرەتچى تارتقان كىچىككىنە بىر پارچە سۈرەتلا قالغان ئىدى.

ليوبا 1943-يىلى يازدا قۇربان بولغان دەھشەتلىك كۈنلەردىن كېيىن، ئېگور يەنە ئىككى يىلدەك جەڭگە قاتناشتى. يىگىرمەتۆت ياشقا تولغان يىلى بېرلىندا ئۇرۇشنى تۈگەتتى. ھەربى سەپتىن قايتقاندىن كېيىن يەنە پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا قايتىپ ئوقۇشىنى تاماملىدى. چىراي-شەكلى، بوي-تۇرقى كارامەت كېلىشكەن بۇ يىگىتنىڭ كۆكرىكىنى ئوردېن-مېداللار قاپلىغان ئىدى. بۇ يىگىت قىزلارنىڭ تىكىلگەن كۆزلىرىدىن دائىم ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى.

ئېگور ليوبا ئورلوۋانىڭ سۈرىتىنى شىرەسى ئۈستىگە قويۇپ

قوياتتى. بۇ ئۆيگە دائىم كىشىلەر كىرىپ تۇراتتى. بىرەر كىشى سۈرەت توغرۇلۇق گەپ سوراپ قالسا، ئېگور ئاددىلا قىلىپ:

— رەپىقەم 1943 ـ يىلى قۇربان بولغان، — دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

بومبىنىڭ پارتلىشىدىن ھاسىل بولغان ھاۋا دولقۇنى لىۋبانى ناھايىتى يىراققا چۆرۈپ تاشلىدى، قان توختىماي ئېقىۋەردى، ئويىماندا بېھوش ياتقان لىۋبانى توپا كۆمۈپ تاشلىغىلى ئازلا قالغان ئىدى. بومبا پارچىسى يۈزىنى زەخىملەندۈرگەن، بىر كۆزىنىڭ كۆز دالانچىسىنىڭ سۈيى ئېقىپ چىققان ئىدى، بۇ ھالەتتە ئۇنى تونۇيدىغانلارمۇ تونىيالماي قالاتتى.

ئورلوۋانى يەرلىك ئاھالە تېپىپ كېلىپ، ئارقا سەپ دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ بەردى.

يۈزىدىكى داكىنى ئېلىۋېتىشتىن ئىلگىرى لىۋبا خەت كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى، بىراۋنىڭ ئىزدەپ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ھەمىشە سوراپ تۇردى. لېكىن ھېچكىممۇ ئورلوۋانىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېگورغا خەت يېزىش - يازماسلىق قارارىغا كەلمىگەن ئىدى.

يۈزىدىكى داكا ئېلىپ تاشلىنىپ، لىۋبا ئۆزىنىڭ چىرايىنى بىرىنچى قېتىم ئەينەكتە كۆرۈپلا ھوشىدىن كەتتى...

دەسلەپتە لىۋبا ئۆزىچىلا بىرنىمىلەرنى ئويلاپ كەتتى: ئەمدى ئېگورغا ماڭا ئوخشاش ئادەمنىڭ كېرىكى بولمىسا كېرەك، شۇڭا ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋەر يوق. ئېھتىمال مېنىڭ كېلىشمەسلىكىمنى ئۇچرىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپمۇ قەستەن خەت يازمىغاندۇر. بىراق، كېيىن بۇنى نومۇس دەپ ئويلىدى. ئېگور ئۇنى تاشلىۋەتمەيدۇ، بۇ

ئەقلگە سىغمايدۇ، ئۇنداق قىلىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ليۇبا چىرايىنى ئەينەكتىن كۆرگەندە، قورققىنىدىن كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى. بۇ چىراي شۇنداق دەھشەتلىك ئىدىكى، كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىككىنچى قارىغۇسى كەلمەيتتى.

قولىدىكى گىپىس ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئۆيىگە، قىسمغا ۋە قىز دوستلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا خەت يازمىدى. ئۇنى بۇ دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزۈش، خىيالى دۇنيادا ياشاش ئارزۇسى — بۇ دۇنيادىن ئۈن-تىنسىز غايىپ بولۇش ئارزۇسىلا چىرمىۋالغان ئىدى. ئېگورنى ئىككىنچىلەپ ئەسلىمەسلىك. سەتلىشىپ كەتكەن يۈزىنى قايتا كۆرۈش ئازاۋىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ دۇنيادىن ئۈن-تىنسىز يوقاپ كېتىش كېرەك ئىدى.

بىر كۈنى دوختۇر ۋىلادىمىر نىكولايېۋىچ ياروشېنكو ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ ئادەم كىشىگە كىشىنىڭ دىلىغا تېگىدىغان نەزەر بىلەن قارىمايتتى، شۇڭا لىيۇبا بۇ ئادەمگە بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى.

— ماڭا قارا، ليۇبۇۋ، — دېدى ياروشېنكو تىكىلىپ قاراپ، — ئەمدى مەندىن يوشۇرىۋەرمە.

— نېمىنى يوشۇرۇپتىمەن؟ — دېدى ليۇبۇپ ئۆپكىدەك ئىسلىپ.

— مانا مانى: مېنى سەزمىدى دەمسەن، مەن زەڭ قويۇپ كېلىۋاتىمەن — سەن ياخشى ئويدا ئەمەس. بالىنى تۇغۇپ چوڭ قىلىشىڭ كېرەك. ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئادەمگە قاتتىق ئېھتىياج چۈشىدۇ، غەلىبىگە ئاز قالدى. سىلەرنى بالىنىڭ ئاتىسى تاشلىۋەتتىمۇيا؟

— قۇربان بولۇپ كەتتى، — دەپ ئۇزۇپلا جاۋاپ بەردى ليۇبا.

ــ ئۇنداق بولسا چوقۇم تۇغۇش كېرەك. سەن يەڭگسپ بولغانـ
دىن كېيىن، ساڭا ھۆسن ئوپېراتسىيىسى ئۆتكۈزۈمىز. تۇي ھارـ
غىڭنىمۇ ئىچىمىز تېخى. بىلىپ قوي، مەن تانىسغا ئىنتايىن ئۇستا،
قالتىس ئۇسۇلچى دىگىنە!

ئەنە شۇ چاغدىلا ليۇبا پىسسڭىدە كۈلدى...

دادىسىنىڭ خاتىرىسىنى دەپ ليۇبا بالىنغا ئىگور دەپ ئات
قويدى. ياروشېنكو ۋەدىسىگە بىنائەن ليۇبانى ئەڭ ياخشى بىر دوخـ
تۇرخانىغا ھۆسن ئوپېراتسىيىسىگە ئەكىردى.

ليۇبانىڭ ئانىسى تارقىتىۋېتىلگەن يەردىن قايتىپ كەلدى؛ ليۇبامۇ
تىببى ئىنىستىتۇتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەتكە چىقىپ بالىسىنى
تەربىيىلەپ ماڭدى. ئوغلىدىن باشقا ئىگورنى ئەسلىگۈدەك ھېچنىمە
يوق ئىدى، گويا ئىگور بۇ دۇنياغا كېلىپ باقمىغاندەك، ئۇنىڭ بىرەر
پارچە سۈرىتى ياكى بىرەر پارچە خېتىمۇ يوق ئىدى.

ليۇبا كىشىلەر ھازىرقى ليۇبا بىلەن بۇرۇنقى ليۇبانى سېلىشـ
تۇرۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزىدىكى جىمىكى سۈرەتنى، ــ ئالدىنقى
سەپتە ئاق قېيىن دەرىخى تۈۋىدە چۈشكەن ھېلىقى سۈرەتتىن باشـ
قىسىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ۋاھالەنكى، بۇ سۈرەت ئۆزىنىڭ
ئۆتمۈشىنى ئەسلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياشاپ ئۆتكەن
شۇ دەۋرنى ئەسلەش ئۈچۈن قالدۇرۇلدى...

ــ بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ــ دەپ سۆزىنى تەكرارـ
لىدى ئىگور نېكولايىۋىچ.

ــ مۇمكىن، پۈتۈنلەي مۇمكىن، چوڭ ئانامىنىڭ ئىسمى ليۇبوۋ
ئىۋانوۋنا ئورلوۋا. مۇشۇ شۇدۇ؟

دادىيانا مىفودىيېپنا چىرايى تامدەك سارغىيىپ كەتكەن ئىرىنغا ھاكۆبىقىپ قاراپلا قالدى. دادىيانا مىفودىيېپنا بۇ سۈرەتنىڭ ئىرىنىڭ ئالدىنقى سەپتە قۇربان بولۇپ كەتكەن خوتۇنى ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى، بۇنىڭدىن باشقا ئىرى ئۇنىڭغا ھېچنىمە دېمىگەن، ئۇمۇ سورىمىغان ئىدى.

— بۇ سۈرەت مېنىڭ ئىنىق ئىسىمدە، — دېدى مىخائىل دىمنى باسالماي، — راست دېدىمغۇ، راست، ماڭا قاراڭ. ئىگور نىكولايەۋىچ، چوڭ ئانام ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىكەن. قىسىم دوختۇرخانىسىدىمۇ ئىشلىگەنغۇ دەيمەن، دوختۇر بولغان. بىراق، يوگۇرۇپلا گەپ قىلىۋەرمەيدۇ، ئۆزى ھەققىدىمۇ سۆز ئاچمايدۇ. ئۇنداق بولسىزە، تونۇيدىكەنسىز-دە؟

— ئۇ ئىگور نىكولايېۋىچنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى، — دادىيانا مىفودىيېپنا بۇ سۆزنى بۇ ئىككىلەنگە ئېيتمىغان، شۇنداقلا نىمىشقا ئاغزىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالغان ئىدى. مىخائىل ئەجەپسىنىپ ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى.

— ياق، چوڭ دادىمىزنىڭ قۇربان بولۇپ كەتكەنلىكىنى مەن ئىنىق بىلىمەن.

— سىزدە سۈرىتى بارمۇ، — دەپ سورىدى ئىگور نىكولايېۋىچ بىتاقەت بولۇپ.

— يوق، — دېدى مىخائىل بېشىنى چايقاپ، — چوڭ ئانام ئەزەلدىن سۈرەتكە چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدە ئۇزۇنچاق بىر تارتۇق بار، — مىخائىل تارتۇقنىڭ ئورنىنى كۆرسەتمەك بولۇپ، قولى بىلەن يۈزىدە بەلگە كۆرسەتتى.

— تارتۇق؟ نىمە تارتۇق؟ نىمە دېدىڭىز؟مۇدىرنىڭ بارغانسېرى

دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئاخىرقى سۆزلىرى ئارانلا ئاڭلاندى، — ھەئە، توغرا... يارىدار بولغان. ئۇ ھازىر نەدە؟

— چوڭ ئانام موسكۋادا. بىرەر پارچە خەت يازسىمىزمۇ يە؟ — دەپ سورىدى مىخائىل.

— ياق، خەت يازساق بولمايدۇ.

ئىگور نىكولايېۋىچ شىرە يېنىدىن دەس تۇرۇپ، كۈتۈپخانىسىغا كىرىپ كەتتى. مىخائىلنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان دادىيانا مېفودىيېۋنا گويا بىرەر نەرسىگە زەڭ قويغاندەك مىيىغىدا ھەسرەتلىك كۈلۈپ قويدى. ئېرى بىلەن ئوتتۇز يىلغا يېقىن بىر چىرايلىق، ئامان-ئېسەن ئۆي تۇتقان بۇ ئايال ئۆتۈپ كەتكەنگە ئۇزاق زامانلار بولغان ئىشنىڭ ئەمدى ئۇنىڭ ئۆيىگە غايەت زور بالا-قازانى ئېلىپ كىرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى.

ئىگور نىكولايېۋىچ چاققانغىنا بىر ماتىرىيال سومكىسىنى كۆتىرىپ چىقتى.

— ئادرىسىنى دەپ بېرىڭ ماگا، مىشا، — دىدى ئۇ يانچۇغىدىن بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ، — موسكۋاغا بارىمەن.

— تالادا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ تېخىچە، — دىدى دادىيانا مېفودىيېۋنا، — يامغۇردا قالىسەن.

— ھېچ گەپ يوق... ئەنسىرىمە، — دىدى ئۇ، ئاندىن يامغۇرلۇقنى، شەپكىسىنى كىيدى، قولىنى مىخائىلغا ئۇزارتىپ، ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق قول سىقىشتى-دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

مىخائىل تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى، دادىيانا مېفودىيېۋنا چىنە-قاچىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپ سوراپ قالدى مىخائىل.

— ئۇرۇش. — دېدى دادىسىيانا مىغۇدىيىپىنا زەردە بىلەن بىر كۈلۈپ. — بىراق. بالام، ئۇرۇش توغرىلىق نىمىلەرنى بىلىسىز...

(«سوۋېت ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ
1983 ـ يىلىلىق 6 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: غوپۇرجان ئابدۇرەھىم،
تەرجىمە مۇھەررىرى: غۇلام غوپۇرى.

بىز ئۈلۈپ كەتكىنىمىزدىن كېيىن، ھەممە نەرسىنى كىشىلەر چۈشىنىپ قالدۇ، بىز ھازىر پۈتۈن كۈچ - ماجالىمىز بىلەن ئىشلەۋاتقان بۇ ئىشىمىزنىمۇ كىشىلەر چۈشىنىپ قېلىشىدۇ. ئۇ چاغلارغا بارغاندا، ئاپتورنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىمۇ روشەنلىشىپ قالدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئۈمۈرۋايەت باشقىلارنىڭ: "ئۇنىڭدا يارقىن، توغرا ئىندىۋىدۇئاللىق كەمچىل ئىدى، مۇستەقىل پىكىر كەمچىل ئىدى"...دېگىنىنىلا ئاڭلاپ ئۆتىسەن، خالاس.

— چېخوۋ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدى ئادرىسى

# بۇرۇنقى بىر كېچىدە

## ۋ. سولوئۇخىن

مەن بۇ ھىكايەمنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بۇنى ئوقۇپ چىققان بىر ئاغىنەم مۇشۇ ھىكايىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ھىكايىنى قايسى بىر توپلامدىن ئوقۇغانلىقىنى، بىراق ئۇ توپلامدىكى ھىكايىنىڭ ئاپتورىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. قىسقىسى، ئۇ، بۇ ھىكايەمنى قالدۇرۇپ قويساڭ، دېگەن يەرگە كەلدى. لېكىن، كېيىن مەن شۇنداق ئويغا كەلدىمكى، ۋەقەلىك ئوخشاپ كېتىشى مومكىن. بىراق ۋەقەلىكنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى، پسىخولوگىيە تەسۋىرى ۋە مۇھىت تەسۋىرى ئوخشاپ كېتىشى مومكىن ئەمەس. بۇنىڭدا ئىككى خىل ئېھتىمال بار: بىرى، بۇنداق ۋەقەلىكنى "سەرگەردان" ۋەقەلىك، دەپ قاراش مۇمكىن، يەنە بىرى، ئاپتور ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەن ۋەقەلىك دەپ قاراش مۇمكىن. ھەر ئىككى خىل ئەھۋال ئەدەبىياتتا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

— ئاپتوردىن

ياز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. بۇ كىچىككىنە شەھەردە توپا-چاڭ كۆتىرىلگەن بولۇپ، ھىچقانداق ئالاھىدىلىك كوزگە چېلىقمايتتى، ھەممە نەرسە كىشىگە مەزىسىز بىلىنەتتى. شەھەر مەركىزىدە بۇرۇن بەش گۇمبەزلىك ئىگىز

بىر چوڭ چېركاۋ بولۇپ، باغچىنىڭ ئەكس نۇرىدا ياپ-يېشىل بولۇپ پارقىراپ كۆرۈنەتتى. بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردىن تەركىپ تاپقان شەھەر رايونى خۇددى رەت-رەت يېيىلغان داستىخانلاردەك، دەريا قىرغىقىغىچە سوزۇلغان ئىدى، بۇ ئارىدا يەنە ئۇنچە چېركاۋ چوخچىيىپ تۇراتتى. چېركاۋلارنىڭ گۈمبەزسىمان ئۆگزىلىرىنىڭ بەزىلىرى ھاۋارەڭ، بەزىلىرى ياپ-يېشىل، يەنە بەزىلىرى ساپ-سېرىق سىرلانغان ئىدى. بۇندىن باشقا، بۇ ياپ-يېشىللىق ئىچىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئۈچ بىنا بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى شەھەرلىك پاۋارنى كۆزىتىش مۇنارىسى، بىرى ئۆلكىلىك قىزىلار ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ ئاپپاق ئاقارتىلغان ئۈچ قەۋەتلىك بىناسى، يەنە بىرى سودىگەر نوگىچىۋنىڭ نەپىس ياسالغان ۋە ھەممە تەرىپى ئەينەكلىك مۇنارسىمان بىناسى ئىدى. سۇ بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ۋودوپرووۋود مۇنارىسى بار پويىز بېكىتى شەھەر سىرتىدىكى ئايرىملا بىر يەرگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇز ئالدىغا بىر سېستىما ئىدى. زاپاس رېلىسلاردا دائىم دىگۇدەك نۇرغۇن ۋاگونلار توختاپ كېتەتتى. شەھەر چوڭ بولمىغان بىلەن، بۇ پويىز بېكىتى قاتناش تۈگۈنى ئىدى.

توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئايرىم بىر چەتكە جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا شەھەر رايونىغا يېقىن ئىدى. بۇ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بۇرۇن زاۋۇت خوجايىنى ساپنوۋغا قارايتتى، فابرىكا ئىسمى كېيىن ”ۋولوداركا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى“ دەپ ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. فابرىكا ئەتراپىغا ئائىلىلىكلەر ئۆيى، ئوپچى ياتاق ۋە ئاددى ياغاچ ئۆيلەر جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ سانى شەھەر رايونىدىن ئېشىپ كېتەي، دەپ قالغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

چوڭ چېركاۋ ۋە يەتتە كىچىك چېركاۋ ئىلگىر-ئاخىر ھەممىسىلا چېقىپ تاشلىنىپ، كېسەكلىرى باشقا ياققا ئىشلىتىلدى.

شەھەر خەلقى چوڭ چېركاۋنىڭ بۇرۇنقى ئورنىغا بىر كىچىك باغچا ياسىماقچى بولۇشۇپ، دەرەخلەرنى تىكتى. يۆلەنچۈكلۈك ئۇزۇن ئورۇندۇقلارنى ئورنىتىپ، ھاۋارەڭ سىردا سىرلىدى.

يېگىرمە ياشلىق سىرگېي ئىلانىن ئاشۇ كىچىك باغچىدىكى ھاۋارەڭ سىرلانغان ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە ئولتۇراتتى. ئەگەر تېچلىق يىللىرى بولىدىغان بولسا، سىرگېي ئىلانىن مۇشۇ يېشىدا تېخى ئىش ئۇقمايدىغان يىگىتلەردىن ھېساپلىناتتى. مانا بۈگۈن ئۇ تالاي جەڭلەرگە قاتنىشىپ قايتقان بىر ئەسكەر.

ياز كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن، بۇ كىچىك شەھەرنىڭ مەزمۇنسىزلىكى ۋە قىلچە ئالاھىدىلىكى يوقلۇقىنى ھېكايىمىزنىڭ بېشىدىلا ئېيتىپ ئۆتتۇق. بۇ، ئاپتورنىڭ بۈگۈن يىراقتىن ۋە ئېگىزدىن قاراپ شۇنداقلا ئۆز قارىشى بويىچە بەرگەن باھاسى. لېكىن بۇ ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى سىرگېي ئىلانىن ئۈچۈن بۇ شەھەرنىڭ تارىخى، ھازىرقى ۋە بۇرۇنقى قىياپىتى ھېچقانداق جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى. توپا-چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقىلا راس، بۇنىڭدىن قاچقۇدەك جايمۇ يوق. ھەتتا مۇشۇ كىچىك باغچىدىكى دەل-دەرەخلەرگىمۇ بىر قەۋەت سېرىق توپا قونغان بولۇپ. بەلكىم يازىچە شۇنداق بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. سىم-سىم يامغۇر چاڭ-توزاڭلارنى يۇيۇۋەتمەي، ئەكسىچە ئۇنى دەل-دەرەخلەرگە تېخىمۇ يېپىشتۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىمۇ بىر قەۋەت توپا يېپىشىپ قالغان بولۇپ، ئادەمگە خۇددى سېمونت لاي سۇركەپ قويغاندەك بولۇپ كۆرۈنەتتى.

مەزىسىز، دىگەن گەپكە كەلسەك، ئۇ سىرتتىن قاراپ باھا بەر-گۈچىنىڭ تەسىراتىمۇ ئەمەس. بۇ كىچىك شەھەرنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى بولمىغانلىقىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سەۋەبى سىرگېي چۈشكەن بۇ پويىزنىڭ ئەتە ئەتىگەندە يەنى جۈمە كۈنى ئەتىگەندە ئاران قوزغىلىدىغانلىقىدا. ھازىر تېخى پەيشەنبە چۈش ۋاقتى. يەنە تېخى بىر سوتكىغا يېقىن ۋاقىت بار بولۇپ، بۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزگۈدەك جايمۇ يوق ئىدى. لېكىن، بۇنى مەزىسىزلىك دىگىلى بولمايتتى. ھەربى سەپتىن يۇرتىغا ساق-سالامەت قايتىۋاتقان يىگىرمە ياشلىق يىگىتنىڭ ئۆيىگە پويىز بىلەن ئىككى كۈن ماڭسا يېتىپ بارغىدەك ۋاقىت قالغان چاغدىكى جىددىيچىلىك ھىسسىياتىنى، ئۆزىنى باسالمىغۇدەك دەرىجىدىكى تەقەززالىقىنى قانداقمۇ "مەزىسىزلىك" دىگىلى بولسۇن؟

سىرگېي ئۇرۇشنىڭ يېرىملاشقان مەزگىلىدە، ھەتتا ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەجبۇرىيەت بويىچە ھەربى قىسمىغا كىرگەن ئىدى. لېكىن 1945-يىلى 5-ئايغىچە يەنە تېخى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ، خېلى جەۋرى-جاپالارنى تارتىشقا توغرا كېلەتتى. ئەتراپىدىكى بۇرادەرلىرى ئارقا-ئارقىدىن يىقىلىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا، ۋىزۋوت كوماندىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ۋەزىپە ئۆتەش مەز-گىلى ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئىككى سوتكىدىن ئاشمايۋاتقان (بۇ، سولداتلارنىڭ غەيرى رەسمىي ئىستاتىستىكىسى) چاغلاردا، رەھىمسىز تەقدىرنىڭ قايسى ۋاقىتتا ۋە قانداقسىگە ئۆز بېشىغا كېلىپ قالىدى-غانلىقىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز؟ دەرۋەقە، ئوتتۇرا ھساپ بىلەن ئىككى سوتكىدىن ئاشمايدىغانلىقىنى سولداتلار ئېغىزىدىلا ھساپلاپ چىققان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئوتتۇرا ھساپ بىلەن ئېلىنغان مەلۇمات ئىدى.

لېكىن مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، سىرگېي ئىلانىن يەنىلا هايات قالدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىشەنمەي قالغان بولسىمۇ، لېكىن مانا هازىر هايات پېتى يىراقتا ــ ئۇرال دەرياسىنىڭ بويىدىكى يېزىسىغا قايتماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ يۇرتىغا غەلىبە بىلەن قايتىپ بارىدىغان شۇكۈنگە تولىمۇ ئىنتىزار ئىدى، ھەتتا بۇ ھەقتە شۇنچە تەپسىلى ئويلايتتى! ئۇنىڭ كەنتى ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، پويىزدىن چۈشۈپ كەنتكە يېرىم كىلومېتىر قالغىچىلىك ماڭغاندا ئاندىن ئۇنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقى ھىلىمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. بىراق، يۇرتىدىكى شارىدىنوۋ ۋوگزالىغا بېرىۋالسا ئالدىراشنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

راست، ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، شارىدىنوۋ ۋوگزالىغا بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن چايخانىغا بېرىپ ھاردۇق ئېلىشىشى كېرەك. يېنىدا پۇلىمۇ بار. پۇلنىڭ بىر قىسمى ھەربىيچە يازلىق چاپىنىنىڭ يانچۇغىدا، قالغان كۆپ قىسمىنى قەغەزگە بولاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر قەۋەت كىلىيونكا ئوراپ بوخچىسىنىڭ ئاستىغا سېلىۋەتكەن. ئەسكەرلىكتىن قايتىش سوممىسى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل كۆپ بولمىسىمۇ (سىرگېي ھەربىي قىسمىدىن سىرژانتلىق ئۇنۋان بىلەن قايتقان ئىدى)، لېكىن بىرقانچە ئايلىق تۇرمۇش راسخودىغا يېتەتتى، ئۇ خاتىرجەم ئورۇنلىشىۋالغىچە، ياكى پىداگوگىك تېخنىكومغا قايتا ئوقۇشقا كىرىپ ئوقۇش ياردەم پۇلى ئالغىچە ئۆزىنى قامدىيالايتتى... ئانىسىنىڭ قولىدىمۇ ئانچە بولمىغاچقا، ئوغلىنىڭ بۇ ياردىمى ئۇنىڭ دەردىگە ئاز-تولا دەرمان بولماي قالمايتتى. لېكىن مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، چايخانىغا يەنىلا كىرىش كېرەك، ۋوگزالدا بەلكىم چىرنوشكا كەنتىدىن كەلگەنلەر ئۇچرىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن (سىرگېي چىرنوشكا كەنتىدىن ئىدى)، بەلكىم شۇ ياققا بارىدىغان

ئات هارۋنى ئۇچرتىپمۇ قالار. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ئون سەككىز چاقىرىم يولنى پىيادە مېڭىشنىڭ هاجىتى قالمايتتى. سىرگېي ئەمىلىيەتتە تۇمەن مىڭ خىياللارنى قىلىپمۇ يەنە چىرنوشكا كەنتىگە پىيادە كىرىشنى ئويلىدى. ئات هارۋىغا ئولتۇرۇۋالغان هالەتتىمۇ، ئىككى كىلومېتىر نېرىدا هارۋىدىن چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى. چۈنكى ئۇ يەردە بىر چىغىر يول بار ئىدى. ئات هارۋىدا ئولتۇرغانلار چوڭ بىر ئايلانمىنى ئەگىپ، پوتاپوۋ كۆۋرىگىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يېتىپ بېرىشنى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا يولدىكى هەمراللىرى كەنتىكىلەرگە سىرگېي ئىلانىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىگىنى، دەرهال بېرىپ ئۇنى قارشى ئېلىش كېرەكلىگىنى ئېيتىشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى!... ئۇ ئىشىگىگە ئۈن - تىنسىز يېتىپ بېرىپ، ئىشىكنىڭ تارتقۇچىنى تارتىپ ئېچىپ، هويلىدىن ئۆتۈپ، ياغاچ ئۆينىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ قالدى...

قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ شېرىن خىياللىرى ئوق ۋە ئۇسسكۈلكىلار تەرىپىدىن يوق قىلىۋېتىلگەندۇ! ئۇلارنىڭ هەر بىرىنىڭ قەلبىدە ئۆزلىرىنىڭ چىغىر يوللىرى، ئېرىقلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈك-لىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئاكا-ئۇكا، هەدە-سىڭىللىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئانا-لىرى ۋە ئۆز ئۆيىنىڭ هويلىلىرى بار ئىدى. لېكىن تۇساتتىن كەل-گەن بىر ئاۋاز، خۇددى يېنىپ تۇرغان سەرەڭگە تېلىنىڭ ئۇستىگە چۈشكەن يامغۇر تامچىسىدەك، بۇ يالقۇننى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. چىغىر يول، ئېرىق، كارىدور، ئانا دىگەنلەرنىڭ هەممىسى كۆزدىن غايىپ بولۇپ، هېچنەرسە قالمىدى.

لېكىن سىرگېينىڭ قەلبىدىكى ئازراق يالقۇن تېخى ئۆچمىگەن ئىدي. هەتتا تېخىمۇ لاۋىلداپ يېنىپ كۆكۈش نۇر چاچماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ بىر دۇنيا شەكىللەنگەن بولۇپ، كۆز قاماشتۇرىدىغان گۈلزارلىقلار، سۈپ-سۈزۈك ئېقىنلار، ئاپپاق بۇلۇتلار، كۆپ-كۆك ئاسمان، قىزغۇچ قۇياش ۋە ئىنتايىن ئاقكۆكۈل كىشىلەر تۇراتتى. مانا ئۇ هازىر ئاشۇ دۇنيا قوينىغا كىرىپ كېتىدۇ.

سىرگېي ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە غەلىبە بىلەن قايتىپ بارغانلىقى توغرىسىدىكى شېرىن خىياللىرىدا بەزى كۆرۈنۈشلەرنى ئويلىمىدى ياكى مۇجمەلرەك ئويلىدى. مەسىلەن: ئانىسى ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگەن پەيتتە... سىرگېي بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئېنىق ۋە كونكرېت بىر نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. پەقەتلا ھەربىي كىيىم ئىچىدىكى يۈرىكى تېخىمۇ تېز سوقۇپ كەتتى.

لېكىن ئۇ ئانىسى ۋە سىڭىللىرى ئالدىدا بوخچىسىنى قانداق رەتلەش توغرىسىدا ناھايىتى تەپسىلى تەسەۋۋۇرلارنى قىلدى: ئۇ مۈرىسىدىكى بوخچىسىنى ئالدى بىلەن يېنىدىكى كەڭ ئورۇندۇققا قويۇپ يېشىدۇ، ئاندىن ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بىر-بىردىن ئېلىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە تىزىدۇ. "مانا، بۇ ئىچىگە لىق نەرسە قاچىلانغان كورۇپكا، مانا بۇ گۈللۈك رەخت، يەنە تېخى تاۋارمۇ بار!" دەپ بىر تەرەپتىن كۈلۈپ تۇرۇپ خۇددى سودىگەر يىگىتتەك جار سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن نەرسىلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئالدى بىلەن چىقىرىدىغىنى ئامېرىكىنىڭ گۆش كانسېرۋاسى بولۇپ، بوخچىسىدا بۇنداق چوڭ ھەم ئېغىر كونسېرۋادىن بەشى بار، بۇندىن باشقا ئامېرىكىنىڭ قىزا كونسېرۋاسىدىن بەشى بار. گۆشىنىڭ رەڭگى ھال، شىرنىلىك مۇنداق كونسېرۋالارنى ئانىسى بىلەن سىڭىلىسى يەپ كۆرۈش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، كۆرۈپمۇ باقمىغان. ئارقىدىن ئۇ ئۇلجا ئالغان شاكىلاتتىن ئىككى قۇتا چىقىرىدۇ. بۇ قۇتىلارنىڭ ھەر

بىرىنىڭ ئېغىرلىغى بىر كىلوگىرام بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۇمۇ-لاق شاكىلاتلار ھەم تەملىك، ھەم چۇرۇك. ئۇ، قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىش بىلەنلا، شاكىلاتنىڭ مەزىلىك پۇرىغى ئۆيىنىڭ ئىچىنى بىر ئالدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ياغاچ ئۆيىدە بۇرۇندىن بارى ئات جابدۇغى (بىر مەزگىل بولغان)، موزاي، ئاشلىق، سۇرتۇلگەن پول ۋە بىرىنچى مارت بايرىمى① كۈندىكى يۇمران قېيىن كۆچەتلىرىنىڭ پۇرىغى ئىدى. ئەگەر ئاۋستىرىيە شاكىلاتلىرى تاسادىپى پۇراق چاچىدىغان بوپقالسا، بۇنى بىر مۆجىزە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە، رومال، ئايالچە چاپان ۋە قول سائەتلەرنى چىقىرىپ ئانىسى ۋە سىڭىللىرىغا بۆلۈپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ نەرسىلەر ئانچە قېلىشقۇچىلىكى يوق نەرسىلەر بولسىمۇ، يەنىلا بايىقى نەرسە-لەردەك جەلپ قىلارلىق ئەمەس، ئانىسى بىلەن سىڭىللىرىغا خوشاللىق ئېلىپ كېلىدىغىنى رومال بىلەن قول سائىتى بولماستىن، ئاساسلىغى يەنىلا يەمەكلىكلەر ئىكەنلىكى سىرگىيىگە ئايان. ئاۋستىرىيىنىڭ شاكىلاتلىرى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بىر پارچە بولكا بىلەن ئازراق سېرىق ماينىڭ بولغىنىمۇ قالتىس گەپ. ھە، راست، ئۇنىڭ بوخچىسىدا تازا ياخشى بىر كاللەك سېرىق ماي بار ئەمەسمۇ! بۇنى ئۇ، پويىز ئۇكرائىنادىن ئۆتكەندە، مەلۇم بىر ۋوگزالدا بىر بوتۇلكا ھاراققا تېگىشىۋالغان ئىدى. شۇنداق ھاراقتىن يېنىدا يەنە بىر بوتۇلكا بار. يۇرتىغا غەلىبە بىلەن قايتىپ بارغاندا تەنتەنە قىلىدىغان گەپ-دە.

① خىرىستىيانلارنىڭ پاسخا بايرىمىدىن 50 كۈن كېيىن بولىدىغان دىنىي بايرام.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تازا جايىدا، بۇنىڭغا، گەپ سىغمايدۇ. لېكىن ھازىر بۇ كىچىك شەھەردە باشقا پويىزغا ئالمىشىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. پويىز ئەتە، يەنى جۇمە كۈنى ئەتىگەندە ئاران ماڭىدۇ. ھازىر پەيشەنبە چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت بولۇپ، تېخى سائەت بىرمۇ بولغىنى يوق.

كىچىك باغچىدىكى ئوت-چۆپلەر ئورۇلغان بولۇپ، توپا-چاڭ ئۆرلەپ تۇراتتى، يەتتىنچى ئاينىڭ تومۇز ئىسسىغى قاينايتتى، خۇددى سىرگېينىڭ ئانىسى ۋىرا كوزىمىنچنا دائىم دەپ يۈرگىنىدەك، جاننى قىينايدىغان دىمىق بولۇۋاتاتتى. بۇنىڭدىن كۆرە بوخچىسىنى يۈدۈپ، شپال بويلاپ يۈگۈرۈپ قايتقان يەڭگىلرەك بىلىنەتتى. لېكىن يول بەك يىراق بولغاچقا يۈگۈرۈپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەي، ئامال قانچە، پويىز چاقلىرىنىڭ غەيرىتى بولسىمۇ ماغدۇرى يوقتەك، تېزمۇ ئەمەس، ئاستىمۇ ئەمەس ئايلىنىشىنى ۋاگوندا ئولتۇرۇپ يەنە ئىككى سوتكا ئاڭلاشقا توغرا كېلىدىغان بولدى. بۇمۇ ناھايىتى تەبىئى ئىش ئىدى. ئۇرۇش ئەمدىلا ئاخىرلاشقاچقا، بۇزۇلغان تۆمۈريوللار تېخى ياسىلىپ بولمىدى، ۋوگزاللارمۇ تارچىلىق، پويىزلار سىگنال بېرىپ ئۇچقاندەك ماڭالمايتتى. بەلكى ترامۋايلار خۇددى ئادەم كۆپ مەيداندىن ئۆتكەندەك، ئاستا ماڭاتتى. پويىز چاقىنىڭ ئاستا تاراقلاپ ئايلانغان ئاۋازىنى راستىنلا يەنە ئىككى كۈن ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان بولدى. بىراق بۇ ئاۋاز يۇرتىغا قايتىشقا تاقىتى تاق بولغان كىشىلەرگە شۇنداق بەك ئاستا بىلىنسە كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مانا پىژ-پىژ ئىسسىق بولۇۋاتقان، توپا-چاڭ ئۆرلەپ تۇرغان بۇ يات شەھەردە بىر سوتكىنى ئۆتكۈزۈش كېرەك. ۋاقىت شۇنچە ئاستا ئۆتۈۋاتاتتىكى، مەنىسىز ۋە

تېتىقسىز بىلىنگەنلىكتىن، ئۇ نۆلگە تەڭ بولۇۋاتاتتى، ھەتتا نۆلدىنمۇ كىچىك ئىدى. ئەجەبا بىر كېچىنى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۈش كېرەكمۇ؟ سىرگېي مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن بەكمۇ مەيۈسلەندى ۋە تازا ئاچچىغى كەلدى. لېكىن ھېچ ئامال بولمىغانلىقتىن قاتتىق ئۇھ تارتتى.

ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان بۇ كېچىنىڭ قانداق كېچە ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا نامەلۇم ئىدى، بۇ قىسقىغىنە بىر كېچىدە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ۋە بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ ئۆمۈر بويىمۇ ئۇنتالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەلگىسىز ئىدى. بىراق، ۋاي، دىگۈچىلىكى يوق بۇ كىچىككىنە باغچا ئۇنىڭغا نىمە بېرەلەيتتى دەيسىز؟ تويا-چاڭ ئۆرلەپ تۇرغان، پىژ-پىژ ئىسسىق، ھەممە جاي قەغەز پارچىلىرى بىلەن تاماكا قالدۇغىغا تولغان، قۇچقاچلار ۋىچىرلىشىپ قالايمىقان ئۇچۇپ يۈرگەن بۇ جايدا قايسى گۈللەر ئېچىلالىسۇن؟ مۇشۇ ئەتراپتىن ئۆتكەن بىرەر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز بىر بىرسىنى تىزگىنلەپ تۇرغان ئوربىتىلارنى قالايمىقان قىلىۋېتەلىشى، ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان كۈچ تەڭپۇڭلىغىنى بۇزۇپ تاشلىشى، (ھەي، زېرىكىشلىك، بىمەنىلىك!) ھەممىدە دەۋرنى ئارقىغا قايتۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟

سىرگېي "بىرۇنىتسوۋ" ماركىلىق سىگارىتتىن بىر تال چىقىرىپ (قاپتا بىرقانچە تاللا قالغان ئىكەن) چېكىشكە باشلىدى-دە، ئورۇندۇقنىڭ ئارقىغا يۆلىنىپ بېشىنى كۆتەردى. ئۇ تاماكىنى بىرقانچە قېتىم شورىغاندىن كېيىن تاماكىنىڭ تاتلىق ئىسى (نېرۋىنىڭ سېزىمى) ئارىسىدىن خۇنۇك ئاسمان پەردىسىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان قالغاچقا نەزەر تاشلىدى. ئۇ كۆكتىن كۆزىنى ئۈزۈش بىلەنلا،

ئۆزىدىن ئىككى قەدەمچە نېرىسىدا تۇرغان ياش ھەم چىرايلىق بىر ئايالنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ سىرگىيدىن كۆزىنى ئۈزمەي، داڭ قېتىپ تۇراتتى. قىياپىتى خۇددى سىگان ئاياللىرىنىڭ قارشى تەرەپكە پال ئېچىپ بېرىپ ئازراق پۇل تەلەپ قىلىشلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى.



لېكىن بۇ تۇرغان ئايال سىگان ئاياللىرىدىن ئەمەس ئىدى. سىر-گېي كۆكتىكى قالغاچتىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئۇنىڭغا نەزەر تاشلىغاندا، ئۇ ئايال بىلىنەر-بىلىنمەس ھالدا تەبئىي كۈلۈپ قويىدى. ئۇ گويا سىرگېينىڭ ھەممە ئەھۋاللىرىنى بەشقولدەك بىلىدىغاندەك، ھەتتا مۇندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان بارلىق ئىشلارنى (كۆز ئالدىدىكى بولسۇن، ياكى پۈتۈن ئۆمرىدىكى بولسۇن) ھەم ئالىلىقاچان بىلىپ بولغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ توساتتىنلا كېلىپ سىرگېينىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

بۇنىڭدەك گۈزەل ئايالنى سىرگېي تېخى كۆرۈپ باقمىغان بولسا كېرەك. سىرگېينىڭ ئادەتتە ئاياللارنى قانچىلىك چۈشىنىدىغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئىككى ئېغىز سۆزلەپ ئۆتەيلى: ئۇ كىتاپتىن ئوقۇغان، كىنودا كۆرگەن ۋە سولداتلارنىڭ پاراڭلىرىدىن ئاڭلىغاندىن باشقا بۇ ھەقتە ھېچنەرسە بىلمەيتتى. خۇددى ئۇ بايا پويىز ساقلىغان بىھۇدە ۋاقتىنى تەسۋىرلەپ، ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ ئېيتقاندەك: بۇ ھەقتىكى بىلىمى نۆلگە تەڭ، ھەتتا نۆلدىنمۇ كىچىك ئىدى.

ئۇ بەشىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا يەتتىنچى سىنىپنىڭ قىز ئوقۇغۇچىسى نادىيە تروپىسكايانى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. بىراق، ئەگەر مۇھەببەت بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنى كۆڭلى تارتىپ قوغلە-شىشى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ بۇ ياخشى كۆرۈشىنى قانداقمۇ مۇھەببەت دېگىلى بولسۇن؟ ئۇ چاغدا ئۇ نىمىشكىمۇ نادىيەگە يېقىن-لىشىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىششكە تىرىشماي، ئۇنىڭغا يېقىنلىششتىن قورققان ياكى يېقىنلاشىشمۇ گەپ قىلالماي قالغان بولىغىدى؟ ئۇ باشقا قىزلار بىلەنمۇ كۈلكە چاخچاق قىلىشىپ، بىرگە چېپىشىپ ئوي-نايتتى، ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى كۆچۈرەتتى، ئۆزىنىڭ تاپشۇرۇق

دەپتەرلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭ كۆچۈرۈۋېلىشىغا بېرىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ نادىيەگە يېقىنلىششى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىششى... ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بۇ ھەقتە ئۇ ئويلاپمۇ كۆرمىگەن ئىدى.

ئۇنىڭ نەزىرىدە، باشقا بارلىق قىزلارنىڭ ھەممىسى ياۋا گىيا بولۇپ، پەقەت نادىيەلا گۈل ئىدى، باشقا بارلىق قىزلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان بىر خىللا قىياپەتتە بولۇپ، پەقەت نادىيەنىڭ ھۆسنىدىنلا نۇر يېغىپ تۇراتتى. پەقەت شۇنىڭلا چىرايىدىن نۇر چاقنايتتى، لاۋىلداپ ياناتتى، گۈزەللىكى كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. بىر قېتىم ئۇ كۆپ-كۆك كۆزلىرىنى سىرگېيگە تىكىپ، تاسادىپىلا كۈلۈمسىرىۋىدى، سىرگېيىنىڭ پۈتۈن ئەزايى قايناقسۇدا كۆيگەندەك بولۇپ كەتتى. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ قەلبىدە شۇنداق سېزىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قېنى بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا قايناقسۇدەك پۇرۇقلاپ قايناپ، پۈتۈن بەدىنىدە ئاققان ئىدى. سىرگېينىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە بەلكىم بۇنىڭدەك شېرىن چاغلار بولۇپ باقمىغاندۇ. دۇرۇس، ئۇ يەنە بىر چۈش كۆرگەن ئىدى. چۈشىدە ئۇ رەڭگا-رەڭ گۈللەر ئېچىلغان دالىدا تۇرغاندا. نادىيە ئۇدۇللاپ كەلدى. ئەتراپتا ھېچقانداق ئىنسان يوق بولۇپ، پەقەتلا ئاسماندا بىر بۇلبۇل سايراۋاتاتتى. نادىيە ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى-دە، ئىللىق ھەم يۇمشاق بىلەكلىرىنى كېرىپ سىرگېينى ئاستا قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە باش قويدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ چۈشى ئۈزۈلۈپ قالدى. سىرگېي شۇ چاغدا، ئەگەر بۇ ئىش ئۇخلىمىدا بولۇپ مۇشۇنداق تاسادىپىي ئۈزۈلۈپ قالىدىغان بولسا، دەرھال ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى، دەپ ئويلىغان ئىدى، لېكىن ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان، خۇددى ئاشۇ ئىش راست بولغاندەك،



www.uyghurkitap.com

مۇشۇ چۇشىنىڭ ئىچىدە ياشاپ كەلـدى. شۇنداقـتـىمۇ ئۇ ئۆزىـنىڭ نادىيەگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچىيىشىگە نىمىنىڭ ئاساسىي سەۋەپ بولۇۋاتقانلىغىنى، بۇنىڭ سەۋىۋى ئۇنىڭ راستىنلا سىرگېيگە بىر قېتىم كۆلۈپ قويغانلىـغى ياكـى چۈشـىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىـغى ئىكەنلىگىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن ئىدى. نادىيە يەتتىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شەھەردىكى پىداگوگىكا تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كەتتى. سىرگېي ئالتىنچى، يەتتىنچى سىنىپلاردا ئوقۇۋاتقان ئىككى يىل ئىچىدە، نادىيە ئۇ مەكتەپتە يوق ئىدى. نادىيە مەكتەپتىكى چاغلاردا، سىرگېي دەرس ئارىلىغىدىكى دەم ئېلىشلاردىلا ئۇنىڭغا يىراقتىن كۆز سېلىپ يۈرسىمۇ، لېكىن ئۇ مەكتەپتىن كەتكەندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ ئىچى قۇپ-قۇرۇق بولۇپ قالـدى، سىرگېي ئۆزىـمۇ جانـسىزدەك بولۇپ قالدى. ئۇ نادىيەنى سېغىنغاچقىلا ئۇنىڭدىن ئەگىشىپ مۇشۇ پىداگوگىكا تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىرىنچى يىللىقتا ئوقۇغان يىلى نادىيە ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇيتتى، بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى يىلى بولۇپ، پۈتتۈرىدىغان سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ھېساپلىناتتى. كېيىن نادىيە يىراق بىر كەنتكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىنىپ، يېزا ئايال مۇئەللىمى نادېژدا، لىئونىدوۋنا بولۇپ قالدى، پىداگوگىكا تېخنىكومىنىڭ ئۈچىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسى، ئون يەتتە ياشلىق پەرىزات (بۇنىڭدىن سىرگېينىڭ ئۇنى سەۋەپسىز ياخشى كۆرۈپ قالمىغانلىغىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ) نادىيە تىروپىسكايا ئۆزى بەك ياش ئەمەس ئەمـما سالاپەتلىك (ئەدەپلىك يۈرىدىغان) نېمىس تىلى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن توي قىلىۋالدى. بۇ ئىش پۈتۈن پىداگوگىكا تېخنىكومنى (بەلكىم پۈتۈن شەھەرنى) زىلزىلىگە كەلتۈرگەن چوڭ ئىش بولـدى.

سرگېي ئەگەر ھەربى كومتېتنڭ ئۇنى ھەربى قسمغا قاتنششقا چاقرغان ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالمغان بولسا ئدى، ئۇ چاغدا، ئۇ تېخمۇ ئازاپلانغان بولاتتى، مۇھمى مۇنداق ئازاپلىنش ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى مۇمكن ئدى ــ گەرچە بۇ ئختيارسز ئايرلش (بولۇپمۇ ئۇرۇش تۇپەيلدن) بارلق ھسسيات، بارلق قممەتلك خاترلەرنى تېخمۇ مۇستەھكەملۋەتتى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى، لېكن ئارقا-ئارقدن يۈز بەرگەن تۇرلۈك ۋەقەلەر بۇ قېتمقى ھسسياتنى بېسپ كېتپ ئۇنى تېخمۇ بخۇتلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ خل دەسلەپكى مۇھەببەتنڭ ئەسلگۈدەك نممسى بار ئدى، دەيسز. چۈنكى ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك ھېچقانداق كونكرتنى بر نەرسە يوق-دە.

سرگېي ئاياللار بلەن يەككە ئۈتكۈزگەن دەسلەپكى كېچنڭ بالدۇر بولامدۇ، كېين بولامدۇ، ئەيتاۋۇر بر كۈنى ھامان بولدىغانلىغنى (تاسادىپى بوپقالدى، دىگەندمۇ) ئويلاپ كۆرگەن بولغىيمدى؟ ئويلاشنى ئويلغان، لېكن كونكرت جەريانى تەسەۋۋۇر قلالمغان ئەمەس. ئۇنڭ بۇ ئشنى ئويلغنى خۇددى ھەممە كشنڭ ئۆلۈمنى ئويلغنغا ئوخشاش ئابستراكت بولۇپ، ئۇنڭچە، ئادەم ھامان بر كۈنى ئۆلۈشتن خالى بولالمايدۇ، لېكن، قانداق ئۆلۈش، قاچان ئۆلۈش...

سولداتلارنڭ ئاياللارغا بولغان مۇھەببەت ھەققدىكى سۆھبەتلىرى خۇددى ئۆيلرىدىكى گۈھەرلرنى سانىغاندەك، ئاسماندن تۆكۈلۈپ چۈشكەندەك بولۇپ، سرگېي بۇنى ئاڭلاپ ئاغزنى ئېچپ ھاڭۋېقپ تۇرۇپلا قالاتتى. ئۇنڭ بۇنداق بولۇشى ئاڭلىغانلرنڭ قوپال-چاكنا گەپلەر ياكى مۇبالغە ئشكەنلكىدن ئەمەس،

بەلكى، ئۆزى بۇنداق ئىشلارغا يولۇقۇپ قېلىشىنى قىلچىمۇ ھېس قىلمىغانلىقىدىن ئىدى — ئۇنىڭ پۈتۈن كارامىتى — ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە يىراقتىن قاراپ قويۇش، ئاندىن ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتىنى، تاسادىپى كۆز تاشلاشلىرىنى، ھەر بىر كۈلۈمسىرەشلىرىنى يوشۇرۇن ئويلاش، دىسىمۇ بولاتتى... ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئەنە شۇلارلا بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسى يوق ئىدى.

سىرگېينىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئايال نادىيە تىرويىسكاياغا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئوخشايتتى، ئۇنىڭ چىرايى بىلەن بوي تۇرقىلا ئوخشاپ قالماستىن، ئۇلار بىر تىپتىكى كىشىلەردىن بولۇپ، "ھەممە يېرى قاملاشقان گۈزەللەر" دىن ئىدى. ئوتتۇز يىلدىن كېيىنكى سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئورتاق ئىرسىيەتلىك مەخپى نومۇرلارغا ئىگە ئىدى.

بۇ ئايالنىڭ كۆزى كۆك، بۇرنى قاڭشالىق، پىشانىسى كەڭ ھەم نۇرلۇق بولۇپ، توق قوڭۇر ئۇزۇن چاچلىرى ئارقىسىغا تاشلىنىپ پاقىراپ تۇراتتى. (ئارقىسىدىن قانداقتۇر بىر نەرسە بىلەن بوغۇۋالغان ئىدى.) ئېغىزى ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، تەبەسسۇملىنىپ تۇراتتى. لەۋلىرى خۇددى مەرۋايىتتەك چىرايلىق ئىدى. يۇمىلاق ئېڭىكىدە كىچىككىنە زىنىغى بولۇپ، بويۇنلىرى تۇپ-تۈز ھەم نازۇك ئىدى. لېكىن ياشلىق باھارى ئۆرغۈپ تۇراتتى...

ئۇنىڭ تولاي دەپ قالغان بەدەنلىرى ئورۇقمۇ ئەمەس يەنى، بەزىلەرنىڭ بەدەنلىرىدەك "قۇرۇق ئۇستىخان"مۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ يەنە يۇمۇلاق بولىكا، گۆش گىردە، باداڭ ۋە كۈپلەرگىمۇ ئوخشىمايتتى... قىسقىسى، سىرگېينىڭ ئالدىدا تۇرغىنى قامىتى كېلىشكەن، خېلى تولغان (تازا جايىدا)، كۆك كۆز، قوڭۇر چاچ

www.uyghurkitap.com

(قاشلىرىمۇ ھەم قوڭغۇر ئىدى!) يۈزلىرى ئاپپاق، بويۇنلىرى ئاپپاق ھەم يۇمشاق بىر پەرىزات ئىدى. ئۇ بەئەينى دون دەرياسى بويىدىكى كازاكلارنىڭ گۈزەللىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. بىراق، كازاكلارنىڭ گۈزەللىرى دېگىنىمىز — گۈزەللىكىنى ساقلاپ قالغان، تازىلانغان ۋە جەۋھەرلەندۈرۈلگەن سلاۋىيانلارنىڭ شەكلى ئەمەسمۇ؟ بۇ كەمبەغەل پۇقرالار روسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن دون دەرياسىنىڭ ئېقىنلىرىغا كۆچۈپ بارغان ئەمەسمىدى؟ كېيىن، ئۇلار ئۆز ئىرادىسى، غۇرۇرى ۋە تۇرمۇش شەكلىگە ئىگە بولغان. لېكىن، ئۇلارنىڭ يىلتىزى يەنىلا ئادەتتىكى رۇس مىللىتى. راست گەپنى ئېيتسام، مەن ئاپتورلۇق ئىمتىيازىمدىن پايدىلىنىپ، بۇ گۈزەلنى شۇنچىلىك تەپسىلىي تەسۋىرلىدىم. سىرگېينىڭ بىر قاراپلا مۇنچىلىك تەپسىلىي كۆرەلىشى، قاشلىرى، پارقىراپ تۇرغان چاچلىرى ۋە ئىڭىكىدىكى كىچىككىنە زىناقلىرىدىن تارتىپ ئېنىق كۆرەلىشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ كۆرگىنى كۆز ئالدىدا تۇرغان گۈزەل قامەتلىك بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۆلۈمسىرەپ قويۇپ، تۇيۇقسىزلا كېلىپ يېنىغا ئولتۇرغانلىقى ئىدى. يالغۇز بۇلا ئەمەس، ئۇنىڭ كېيىن ئەسلىشىچە، ئۇنىڭ كۆزىگە ئالدى بىلەن چېلىققىنى ئاپپاق ۋە رەتلىك چىشلار (ئۇ ئېغىزىنى ئېچىپ سۆزلىگەندە ۋە كۈلگەندە) ئىدى. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ بارلىق گۈزەللىك ئامىللىرى ئىچىدە ئەڭ گۈزەل ۋە كىشىنى جەلپ قىلىدىغان جايلىرى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ يېشى سىرگېيدىن ئەلۋەتتە چوڭ بولۇپ، (يىگىرمە ياشلىق قىز بۇنچىۋالا قورۇنماستىنلا جۈرئەت قىلىپ سۆركەشمىگەن بولاتتى)، ئاز دېگەندە ئۇنىڭدىن بەش ياشچە چوڭ بولسىمۇ، يەنىلا ناھايىتى ياش كۆرۈنەتتى. غۇنچە بويلۇق قىزمۇ ئەمەس، گىرىملىك

يۇرىدىغان سەتەڭلەرمۇ ئەمەس، بەلكى تازا تولغان نازىنىنلاردىن ئىدى.

ئەمدى ئۆز سۆزىمىزگە كېلەيلى. سىرگېي كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قالىغاچتىن كۆزىنى ئۈزۈش بىلەنلا، ئۇزىدىن ئىككى قەدەمچىلا نېرىدا تۇرغان ياش بىر گۈزەل ئايالنى كۆردى. ئۇ ئايال سىرگېي ئۆزىگە قاراش بىلەنلا، سىرگېينى بىر قاراپ بىلىپ بولغاندەك، سىرگېينىڭ هازىرقى هالىتىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ مۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىنى بىلىپ بولغاندەك، مىيىغىدا كۈلۈپ قويىدى-دە، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— خېلى ئۇزاق ساقلامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ قورۇنمايلا. ئۇ گويا سىرگېينىڭ كۆپ يىللىق كونا تونۇشى، يولدىكى ھەمراسىدەك، بايا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقان بولۇپ، هازىر شۇ سۆزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئەتە ئەتىگەنگىچە... — دىدى سىرگېيمۇ ئۇدۇللا جاۋاپ بېرىپ. بۇنداق ئىختىيارى ۋە تەبىئى جاۋاپ بەرگەنلىگىدىن ئۇ ئۆزىمۇ ئازراق غەلىتىلىك هىس قىلدى.

— سىزنىڭ ھەر هالدا تەلىيىڭىز بار ئىكەن. قايىتىپ كەپسىز. پوت-قوللىرىڭىزمۇ ساق ئىكەن. ئەڭ مۇھىمى هايات قايىتىپ كەپسىز، — ئۇ ئايال بىرئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن، مېنىڭ يولدۇشۇم مەڭگۈ قايىتىپ كېلەلمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۆلگەنلىگى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىمغا ئۈچ يىل بولدى. مەن بالدۇر تۇرمۇشقا چىققان. كىچىك چېغىمدىلا توي قىلغان ئىدىم. ئۇخاركوۋ شەھەر ئەتراپىدا... سىزدىن سوراپ باقاي، سىز ئۇ تەرەپكە بارغانمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— ياق، بىز شىمال تەرەپتە بولدۇق...

— بەلكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان بولغىدىڭىز، گېنناديي مالىشىۋ...

قىزىقكەنسەن، ئۇ ياقتا ئادەم دېگەن شۇنچە كۆپ تۇرسا!...

سىرگېي بۇ ئايال بىلەن "سەن" دېيىشىپ سوزلىشىپ كەتكەنلىكىگە، ئىككىسى خۇددى ئاغىچا ئايلام ئويناپ دوست بولغانلاردەك بوپكەتكەنلىكىگە ئۆزىمۇ دىققەت قىلماي قالدى.

ئالاقىلىشىش تالانتىمۇ باشقا تالانتقا ئوخشاش تەبىئى بولىدۇ. بىر ئادەم رەسىم سىزىش تالانتىغا، ناخشا ئېيتىش تالانتىغا، ئۇستا ياغاچچىلىق تالانتىغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن، ئالاقىلىشىش تالانتىغا ئىگە بولشىمۇ مۇمكىن. شورا (ھېلىقى ئايال ئۆز ئىسمىنىڭ شورا ئىكەنلىكىنى سىرگېيگە تونۇشتۇرغان ئىدى) ئالاقىلىششتا ناھايىتى يۇقۇرى تالانتقا ئىگە ئىدى. سىرگېي بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنى تونۇمايدىغانلىقىغا، ئۇنىڭسىزمۇ ياشاپ كەلگەنلىكىگە دەرھال لا ئەجەپلەندى. توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ تۇرغان بۇ كىچىك باغچا كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۆتكۈزمەك قىيىنغا چۈشكەن پويىز ساقلاش ۋاقتىمۇ ئۇنتۇلدى، مەزىسىزلىكمۇ ھىس قىلمىدى، تىت ـ تىتمۇ بولمىدى، ھازىر شورادىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

شورا دەم سۆزلەيتتى، دەم كۈلەتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئاپپاق ۋە رەتلىك چىشلىرى كۆرۈنەتتى. سىرگېيمۇ خېلى گەپلەرنى قىلدى. لېكىن مۇھىمى سۆھبەت بولماستىن، سىرگېينىڭ ئۆزىنى يېنىك ۋە ئەركىن ھىس قىلغانلىقى بولدى. ئۇ بۇرۇن باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندە زادىلا بۇنداق ھىسسىياتتا بولۇپ باقمىغان ئىدى. بۇ قېتىم ئۆزئارا چۈشىنىشمۇ تەبىئى ھالدا چوڭقۇرلاپ باردى. بىر سائەتتە كېيىن،

شورا سرگېينىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بولمىسىمۇ ھەر ھالدا پىششىق بىلىۋالدى. ئۇ قەيەرلىك، ئائىلىسىدە كىملەر بار، ئۇنىڭ چىرنوشكا كەنتى قانداقىراق، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۆيلىرى قانىداق، ئۇنىڭ دادىسى ئىۋان مىخايلوۋىچ ئىلانىن قەيەردە قۇربان بولغان. ئۇنىڭ ئانىسى ۋە سىڭىللىرىنىڭ ئىسمى نىمە، ئۇلارغا قانىداق سوغاتلارنى ئېلىپ ماڭدى، ئۇنىڭ تاماكا چېكىشكە باشلىغىنىغا قانچە ۋاقىت بولدى، پىداگوگىكا تېخنىكومىنىڭ ئەھۋالى قانداق، ۋاھاكازالارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مەلۇملۇق ئىدى. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شورانىڭ مۇشۇ بىر سائەت ئىچىدە ئىگەللىگەن ئەھۋالى سىرگېيىنىڭ مۇشۇ بىر سائەت ئىچىدە ئۇ ئايال ھەققىدە ئىگەللىگەن ئەھۋالىدىن خېلىلا كۆپ. ئۇ مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە سىرگېينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، مېھرىۋان ۋە ئۆتكۈر كۆك كۆزلىرىنى سىرگېيىدىن ئۈزمەي قاراپ، بەزىدە ئاپىپاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈمسىرەپ، بەزىدە سىرلىق كۈلۈپ ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، بەزىدە بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا نوقۇپ قوياتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭدىن يەنە سوراۋېرىش كېرەكمۇ؟ سورىغۇدەك يەنە نىمە بار دەيسىز؟ سوراشنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. ئۇ سىرگېينىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى بولۇپ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ ئاللىقاچان سىرگېينىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمرىيى بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن قىزىقى شۇكى، بىر سائەتنىڭ ئالدىدا ئۇ تېخى بۇ ئايالنىڭ مەۋجۇتلۇغىنى بىلمەيتتى.

قۇلۇلىدەك ئۆمىلەپ مېڭىۋاتقان ۋاقىت تۇيۇقسىزدىن ئۇچقاندەك ئىلگىرلەشكە باشلىدى. گەرچە تېزلىگى ئوقتەك تېز بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇچقاندەك ئۆتمەكتە ئىدى. سىرگېينىڭ كۆز ئالدىدا تۆگمەن تېشىدەك ئاستا ئايلىنىپ مېڭىۋاتقان، ھەمدە ئۇنى زېرىكىشلىك ھىس

قىلدۇرىۋاتقان بۇ ۋاقىت تۈيۈقسىزدىن نۇر چاقنىتىپ، خۇددى بارىسا كەلـمەس ھـاڭـغا تاغار بىلەن تۆكـۈۋەتـكەنـدەك كۆزدىن غايىپ بولـدى ـ دە، كـۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقـىچە كـۈن غەرپكە قىيـسىپ گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى.

ــ ھەي، بىچارە، قەيەردىمۇ قونارسەن؟ ــ دەپ تۈيۈقسىزدىن سوراپ قالدى شورا ئەسكە ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆك كـۆزلىرى بىر خىل ئەشەنچكە تولغان بولۇپ، مېھرىۋانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى.

ــ مەشەدە، ياكى بولمىسا ۋوگـزالـدا. بىراق ئۇ يەردە ئادەم بەك كۆپ، ھـاۋاسىمۇ...ۋوگزالـدا بىر دەم ئولتۇرسىلا ئادەم خۇددى ئۆز بەدىنىدىن ئاشۇنداق پۇراقلار چىقىۋاتقانـدەك ھىس قىلىـدۇ... يۇقۇپ قالسا...يەنىلا مەشە ياخـشى.

ــ بۇ يەر مۇۋاپـىـق ئەمەس، تاڭ ئاتـقانـدا سوغاق بولۇپ كېتىدۇ.

ــ بىز دېـگەن كۆپـنى كـۆرگەن، ئۇنچىلىـك سوغاق دېـگەن نىمىتى...

ــ بولدىلا......سەن بىر كېچە راھەتلىنىپ تاڭ ئاتقۇزماقـچىمۇ؟ سېنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىپ ئاپىرالمايدىغىنىم تۇرغان گەپ. ئۆيدە ئاپام، ئاكا ـ ئىنـىلىرىم، ئـۆگەي دادام بار...بىراق، بىر ئېـغىز ياغاچ ئـۆي بار...بۇ يەردىـن ئانـچە يىـراق ئەمەس...ئىـكـكى كىلومېتىرچە كېلىدۇ، دەريانىڭ بويىدىـلا، بۇرۇن بۇ ئۆي لەيلـىمە بەلگە نازارەتچىسى ــ تاغام ياتىدىغان ئۆي ئىدى. كېـيىن تاغام ئۇ يەردىن كېتىپ قالدى. تاغامنىڭمۇ خىزمەتتىن بوشاتمىغان ئىدى. لېكىن ھىلىقى لەيلـىمە بەلگە ئەمەلـدىن قالدۇرۇلـدى. ئىنىم مىتە بېلىق تۇتۇپ دائىم دىگۇدەك شۇ ئۆيدە قونۇپ قالاتتى. بۇ كىچىـك ئۆي

هازىر قۇلۇپلاقلىق، بىراق، ئاچقۇچى بىر پارچە تاختاينىڭ ئارقىسىغا تىقىپ قويۇلغان. ئۇنى مەن بىلەن مىتەدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇنى تاغام بىزگە ئېيتىپ قويغان ئىدى. ئۇ يەردە ياخشى يوتقان-كۆرپىلەر بار. تازا مەززە قىلىپ ئۇخلىغىلى بولىدۇ...

ئارقىدىن ئۇ ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى.

— جۇر، بوخچاڭنى ئېلىپ مەن بىلەن ماڭ. ئۇ يەردە يۇيۇنۇپمۇ ئالالايسەن. دەريانىڭ ياقىسىدا سۈزۈك قۇممۇ بار.

سىرگېي كۆڭلىدە بىرئاز ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇلار شەھەر رايونىغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، يانتۇ بىر كوچىنى بويلاپ (دەريا بويىغا يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغان ئىدى) كېتىپ باراتتى. سىرگېي نىمە ئۈچۈندۇر دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ، لاغىلداپ تىترەپ كەتكەنلىكتىن، چىشلىرى كارسىلداپ كېتىشكە تاس قالدى. سىرگېيگە ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ بىر ئىشقا دۇچكېلىۋاتقانلىقى ھەتتا، راستىنلا خالى بولغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە دۇچكېلىۋاتقانلىقى چۈشىنىشلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنىڭ راستىنلا يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

شورا سىرگېينىڭ روھى ھالىتىنى، ئېنىقراق ئېيتقاندا پىسخولوگىيىلىك ھالىتىنى دەرھال سېزىۋالدى.

— ھودۇقمىغىن، — دىدى شورا، — چوڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىساڭ ھېچ ئىش يوق، ھەي، قارىغىنا سېنى ھۇ شەيتان، كىچىك بالا... كىچىك ئەسكىرىم، ئورۇش قىل دىسە كۈچ قۇۋۋىتىڭ ئۇرغۇپ تۇرىدىغاندۇر؟

— ئۇ ناتايىن، — دىدى سىرگېي دۇدۇقلاپ جاۋاپ بېرىپ،

www.uyghurkitap.com

لېكـىن ئۇنىڭ چىرايىـغا كۈلكە يۈگـۈرگەن ئىـدى. شـورانىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىـن ئاجايىـپ ئۆزگـىرىشلەر يـۈز بەردى. خۇددى سۈيچ بىردىنـلا بېسىلغانـدەك، ياكـى توك سـىمى بىراقـلا ئۈزۈپ تاشلانغاندەك، ئۇنىڭ نېرۋىلىرىدىكى تىتـرەش ۋە قايـغۇرۇش توك ئېقىملىرى ئۈزۈپ تاشـلانغان ئىـدى. بۇ چاغدا يېقىملىق ئىسسىق ئېقىم خۇددى بەخت دولقۇنلىرىدەك ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارقىلىپ، ئۇنىڭ موسكۇللىرىنى ئېرىتىپ بوشاشتۇرۇۋەتكەن ئىـدى، شۇنداقـلا ئۇنىڭغا شېرىن ئىشەنچ كۈچى بېغىشلىماقتا ئىدى.

ئۇ ئىككىسى دۆڭدىن چۈشكەندىن كېيىن دەريا بويىدىكى كوچە-نى بويلاپ (سىرگېي ئىختىيارسـىز هالـدا، بۇ كوچىنىڭ ئىسمـىنى "پىـرووۋز① كوچىسى" دەپ ئەستە قالدۇرۇۋالدى) ماڭغاندىن كېيىن بىر دەمدىلا شەهەر ئەتراپىغا يېتىپ باردى. ئۇلار خۇددى كەنتتىن چىقىسىلا ئېتىزغا چىققانـدەك، شەهەر ئىچىدىن بىر دەمدىلا شەهەر ئەتراپىغا چىقتى. ئەنە، كىچىك ئۆيمۇ كۆرۈندى. يىراقتىن قارىغاندا ئۇ ئۆيگە ئەمەس. بەلكى باراڭغا ياكـى ئىت ئۇۋىسىغا ئوخشايـتتى، پەقەت يېنىغا بارغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ كىچىك ئۆي ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ساتمـىغا ئوخشايدىـكەن، دەيلى دىـسەك، ئۇنىڭ ئىشـىك دەرىزىلىرى ۋە يەنە ئىككى بوسۇغىسى بار ئىدى. سىرگېي بۇ كىچىك ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، (ئىش ئۇ دىگەندەك بولۇپ چىقتى، ئاچ-قۇچ بىر پارچە تاختاينىڭ ئارقىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى) بۇ ئۆيىنىڭ شۇنچە ئازادە ئىكەنلىكـىنى كۆرۈپ ناهايىـتى هەيران قالـدى...دەرۋەقە، لەيلىمە بەلگە كۆزەتچىسىنىڭ

---

① پىرووۋز — روسچە، دوقمۇش مەنىسىدە.

بۇ كەپىسى ئوردىلاردەك بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە خېلى كەڭ بىر ياغاچ كارۋات (كەڭلىگى ئادەتتىكى كارۋاتلارنىڭ بىر يېرىمدەك چىقاتتى)، ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى بىر ئۈستەل، بىر تومپۇچكا ۋە بىر ئۇزۇن ئورۇندۇق قويۇلغان ئىدى. ئۇندىن باشقا يەنە كىچىككىنە تام ئىشكاپ بار بولۇپ، ئىچىدە بېلىق قارمىقى دەستىسى، كونا رېزىنكە ئۆتۈك ۋە بىر قۇرۇق چېلەك قويۇپ قويۇلغان ئىدى. چوڭ كارۋاتقا قېلىن ماتراس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق گۈللۈك تېشى بار يوتقان سېلىنغان ئىدى.

— قارا، مانا مۇشۇنچىلىك، بۇ ئۆي، — دېدى شورا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاستورىيە مېھمانخانىسىغا يەتمىسىمۇ، لېكىن، شەھەردىكى كىچىك باغچىدىن ياخشىراق.

ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشنى يادىغا ئېلىپ، ئۇھ تارتتى-دە، سورىدى:

— مېنى بىر سائەت كۈتۈپ تۇرغىن، بولامدۇ؟ ھازىر تېخى كۈندۈز، ئۇخلاشقا بالدۇر. بىر سائەتتىن كېيىن كېلىمەن. شەھەردە بىر ئىشىم بار ئىدى، پۈتكۈزۈۋالاي. مېنى ساقلاپ تۇرغىن، ماقۇلمۇ؟ دەريا بويىغا چىقىپ بىر دەم ئولتۇرۇپ تۇرغىن، يۇيۇنغۇڭ كەلسە يۇيۇنۇۋال، سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغانسەن؟ ئەگەر يۇيۇنىمەن، دېسەڭ، ئەنە دەرىزىدە سوپۇن بار. بۇ يەرنىڭ سۈيى يۇمشاق، تازا ماغزاپ چىقىرىپ يۇيۇنۇۋالغىن!...

سىرگېي راستىلا يۇيۇنۇۋالدى. بۇ بىر سائەت ئىچىدە ئۇندىن باشقا ھېچ ئىش بولمىدى. قىرغاقتىكى قۇم ھەقىقەتەن تەڭداشسىز ئىدى. لېكىن، سىرگېي مۇنداق ئوقچۇپ تېز ئاقىدىغان سۇس بېغىرەڭ سۇدا ئۈزۈشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ يۇرتىدىكى چىرنوشكا

دەرياسى تېپ-تېچ ئاقاتتى، سۈيىمۇ ئەينەكتەك سۈزۈك ئىدى، سۇ يۈزىدە باتاناقلار ئۈسسۈپ تۇراتتى، ئايلانمىلارمۇ تېز ئاقمايتتى. باتاناق ئۈسمىگەن جايلاردا قىرغاقتىكى تال-سۆگەت ۋە تېرەكلەرنىڭ كۆلەڭگىسى سۇ يۈزىدە چايقىلاتتى، سۇغا بىرەرسى سەكرەيدىغان بولسا، بىر پارچە قارا ئەينەك سۇنغاندەك بىلىنەتتى.

شۇ ئارىدا ھاۋا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئارقا تەرەپتىن، شەھەر ۋە تاغ چوققىلىرى ئارقىسىدىن بۇلۇتلار خۇددى تەگنىدە ئېچىپ كەتكەن خېمىر كۆپۈپ چىققاندەك كۆتىرىلىشكە باشلىدى. سۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇلۇتلار ئىچى-ئىچىدىن ئۆرۈلۈپ ئاستا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدىغان ۋە يەر-جاھاننى قاپلاپ كېلىۋاتقان ھەيۋەتلىك بۇ بۇلۇتلار ئارىسىغا تېخىمۇ زور ئەسەبىلىك يوشۇرۇنغان ئىدى، قارا تۇتەك بولۇپ كۆتىرىلىپ كېلىۋاتقان بۇلۇتلار يىراق تاغ ئارقىسىدا گۈلدۈرلەشكە باشلىدى-دە، ھايال قالمايلا قىزىل چاقماق نۇرلىرىدا يالتىراپ كەتتى. بۇ، ھەيۋەتلىك ياز گۈلدۈرمامىسىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

شورا يامغۇر تامچىلاشقا باشلىغاندا قايتىپ كېلىپ بولغان بولۇپ، قولىدا سۇنئىي قارا بۇلغار سومكا بار ئىدى.

— بۈگۈن كۈن كەچكىچە تىنجىق ئىسسىق بولۇپ، ئادەم نەپەس ئالالماي قالغان ئىدى. بىكار شۇنداق بولمىغان ئىكەن-دە! — دېدى شورا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھە دېگەندىلا.

— تۈننى ئۆتكۈزۈشىمىزگە كاشىلا بولماس؟

— گېپىڭنى قارا، بۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى دېگىنە... يامغۇر تازا شاقىراپ يېغىۋاتقاندا... يەنە بىر ئېيتاي، يامغۇر يېغىپ بەرسە يولۇچىلارمۇ كەلمەيدۇ. ئىككىمىز خۇددى ئادەم ئاياق باسمىغان

ئارالدا ئۆتكەندەك ئۆتمىز دىگەنە. يامغۇر يىغىۋاتقاندا...قارا سىنى! مىنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم......

گەپنىڭ ئاخىرى تۈگمەيلا يامغۇر خۇددى چىلەكلەپ قويۇلغاندەك يىغىشقا باشلىدى. يامغۇر تامچىلىرىنىڭ زەربىدىن گىيالار قىسماقتەك ئىگىلمەكتە ئىدى، دەريانىڭ يۈزىگە چۈشكەن يامغۇر تامچىلىرىنىڭ زەربىدىن دەريا ۋاراقلاپ قايناۋاتقاندەك، ھەتتا ھور كۆتىرىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

شورا سومكىسىدىن ئىككى ئەديال، بىر ياستۇق، بىر بوتۇلكا ئۆيدە ئىشلەنگەن ئاق هاراق، يىرىم بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقى ۋە ئىشتەي ئىچىشقا ئىلىۋىلىنغان بىرقانچە تال سامساق چىقاردى.

— بۇنىڭدىن باشقا زاكوسكا يوق بولۇپ قالدى. يىمەكلىكلەرنىڭ كىنىشكا بىلەن تەمىنلىنىدىغانلىقىنى سەنمۇ بىلىسەن. بوخچاڭدا يىگىدەك بىر نەرسە بارمۇ؟

— بار.

سىرگىي بوخچىسىدىن بىركاللەك پىشىشق گۆش ۋە بىر پارچە قىزا چىقىرىپ ئۈستەلگە قويدى. ئارقىدىن، دىڭىز ئارمىيسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسىم ئەسكەرلىرىدىن ئولجا ئالغان پىچاقنى چىقاردى ۋە ھىلىقى بىر كاللەك سىرىق مىيمۇ ئىسكە كەلدى.

— پاھ، كاتتا زىياپەت بولدىغۇ! — دىدى شورا ماختاپ، — بولكا بارمۇ؟

— يوق.

— ھەتتىگىنەي، بولكا بولمىسا سىرىق ماينى يىيەلمەيمىز-دە، بولدى بوخچاڭغا سىلىۋەت.

— سامساقنى ئىلىپ بىر پارچىدىن-بىر پارچىدىن ئامال قىلىپ

www.uyghurkitap.com

يىمەمدۇق.

سىرگېي پۇرىغى ئادەم سەسكەندۈرىدىغان بىر رۇمكا سافوج سۇيۇقلۇقنى بىراقلا كۆتىرىپ ئىچىۋەتتى. شورا يىرىم رۇمكا ئۈزۈم ھارىغى ئىچتى. بۇ چاغدا يامغۇر خېلى پەسىيىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا شارىلداپ توختىماي يېغىۋاتاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا تاڭ ئاتقىچە ياغىدىغاندەك قىلاتتى.

سىرگېينىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. بەخت دىگەننىڭ شۇ ئىكەنلىگىنى (گەرچە ھاراقنىڭ ئازراق كەيپى بولسىمۇ) دەل شۇ چاغدا ھىس قىلدى. دەرۋەقە، ئۇ ھەقىقى بەختنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىگىنى جەزىملەشتۈرەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىغىنى تېخى بىلمىگەچكە، بۇنى كەلگۈسى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ھازىرچە ئامال يوق ئىدى. ئۇنداقتا ئۆتمۈش بىلەن سېلىشتۇرسىچۇ؟ ھەي، ئۇ ئۆزىگە تولدۇرۇپ بىر رۇمكا ھاراق قۇيماقچى بولۇۋىدى، شورا توسىۋالدى.

— بولدى ئىچمە، مەس بولۇپ قالساڭ كارغا كەلمەي قالىسەن، قاپاقۋاش،... توختا، كېيىنرەك ئىچەيلى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرىۋىدى، سىرگېيمۇ تەڭلا تۇردى. ئۇنىڭ ھەربىچە يېلىڭ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرى ئاللىقاچان يېشىۋېتىلگەن بولۇپ، شورانىڭ ئەپلىك قوللىرى ئۇنىڭ قالغان تۈگمىلىرىنى يەشتى، رىمىنلىرىنىمۇ بوشاتتى...

ئارقىدىن ئۇلار ئىككىسى ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ ئاق ھاراقنىمۇ، ئۈزۈم ھارىغىنىمۇ ئىچىپ تۈگەتتى. سىرگېينىڭ بېشى ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئۇ ئۇيقۇسى كەلگەنلىگىنى ھىس قىلدى. ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئۇششاق-چۈششەك خىياللار ئارىلاپ-ئارىلاپ چۇلغىۋالاتتى:

— نۇرغۇن ھەمراللىرىم... ئۇلار... غەلبىگىچە ياشىيالمىدى... ھېچيەرگە... ھېچقانچە... مەنمۇ قۇربان بولۇشۇم مۇمكىن. قۇربان... شورا... ساڭا... شو... را... سا... ڭا... رەخمەت.

ئۇ ئويغىنىپ ئېسىنىمۇ يىغماي، كۆزىنىمۇ ئاچماي، ھەتتا قوللىرىنىمۇ قىمىرلاتماي تۇرۇۋېلا، بۇ چوڭ ياغاچ كارۋاتتا ئۆزى يالغۇزلا ياتقانلىغىنى چۈشەندى. ئۇ كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى-دە، يۈگۈرۈپ تالاغا چىقتى. يامغۇر ئاللىقاچان توختىغان ئىدى. ئەتىگەنكى ئاسماندا ئەشۇ تاغ تەرەپتىن لەيلەپ كېلىۋاتقان چەتلىرى ئاق سۇر بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرمەكتە ئىدى. ئاسماننىڭ ئۈچتىن بىرى قېنىق كۆك بولسىمۇ، قالغان ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى مۇشۇنداق سۇر بۇلۇتلار قاپلىغان ئىدى.

سىرگېي دەسلىۋىدە، شورا يۇيۇنۇپ-تارىنىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. خوتۇن كىشىنىڭ ئېرىدىن چوقۇم بالدۇر تۇرۇشى كېرەكلىكىنى قايسى بىر كىتاپتىن ئوقۇغان ئىدى. لېكىن بۇ ئەتراپتا شورانىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ كىچىك ئۆيگە قايتىپ كىرىۋىدى، ئۆينىڭ ئىچىدە شورا تۇرماق، ئۆزىنىڭ بوخچىسىنىڭمۇ يوق تۇرغانلىغىنى بايقىدى.

ئۇ ئۇ ياق-بۇ ياققا يۈگۈرۈپ پايپېتەك بولدى، بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. خۇدايا توۋا! بۇ ئىشنى شۇ شورا قىلغاندىمۇ؟! شورا! شورا!! شو — را!!!!

قول سائىتىنىڭ ئىستىرىلكىسى ئۇنىڭغا پويىزنىڭ ماڭىدىغىنىغا بىر سائەتتىن كۆپرەكلا ۋاقىت قالغانلىغىدىن دېرەك بەردى. ئەگەر مۇشۇ قېتىملىق پويىز بىلەن ئۆيگە قايتماقچى بولسا، دەرھال قوزغىلىشى، ۋوگزالغا ھەتتا يۈگۈرگىنىچە بېرىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى-دە، دەرھال بېرىپ ھەربىچە يالاڭ چاپىنىنى قولىغا ئالدى، پويىز بېلىتى، كىنىشكا ۋە ئاشقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ چاپاننىڭ يانچۇقىغا سالغان ئىدى. بۇ يانچۇقتىكى نەرسىلەرنىڭ بىرسىمۇ كەم ئەمەس ئىدى.

ئۇ ھاراق كەيپىدىن تېخى ئۆزىگە كەلمىگەن بولۇپ، ۋاقىتمۇ جىددىي بولغاچقا نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. لېكىن ئۇ پويىز بېلىتىنى مىڭ تەستە ئاران ئالغان بولۇپ، مېڭىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرىدىغان بولسا، يەنە بىرقانچە سوتكا ھايال بولۇشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا، مېڭىش ۋاقتىنى ئۆزگەرتمەي، ئۆز ۋاقتىدا مېڭىشى، قولىدىكى بېلەتنى زايا قىلماسلىقى كېرەك ئىدى.

پويىز قوزغالغاندىن كېيىن، ئۇ ئەگەر پويىزدىن قېپقېلىپ ماڭمىسا ۋە شورانى ئىزدەپ تاپسا ئىش دەرھال ئاشكارا بولۇپ چوڭ ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھىس قىلدى.

"ئۇ مۇنداق قىلمايدۇ، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ" دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. بەزىدە ئۇ غەزەپكە كېلىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، گويا ئۇنى بۇدا كۆرۈپ قالىدىغان بولسا،... ئۇنى... ئۆز قولى بىلەن بوغۇپ تاشلىماقچى بولدى... بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاچچىقچىلىق سۆزى بولۇپ، سىرگېي خىيالىدا، ھەتتا دەرغەزەپكە كەلگەن چاغلىرىدىمۇ بۇ سۆزنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايتتى.

سىرگېي ۋاگون ئىشىكى دالىنىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى موماينىڭ پارىڭىغا ئىختىيارسىز قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئىككى موماي ئۆز بوخچىلىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بولۇپ، يىراقتا سەپەر قىلغانلار ئەمەس، بەلكى مۇشۇ يەرلىك كىشىلەردەك



www.uyghurkitap.com

كۆرۈنەتتى.

— چوقۇم تۇتىلىدۇ. ۋىژدانىسىز ئىش قىلغانلارنىڭ ھىلىسى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ ھامان قولغا چۈشىدۇ، — دېدى مومايلاردىن بىرى.

— بۇ پەسكەش ئالدامچىنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتكەنلەر كۆپمىكەن؟

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا كۆپ ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئالدامچىلىغىنى كىم پاش قىلالايدۇ، دەيسىز!

— بۇ گەپچە بولغاندا، بۇ ئىپلاسنىڭ قۇۋلۇق-شۇملۇقلىرى كۆپ ئىكەن-دە.

— يۇرتىغا قايتقان ھەربىلەرنى يولدىن ئازدۇرۇپ بولدى، چۈنكى ئۇلاردا يىمەك-ئىچمەك ۋە ئۇرۇش ئولجىلىرى بار.

— نىمە ئولجىسى بار دەيسىز...

— يوق دېگىلى بولامدۇ، بىرسىنىڭ ئانىسىغا ئالغاچ ماڭغان رومىلى، يەنە بىرىنىڭ بىرەر قول سائىتى دېگەندەك.......

— ئۇ ئۇلارنى قانداق قىلىپ يولدىن ئازدۇرىدىكىنە؟

— چىرايلىق بولغانلىغى ئۈچۈن-دە، بۇ ئىپلاس....... ئەسكەرلەر نىمىنى سورۇشتۇرەتتى. يۈپكىسىنى شۇنداق قايرىپ قويسىلا، ئۇلار دېگەن ئۇنىڭ بىلەن جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە دىسىمۇ باردۇ-دە.......

— قولغا چۈشۈپ قالار. ئاتىغى پۈتۈن شەھەرگە پۇركەتكەن تۇرسا قولغا چۈشمەي قالمايدۇ. ھىچ بولمىغاندا تۇرمىگە تاشلىنىدۇ.

سىرگېي بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەدەنلىرى شۈركەنگەندەك بولدى ۋە ئۇ ئىككى ئايالغا، ئۇنىڭ ئىپلاس ئەمەسلىگىنى، مۇتلەق ئۇنداق

ئەمەسلىگىنى ۋاقىراپ ئېيتقۇسى كەلدى، تۇرۇپلا يەنە بوغچىسىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلىرى ئېسىگە كېلىپ غەزىۋى ئۆرلىدى، تۇرۇپلا يەنە شورانىڭ ئاۋازلىرى، چىرايى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ راستىنلا ئالدامچىلىق قىلىشىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى، تۇرۇپلا يەنە غەزىۋىنى باسالماي پويىزدىن سەكرەپ چۈشۈپ قايتىپ بېرىپ شورانىڭ تۇتۇلۇپ قالماسلىقىغا كۆز قۇلاق بولماقچى بولدى، تۇرۇپلا يەنە قەلبىدە مۇرەككەپ ھېسسىياتلار قوزغىلاتتى: ھاقارەتلىنىش تۇيغۇسى، بوزەك قىلىنىش تۇيغۇسى ھەمدە ئۆچمەنلىك، مېھرىۋانلىق، مىننەتدارلىق، رەھىمدىللىك، مېھرى-شەپقەت، ئېچىنىش، مۇھەببەت.........

شۇندىن كېيىن يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتتى. سىرگېي ھازىر ئۈچ بالىنىڭ دادىسى بولۇپ قالدى. بۇ يىگىرمە يىل ئىچىدە، ئۇ بۇ شەھەرگە نەچچە قېتىم كەلدى. كوچىلىرىنى ئايلاندى، ماگىزىنلىرىنى ئارىلىدى، شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. كىنوخانا ئەتراپى ۋە ۋاگزالدىكى ئادەملەر توپىنىمۇ چۆگىلىدى، كىچىك باغچىغا كىرىپمۇ ئارام ئالدى، كوفىخانىلاردىمۇ بولدى. ئۇ، شەھەر ئاھالىسىدىن ھېلىقى جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنىڭ ئېسىدە بار يوقلۇقىنى سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇنىڭ ھېچ نەرسىنى سۈرۈشتۈرگۈسى كەلمەيتتى، پەقەت شورانى ئۇچرىتىشنىلا ئارزۇ قىلاتتى.

شەھەرنىڭ قىياپىتى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇراتتى، بىر قېتىم كەلگەن چاغدىكى بىلەن يەنە بىر قېتىم كەلگەن چاغدىكى ھالەت ئوخشىمايتتى. كىچىك باغچىدىكى گېپىس ھەيكەل ئاللىقاچان ئېلىپ تاشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەييار قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن بەش قەۋەتلىك بىنا ياسالماقتا ئىدى. ھېلىقى كىچىك ئۆي ئۇ

بىرىنچى قېتىم كەلگەندىلا يوق بولۇپ، خوددى چۈشىدىكىگە ئوخشاش ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن ئىدى.

يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر ئۇ ئۆز ۋاقتىدا بوخچىسىنى (ئۇنىڭ ئىچىدە بىرقانچە قۇتا كونسېرۋا، بىر بوتۇلكا ھاراق، بىر-نەچچە قۇر كونا كىيىم، كىلىيونكىغا ئورالغان ئازراق پۇل بار ئىدى) ئوغرىلىتىپ قويۇپ، ئاچچىقلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى. خۇدايا توۋا! شۇ چاغدا ھەممە ئىشقا، بارلىق نەرسىگە ــ كوچىدا ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغىنىغا، ئۇنىڭ كىچىك باغچىدا ئولتۇرغان بىر كىشىگە يېقىنلىشىپ:"خېلى ئۇزاق ساقلامسىز؟"دەپ سورىغىنىغا، ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىگە، كۈلۈمسىرەشلىرىگە، شۇ چاغدا ياققان قاتتىق يامغۇرغا، سىم ـ سىم يامغۇرغا... ــ شۇلارنىڭ ھەممىسىگە، بارلىقىغا ئاچچىقلانغان ئىدى!

ئۇ شۇ يەردىكى "لادا"دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك رىستورانىدا قىرلىق رۇمكىنىڭ ئالدىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، قانداقتۇر بىر نەرسىگە قاراپ ئاستا كۈلۈمسىرەپ قويىدى. بىر تال ياش تامچىسىنىڭ مەڭزىنى سىلاپ ئاستا ئېقىپ چۈشكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى.

(«سوۋېت ئەدەبىيات ـ سەنئىتى»
ژورنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر توختى.
تەرجىمە مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئىمىن.



# دادامنڭ داچسى

## س. ۋورونن

مانا، ئەللك ياشقا يېقنلشپ قالغان بۈگۈنكى كۈندىلا تۇرمۇشتكى ئشلارنڭ ھېچقايسسنڭ ئۇنچىۋالا ئاددى ئەمەسلكنى، ياخشى نيەت بلەن قلنغان ئشلارنڭمۇ ھەمشە ياخشى نەتجە بېرىۋەرمەيدىغانلقنى چۈشەنمەكتمەن. دادامنڭ داچسنى ئېلپ ئېيتسام، دادام داچنى پۈتۈنلەي بز ئۈچۈن، يەنى ئۆز باللرنڭ — ئككى ئوغلى ۋە بر قزنڭ — ھوزۇر-ھالاۋتى ئۈچۈن، ئۆزننڭ چەككەن جاپاسنى بزنڭ مەڭگۈ ئەستە ساقلشمز ئۈچۈن ياساتقان ئدى. لېكن ئۇنڭ نەتجسى قانداق بولدى؟

مەنزرسى كشنى مەپتۇن قلدىغان كاۋگولوۋوك كۆلنڭ بويىغا جايلاشقان بۇ داچا شەھەرگە يېقنلقى ھەم ئنتايىن خلۋەتلكى بلەن ھەرقانداق جاينى بېسىپ چۈشەتتى. ئۇنڭ بر تەرپى كۆلگە قاراپ تۇراتتى. چوغدەك قزارغان كاتتا شارغا ئوخشاش قۇياش كۆلنڭ نېرىقى قرغقدا تېز ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان، كەچكى مەيىن شامالنڭ سۆيۈپ ئۆتۈشى بلەن كۆل يۈزدە يېنىك دولقۇنلار

ھاسىل بولغان چاغدا، كەچكى شەپەقنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى كۆل ئۈس-تىدە جىلۋە قىلاتتى. داچىنىڭ يەنە بىر تەرىپى تاققا تۇتاش ئىدى. تاغ ئۈستى قېلىن ئورمانلار ۋە موگۈلار بىلەن تولغان ئىدى. بۇ تاغدا لىۋا تېپىلىدىغان بولسا، كىشىگە بەكمۇ ھوزۇر بېغىشلايتتى. كۆلدە خالىغانچە قولۋاق ئوينايتتۇق ۋە سۇ ئۈزەتتۇق. بۇ جىمجىت پىنھان جايدا ۋە دەريا قولتۇغىدا بىز دائىم دادىمىز بىلەن بىللە بېلىق تۇتاتتۇق. ھەممە ئىش ئاشۇنداق كۆڭۈللۈك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن دادىمىزغا رەخمەت ئېيتىشتىن باشقا، نىمە دىيەلەيتتۇق؟ راست، بۇ يەردە كىچىكرەك كەلگەن بىر مۇشلىك بېغىمىزمۇ بار ئىدى. شۇ ئىش ئېسىمدىكى، بىر كۈنى دادام بىزنى شىرەنىڭ ئالدىغا چاقىرتىپ كەلدى ۋە بىزگە چوڭ بىر سېۋەتتىكى قىپ-قىزىل ئالمىلارنى كۆرسىتىپ:

— يەڭلار، — دىدى.

مەن بىرنى ئالدىم، ئىنىم بىلەن سىڭلىممۇ بىردىن ئالدى، ھەممىمىز كۆلۈمسىرىگەن ھالدا بىر بىرىمىزگە قارىشىپ يىيىشكە باشلىدۇق. توساتتىنلا، ئۇلگىنىڭ بىر يېرى ئاغرىغان بولسا كېرەك، قاش-قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى، بايا ئۇ قوۋۇزىنى چىشلىۋالغان ئىكەن. بىز كۈلۈشتۇق، ئۇنىمۇ كۈلدۈرۈش ئۈچۈن، سېنىڭ ئالماڭ بەكمۇ تاتلىق بولسا كېرەك، دىيىشتۇق.

— سىلەر ئالما دەرەخلىرىنى ئاسراڭلار، ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار، — دىدى دادام، — بۇ ئالما دەرەخلىرىنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ.

ۋاقت گويا ئاتقان ئوق، شۇ كۈندىن تارتىپ ھازىرغىچە شۇنچە كۆپ ۋاقت ئۆتۈپ كەتتى، ئۇلگا ھازىر چوڭ ئانا بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

قاراڭ، ئۇنىڭ ئەمدىلا يېشىغا تولغان نەۋرىسى بۇدرۇق قوللىرىنى سوزۇپ دەلدەڭلىگەن هالدا ئۇنىڭغا قاراپ مېڭىپ كەلمەكتە. لېكىن نەۋرىسى كەينى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇنى كۆرمىگەن ئولگا ئەلەم چېكىپ ئولتۇرماقتا.

بۇنداق ئەھۋاللار هازىر ئائىلىمىزدە ئادەتتىكە ئايلىنىپ قالغان. جېدەل-ماجىرالار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، قىيىدىشىش بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى، قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى هېچ بىلگىلى بولمايتتى.

— ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر كېسەل تارتىپ... — تەزىيە نۇتقىدا ئاشۇنداق يېزىلغان. دەرۋەقە، دادام ناهايىتى ئۇزاق كېسەل تارتتى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا بىزنى ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

— مەن سىلەردىن بىرلا ئىشنى، يەنى ئىناق ئۆتۈشۈڭلارنى تىلەيمەن. داچىغا ئاپتاپ ئوبدان چۈشىدۇ، ئۇنىڭدىكى كۆلنىڭ سۈيى سۈزۈك ۋە تىنىق، ئۇنىڭ هاۋاسى ياخشى. هەرقانداق قىيىنچىلىقتا يۇلۇقساڭلارمۇ ئۇنى سېتىۋەتمەڭلار. هامان ئۆزەڭلارنىڭ دەم ئالغۇدەك بىرەر پانا جايىڭلارنىڭ بولغىنى ياخشى. كەلگۈسىدە مېنى هەر بىر ئەسكە ئالغىنىڭلاردا، مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويارسىلەر... سەن ۋولودە، — دېدى دادام ماڭا، — سەن ئۇلارنىڭ ئاكىسى. سىلەرمۇ ئۇنىڭغا يار-يۆلەك بولۇڭلار. هەممىڭلار ئاپاڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭلار. ئىناق ئۆتۈڭلار. سىلەر ئەڭ يېقىن قېرىنداشسىلەر، سىلەرنىڭ باشقا يېقىن ئادىمىڭلار يوق.

بىزمۇ دادىمىزغا چوقۇم ئىناق ئۆتىدىغانلىقىمىز هەققىدە ۋەدە بەردۇق. ئەمەلىيەتتىمۇ دەل شۇنداق قىلدۇق — هېچقانداق ماجىرا-

چىقارمىدۇق. دادىمىز قازا تاپقاندىن، كېيىن بىز بىر بىرىمىزگە تېخىمۇ كۆيۈمچان بولۇپ كەتتۇق. ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشىمىز مۇنداق ئىشلار ئىدى: ئاخشاملىرى كۆلنىڭ بويىغا گۈلخان ياقاتتۇق، گۈلخاننىڭ ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ قوقاسقا ياڭيۇ كۆمەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپامنىڭ دادىمىز توغرىسىدا، ئۇرۇش يىللىرىدىكى ۋەقەلەر توغرىسىدا، ئائىلىمىزنىڭ سەرسانلىقتا قالغان چاغلىرىدىكى تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە- لىرىنى قىزىقىپ ئاڭلايتتۇق. ئاندىن كېيىن، پىشقان قىزىق ياڭيۇلارنى ئېلىپ قولىمىزدا دومىلىتىپ، يېيىشكە باشلايتتۇق، كالپۇكلىرىمىز قاپ-قارا بولۇپ كېتەتتى.

بۇنداق تۇرمۇش ئۇلگا تۇرمۇشقا چىقىقىچە داۋام قىلدى. ئۇنىڭ ئېرى ۋەلىسپىت تەنھەركەتچىسى ئىدى. ئۇ ئىشتىن كېيىنكى بوش ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى مەشىق قىلىش ۋە مۇسابىقىگە قاتنىشىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى، سىڭلىمۇ خۇددى سايىدەك، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلگادىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئەمما ئۇ ئاسيە دېگەن قىزىنى تۇغقاندىن كېيىن، بىزگە يەنە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، يەنە گۈلخان ئەتراپىغا، كۆل بويىغا قايتا توپلىنىشقا باشلىدۇق.

سىڭلىمىز بىلەن ئۇنىڭ ھېلىقى تەنھەركەتچى ئېرى ئوتتۇرىسىدا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى بىزگە نامەلۇم. ئىش قىلىپ ئۇ ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى ۋە ناھايىتى تېزلا يەنە بىر ئەرگە تېگىۋالدى. چاتاق ئىشلارمۇ شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن باشلاندى. نىمە ئۈچۈندۇر، يېڭى كۈيوغۇل بوسۇغىدىن كىرگەن كۈندىن باشلاپلا

www.uyghurkitap.com

بىزنى ياقتۇرماي قالدى. بۇ زادى نىمە ئۈچۈن؟ ھېچكىم بىرنىمە دېيەلمەيدۇ! مېنىڭچە، ھەممە گەپ ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ ئەسكىلىكىدىن بولسا كېرەك. ئۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، ياخشى ئىش قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى، شۇڭا بىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ياخشى نىيىتىمىزنى ئۇ يامان غەرەز دەپ قارايتتى. ئۇنى مۇتىھەم دىمىگەن تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا، تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم دىيىشكە بولاتتى. ئۇ بىرەر قېتىم سۇغارمىغان بولسىمۇ، لېكىن قىلچە ھېيىقماي، بولدۇرگەننىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈپ بولدى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا بۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتتۇدىم، ئۇ دەرھال ئاچچىقلىنىپ كېتىپ، ئولگىغا مېنى بىرمۇنچە يامانلاپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سىڭلىم ئاپامنىڭ قېشىغا بېرىپ: ئاكام ۋلادىكنى ھاقارەتلەپتۇ، ئۇنىڭ داچىدا تۇرۇشىنى خالىمايدىكەن، دەپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىپتۇ.

— بۇ ھەرگىز ئۇنداق ئىش ئەمەس! — دىدىم مەن قەتئى ھالدا، — ئۇ بولدۇرگەننىڭ ھەممىسنى يەپ قۇرۇتۇۋەتتى!

— يىسە نىمە بوپتۇ، شۇنىڭغىمۇ كۆزۈڭ قىيمىدىمۇ؟ ئىزامۇ تارتمايدىكەنسەن! مەن سېنىڭ بۇنچىلىك پىخسىقلىقىڭنى زادى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن!

مەن ئۆيلەندىم، كېيىن ئىنىممۇ ئۆيلەندى. شۇندىن باشلاپ مۇناسىۋىتىمىز تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى. بىرىنچى يىلىنىڭ يېزىدىلا ماجرا يۈز بەردى: كېلىنلەرنىڭ بىرى نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىشتۇرمىغان ئىكەن، يەنە بىرى گەپ قىلسا، ئۇ كۆزىنىڭ يېشىنى ئېقىتىپ، ئۇنى تىللىدى تەنە قىلىپ ھەم ئاللا-توۋا كۆتىرىپ، ھېچ بېسىلمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئايرىم ئولتۇرساق ياخشى بولارمۇ،

دەپمۇ ئويلىدىم. دۇرۇس، ئىنىم بىلەن ئىككىمىز دادىمىزنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەستە تۇتتۇق، ئايالىلىرىمىز گەپ تالىشىپ قالسىمۇ، ئىككىمىز زادى قىزىرىشمىدۇق. بالىلىرىمىز كەينى-كەينىدىن تۇغۇلدى. بۇنىڭ بىلەن يەنە يېڭى تالاش-تارتىشلار يۈز بەردى: ۋلادىنىڭ نىمە ئۈچۈن ۋولودەنىڭ ئۆيى چوڭ، ئىگورنىڭ ئۆيى كىچىك؟ دەپ، ئولگىنى قورانىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشقا كۈشكۈرتۈشكە باشلىدى. ئۆيىمىز شۇنچىلىك قالايمىقانلىشىپ كەتتىكى، سىرتتىن بىرەر ئادەم كىرىپ قالسا، نىمە دەپ قالدىغانلىغىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ: چىنە-قاچىلار داسنىڭ ئىچىگە دۆۋىلەپ قويۇلغان، يۇيىدىغان ئادەم يوق. بولۇڭ-پۇشقاقلاردا ئەخلەتلەر يىغىلىپ قالغان، يۈز يۇيىدىغان كۆلچەكنىڭ ئۆپچۆرىسى پاتقاق بولۇپ كەتكەن. يۇندىلار چىلەكلەردە تولۇپ ياتقان، ھېچكىم تۆكمەيدۇ. پولنىڭ ئۈستى پاسكىنىلىشىپ، يۈزىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغان. ھېچكىمنىڭ ئىش قىلغۇسى يوق. نەگىلا قارىساڭىز بالىلارنىڭ كىيىملىرى: بەزىلىرى تانىغا يېيىلغان، بەزىلىرى ئالما دەرىخىگە ئارتىپ قويۇلغان، بەزىلىرى قاشاغا ئارتىپ قويۇلغان. بۇنىڭ نەرى داچىغا ئوخشىسۇن، بۇ جاي سىگانلارنىڭ بارگاھلىرىغىلا ئوخشاپ قالغان...

— ياق، بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ — دىدىم مەن ئىنىمغا.

— كارىڭ بولمىسۇن، ئۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— ئۆتۈپ كېتىدۇ دىگىنىڭ نىمىسى؟ كۈن بويى جېدەل قىلىشىدۇ، دادام جان ئۈزۈش ئالدىدا بىزگە ئىناق بولۇشنى تاپىلىغان تۇرسا.

— دادام ئۇلارغا ئەمەس، بىزگە تاپىلىغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەن ئەھۋالنى ئاپامغا ئېيتتىم، ئۇ مېنىڭ قاراشلىرىمغا قوشۇلدى. بىراق، ئىشنى ئۇڭشايمەن دەپ، بۇزۇپ قويدى: ئۇ كېلىنلەرنى ھە دېسىلا ئەيىپلەۋەردى، ئەمما ئولگىغا ئورۇنسىز يول قويدى. ئۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشماي، بالىلارغا قاراپ بەرسىمۇ بوپتىكەن. لېكىن بۇ ئىشمۇ يەنە بىرمۇنچە يېڭى ماجىرالارنى قوزغىدى: ئولگا: ئاپام ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا بەك ئامراق، مېنىڭ بالىلىرىمغا باشقىچە قارايدۇ، دېسە، كېلىنلەر قويۇپ: ئاپام ئولگىنىڭ بالىلىرىغا ئوبدان قاراپ، بىزنىڭ بالىلىرىمىز بىلەن كارى بولمايدۇ، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن تاپا-تەنە، نارازىلىقلار ئۇلغايدى.

”بۇ ئىشلار قاچانمۇ تۆگەيدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — كىشى ئۈچۈن ئىستىقبالىنىڭ قاراڭغۇ بولۇشىدىن، ئارزۇ قىلغان نەرسىسىنى كۆرەلمەسلىكتىنمۇ ئارتۇق ئازاپ يوق. ھەقىقەتەن شۇنداق بولماقتا، بىزگە ئوخشاش ئەڭ يېقىن ئادەملەر بىر ئۆيدە تۇرۇۋېتىپمۇ ئىناق ئۆتەلمەيۋاتساق بالىلىرىمىز چوڭ بولسا، ئۇلارغا نىسبەتەن يەنە ئاللىقانداق خام خىياللاردا بولۇشىمىز مۇمكىنمۇ؟ بالىلىرىمىز ئۈچىنچى ئەۋلات تۇققانلار بولىدۇ، ئۇلار توغرىلىق ئېغىز ئېچىشنىڭ تېخىمۇ ئورنى يوق! دادىمىزنىڭ ۋەسىيەتلىرى ئۇلار ئۈچۈن نىمگە ھىساپ؟ دادىمىزنىڭ ئوبرازى بىزنىڭ خىيالىمىزدا، قەلبىمىزدە ساقلانغان بىلەن، ئۇلار چوڭ دادىسىنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان...“

— ئولگا، — دېدىم مەن بىر كۈنى سىڭلىمغا، — سەن ھېلىھەم بولسىمۇ بالىلىرىڭغا دوستلۇقنى ئاز-تولا ئۆگىتىپ قوي. بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ. قارا، بالاڭ شۇرىك بىزنىڭ سېرىوژانى ئۇرۇۋېتو.

— ھەي، باللار نىمنى بىلىدۇ! ھە دىسىلا شۇرىكنى ئەيىپلەيسەن، ئۇ تېخى بالا ـ دە. ئۇنىڭ ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەنلىگىنى بىلىشىڭ كېرەك.

— لېكىن مېنىڭ بالام ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىردى ـ دە، نىمە دەپ كىچىك بالىنى بوزەك ئېتىدۇ؟ ئۇ بۇنى بىلمەمدۇ؟ بىلمىسە، بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك ـ تە.

— سېنىڭ سېروژاڭ شۇنچە ئوبدانمۇ؟ ئۇ نىمىشقا ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ژۇرىكنى ئۇرىدۇ؟ ئىگورنىڭ نىمىگە ئېغىرلىق قىلىۋاتقانلىغىنى ھىچ چۈشەنمەيمەن. ۋلادىك: ئەگەر مەندىن باشقا ئادەم بولسا، سېروژانى زادى كەچۈرمەيتتى، ئۇنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك قىلىپ قاتتىق ساۋىماي قويمايتتى، دەيدۇ.

— ئولگا، مۇشۇنداق گەپنىمۇ قىلامسەن؟ نىمە دىگەن قوپال، نىمە دىگەن زەھەرلىك گەپ بۇ. شۇنداق قىلىش كېرەكمىكەن؟

— ۋاي ـ ۋۇي، ۋولودە، قوي بۇنداق گېپىڭنى. ئۆزەڭمۇ ئۇنچىۋالا كەڭ قوساقلاردىن ئەمەس. سەن بىلەن ئەپ بولۇپ ئۆتۈش ئۈچۈن ناھايىتى سەۋرچان بولۇش كېرەكقۇ؟ ۋلادىك باللارنى دەپ نائىلاج تۇرمىسا، ئۇنىڭ بۇ داچىدا بىر كۈنمۇ تۇرغۇسى يوق. بۇ يەرنىڭ نەرى ياخشى؟ بۇ جەننەت ئەمەس، ھەرگىز جەننەت ئەمەس. ياق، بۇ داچىدا خوشاللىق دىگەن نىمە يوق. سەن كۆرمەيۋاتامسەن؟ مەن ھەممىلا يەردە سېنىڭ نىنكا، ۋېركالىرىڭغا يول قويۇپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ ئۇلاردىن قالغۇچىلىگىم بارمىدى؟ راست گەپنى قىلسام، بۇ داچىدا مەن ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپرەك باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشۇم كېرەك ئىدى. ئەمما سىلەر ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىسىلەر؟ ماڭا

www.uyghurkitap.com

دەرىزىسى تاقىقا قارايدىغان بىر ئېغىز ئۆيىنى بەردىلار، بۇ ئۆيدە هازىرغىچە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. ۋلادىك بىلەن ئىككىمىز هازىر ئىككى باللىق بولۇپ قالدۇق، ئۈچىنچىسىمۇ تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاسىيە توغرىلىق سۆزلىمەيلا قوياي. خۇدايىم ئۇنىمۇ داچىسى بار بىر بايۋەچچىگە يەتكۈزەر. شۇ چاغدا يۈكىمىز خېلى يەڭگىللەپ قالار. لېكىن هازىر شۇنچە كۆپ ئادەم بىر ئۆيگە قىستىلىپ تۇرۇۋاتساق، شۇمۇ دەم ئېلىش بولامدۇ؟ ۋلادىك ماڭا: سەن بەكمۇ سەۋرىچان، هەممە ئىشنى ئۆزەڭ قىلىسەن، دەيدۇ تېخى...

— شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، هەممە ئىشنى ئۆزەڭ قىلىسەن. نېمە ئۈچۈن ئۇ بىرەر چېلەك سۇ توشۇمايدۇ؟

— توشۇيدۇ، بۇيرۇسام لا توشۇيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىلەرگە سۇ توشۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتى يوق-تە. سېنىڭ ئاۋۇ نېمەڭ دائىم سۇ توشۇپ بېرەمدۇ؟ سەنمۇ هەممە ئىشنى ئۆزەڭ قىلىسەنغۇ!

— ئۇ ئايال كىشى-دە.

— مەن ئايال كىشى ئەمەسمىكەنمەن؟ هە؟ مەنزە... — ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش قويۇلۇشقا باشلىدى، هامىلدار بولغاچقا، كالپۇكلىرى سەل ئىششىغان ئىدى.

بۇنداق ئەهۋالدا، باللارنى تەربىيىلەش ئۈستىدە قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن! بىر دەمدىن كېيىن ۋلادىك كىرىپ كەلدى.

— ئاڭلا، گۇمانخور، ئۇلگىنى ئەمدى رەنجىتىدىغان بولساڭ، ئالما دەرەخلىرىڭنىڭ هەممىسىنى قومۇرۇپ تاشلايمەن، ئۆيلىرىڭنى چېقىپ توپ-توز قىلىۋېتىمەن! هەممەڭ ئەبلەخ! — ئۇنىڭ بويى پاكارراق هەم دوغىلاق ئىدى، بۇرنى پەس ۋە ئۈچلۇق بولۇپ،

ئىنگەكلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ مۇشتى تۈگۈلگەن قوللىرىنى شىلتاپ تۇرۇپ ۋاقىرايتتى.

— نىمانچە ئۆكتەملىك قىلىسەن؟ — دىدىم مەن ئۇنى ئەيىپ-لەپ، — نومۇس قىلمامسەن؟ تەييارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ رازى بولمامسەن؟

— ھە، سەن شۇ خىيالدا ئىكەنسەن-دە! — دەپلا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

بىرئازدىن كېيىن ئۇلگا كىرىپ كەلدى.

— ۋولودە، سەن نومۇس دىگەننى بىلمەيدىكەنسەن! سەن ۋلادىكنى يۇۋاش كۆرۈپ بوزەك قىپسەن، ئۇنى داچىدا تۇرۇۋاتىدىسەن دەپ ئەيىپلەپسەن. شۇمۇ ئىشمۇ؟

— بۇ نىمە دىگىنىڭ؟ ئۇ قاراپ تۇرۇپ مۇتىھەملىك قىلىۋاتسا!

— بولدى! قوي گېپىڭنى! ھەممىڭلار ئۇنى يامان كۆرىسلەر. ئەمما بىز نەگە بارىمىز؟ ئۆزىمىزنىڭ داچىسى بولغان بولسا، بۇنچىلىك ئازاپلانمىغان بولاتتۇق...

ۋاراڭ-چۇرۇڭ، جىدەل-ماجرالار زادى بېسىقمىدى...

ياق، بىر ئىلاجى قىلىش كېرەك. لېكىن نىمە قىلىش كېرەك، زادى نىمە قىلىش كېرەك؟ باللىرىمىز كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئاسىيە تۇرمۇشلۇق بولدى، لېكىن ئۇ ئېرىنىڭ داچىسىغا كەتمەي، ئېرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئەمدى ئۆيلەر تېخىمۇ تارچىلىق قىلىپ قالدى.

— بۇ شەرق تەرەپكە بىر شىپاڭ ياسىساقمىكىن، — دىدىم مەن تەكلىپ بېرىپ، — بۇ يەرگە ھامىنى كۈن چۈشمەيدۇ، شىپاڭنى چوڭ قىلىپ ياسىساق، ئۇ يەردە تاماق يېيىشكىمۇ بولىدۇ، يامغۇر ياققان

www.uyghurkitap.com

كۆنلرى باللار ئۇينسمۇ بولدۇ.

ــ ئۇستاتلىغڭنى قارا، سىنڭ گىپىڭگە ئەخمەقتىن باشقىسى ئىشەنمەيدۇ! سەن بىرىنچى بولۇپ بۆلگۈنچلىك قىلىۋاتسەن جۇمۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ــ دىدى ۋلادىك ئالدىمغا دۈەيلەپ كىلىپ. ــ ئولگا، ئۇنىڭ گىپىگە كىرمە، بۇ بىر قىلتاق!

ــ مەيلىڭلار ئەمسە.

ــ بىزنىڭ مەيلىمىزچە بولسا، سىنىڭ ئۇ شپاك دىگەن بىر-نىمەڭنى ياسىمايمىز، ياساشقا توغرا كەلسە، ئۆزىمىزگە ئۆي ياسايمىز، ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىمىزنى ئاسىيە بىلەن نىكولايغا بىرىمىز. ئاسىيەمۇ ئانا بولۇشقا ئاز قالدى.

ــ بولدۇ، ياساڭلار، ــ دىدىم. ئىگورمۇ سۆز قىتىپ:

ــ مەن قارشى ئەمەسمەن، ــ دىدى.

ــ ئەمسە، ئۆي ياساشقا كىتىدىغان خىراجەتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قسمىنى سىلەر بىرسىلەر جۇمۇ؟

ــ نىمە ئۈچۈن؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كىرەك، سىلەر تەييارغا ئىگە بولساڭلار، بىز نىمە دەپ يىڭىدىن ياسايدىكەنمىز؟ سەن بىر ئىنژىنىر، لىكىن باشقىلارنى ئەخمەق چاغلىما. سىنىڭ غەرىزىڭنىڭ نىمە ئىكەن-لىگىنى بىز بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز!

ئولگا بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ۋلادىك ناھايىتى زىرەك ئىدى.

ــ پاھ، بىر ئىغىز گەپ بىلەن ھەممىنى ئاشكارىلىۋەتتىڭ-دە!

ــ ئەمسە، گەپ شۇنداق بولسۇن، ــ دىدى ۋلادىك.

كىيىنكى يىلىنىڭ ياز ئايلىرى كەلگىچە، ئۆيىمۇ پۈتۈپ قالدى.

مەنمۇ بىر ئىلاج قىلىپ ئۆي سېلىۋالاي، — دېدىم مەن ئاپامغا، — بىزمۇ قىستىلىپ قېلىۋاتىمىز.

— تەخىر قىلىپ تۇرغىن، مېنىڭمۇ تۆت كۆڭلۈم قالدى. شۇ چاغدا ئۆيۈڭلارمۇ كەڭ-تاشا بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئانام جاۋاپ بېرىپ.

— ئۇنداق دېمە، ئاپا!...

ئۆي سېلىنىپ، ئۆيلەرمۇ كېڭىيىپ قالدى. ئەمما يەنە يېڭى مەسىلە كېلىپ چىقتى — ئۇلىغا قورانىڭ ئۇچتىن بىر قىسمىنى بۆلۈپ بېرىسەن دەپ تۇرۇۋالدى ۋە رەسمىي قانۇنىي رەسمىيەتلەردىن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. مەن بىزنىڭ پۈتۈنلەي ياتلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى مانا ئەمدى تولۇق چۈشەندىم.

— ھەي، ئىگور، — دېدىم ئىنىمغا، — بىزنىڭ مۇشۇنداق ياتلىشىپ كېتىدىغانلىقىمىز خىيالىمغىمۇ كەلمەپتىكەن ۋە بۇنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋالادىكىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بولۇۋاتقان ئىش.

— مەيلى كىم بولسا بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش! ھامىنى بولىدىغان ئىش بولدى.

— توغرا ئېيتتىڭ...

— قانداق قىلىش كېرەك؟ بولمىسا، قورانىڭ ئۇچتىن بىر قىسمىنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرەيلى. خاتىرجەم بولساقلا بولدى.

— خاتىرجەم؟ — ئىگور تاماكىسىنى شورىدى-دە، بېشىنى بۇراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خاتىرجەملىكنى دېسەكمۇ دەيلى، لېكىن ئۇلارغا قورانىڭ قايسى قىسمىنى بۆلۈپ بېرىمىز؟

ئىنىم بىلەن ئىككىمىز قانداق قىلىپ مۇۋاپىقراق بۆلۈش ئۈستىدە چوت سوقۇپ كۆردۇق. بىراق، ھەرقانچە قىپمۇ بۆلۈشكە بولمىدى: يا ئەڭ كۆپ مېۋە بېرىدىغان ئالمىلىقنى، يا بولمىسا ئەڭ ياخشى كۆكتاتلىقنى بېرىشكە توغرا كېلىپ قالدى، بولمىسا، ئۇلار كىرىپ-چىقىشتا يەنە بىزنىڭ قورادىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

— ئۆزەڭ تاللا، — دېدىم ئولگىغا.

ئەتىسى ئۇ تازا ئاپتاپ چۈشىدىغان كۆكتاتلىقنى تاللىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— سەندە بىزگە نىسبەتەن ئازراق بولسىمۇ قېرىنداشلىق مېھرى يوقمۇ زادى؟ — دېدىم.

— سەن بۇ گېپىڭنى نېمىگە قارىتىپ دەۋاتىسەن؟ — دېدى ئولگا جاۋاپ بېرىپ، لېكىن ئۇنىڭ كالپۇكلىرى تىترىمەكتە ئىدى.

— ئازراق ئەقىل ئىشلەتسەڭلا بىلىۋالىسەن: ۋلادىك سېنى قورانىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ۋە ئۆيىنى سېتىشقا كۈشكۈرتكەنلىكى ئۈچۈنلا سەن قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتىمەكچى بولۇۋاتىسەن. ھەي ئولگا، ھەي ئولگا...

بالىلىرىمىز كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولماقتا. مېنىڭ بالىلىرىم چوڭ ئادەملەردىن بولۇپ قالدى. ئاسىيەمۇ بالىلىق بولدى. بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا مىجەز-خۇلقى بار. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ جېدەل-ماجىرالار كۆپىيىشكە باشلىدى. يىغا-زارە، قىيا-چىيا، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، دات ئېيتىش ئىشلىرى ھېچ ئۈزۈلمىدى. بۇنىڭ بىلەن چوڭلار ئارىسىدىمۇ سەن-پەن دېيىشىش كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگىلى تۇردى.

— سەن نېمىشقا مېنى كۆرگەندە سالاملاشمايسەن؟ — دېدىم

ئاسىيەگە، — بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس، ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

— ھىم، — دىدى ئۇ مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ. ئۇنىڭ پۈتۈن جاۋاۋى ئاشۇلا بولدى. ئاسىيە بىر بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بالىغا ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭ ئېرىمۇ شۇنىداق. ئۇلارنىڭ ئەر-ئايال دوستلىرى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بارماي، ھەممىشە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىۋالاتتى، دەرىزىسىمىز تۈۋىدە ۋاراڭ-چۇرۇڭ، كۈلكە-چاخچاق، رادىيو ئاۋازى زادى بېسىلمايتتى، ھەممىشە دىگۈدەك يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلاتتى.

— باشقا جايغا بېرىپ ئويناشقا بولمامدىكەن؟ — دەپ ۋاقىرىدىم مەن دەرىزىنىڭ سىرتىغا قاراپ، — كىشىگە ھېچبىر ئارام بەرمەيسە-لەرغۇ!

بىرنەچچە مىنۇت جىمجىتلىقتىن كېيىن يەنە ۋاراڭ-چۇرۇڭ باشلاندى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئولگا يۈگۈرۈپ كىرىپ مېنى ئەيىپلە-گىلى تۇردى:

— نىمە، قىزلار ئوينىسىمۇ بولمامدىكەن؟ ۋولودە، سىنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىغىڭنى زادى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

— مەن نىمە قىپتىمەن؟

— سەن بىزگە ھومىيىپ، كۆزلىرىڭنى ئالايتىپ يۈرگىنىڭنى ئاز دەپ، ئەمدى بالىلىرىمىزدىن چاتاق تاپقىلى تۇردۇڭمۇ؟

— مەن چاتاق تېپىۋاتامدىمەن؟ دەۋاتقان گېپىنى قارا! ئۇلار كىشىنى زادى ئۇخلاتمىسا،...ۋاقىرىشىپ ئادەمنى ئويغىتىۋېتىۋاتسا.

— ئويغىتىۋەتكەنگە نىمە بولاتتى. بەرىبىر دەم ئېلىش ۋاقتىڭغۇ، ئۇخلايدىغان ۋاقىت ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ. ياشلارنىڭمۇ ياشلارغا خاس ئىشلىرى بولىدۇ. نىمە، سەن ئۆزەڭنىڭ ياش ۋاقتىڭنى ئۇنتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالدىڭمۇ؟

— ئۇ ياشلىق دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرمەي، بىراقلا بوۋاي بولۇپ قالغان، — دېدى ۋلادىك دەرىزىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ.

— ھەي، قارا، ئۇنىڭ گېپىنى، — دېدى ئولگا كۈلۈپ كېتىپ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىدىن ئەلەم ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ئولگا، نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىشىمىز، ئارىمىزدا بىر بىرىمىزنى ئەپۇ قىلىدىغان ئىشمۇ بولمامدۇ؟ دادىمىزنىڭ ۋەسىيتىنى ئېسىڭگە ئېلىپ ئويلاپ باققىنا.

— مېنىڭ ئېسىمدىكىغۇ ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ. ئەمما سەن ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

دە تالاش يەنە تۈگىمىدى، دېيىشمىگەن گەپلىرىمىزمۇ قالمىدى. ھەممە ئىش ئاشۇنداق ئايدىڭ بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن بىر نەرسىنى چۈشىنەلمىدىم: بىز بىر ئائىلىنىڭ ئادىمى، ئەڭ يېقىن قېرىنداشلار بولساقمۇ، ئەمما بىر بىرىمىزگە ئاشۇنداق يات بولۇپ قالماقتىمىز. نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، بۇ جاينىڭ ھاۋاسى ساپ، ئاپتۇي يېتەرلىك، كۆلنىڭ سۈيى سۈزۈك، دەل-دەرەخلىرى باراخسان، ھەممىمىزنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا يېتىپ ئاشىدۇ. ئەمما بىز نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىناقسىز ھالغا چۈشۈپ قالدۇق؟ ئەمىلىيەتتە، بىرەر كۆكتاتلىق ياكى بىرەر مۆلىلىك باغ بىلەنمۇ ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولىدۇ. ئالما دەرىخى نىمىتى؟ ئالمىنى سېتىۋېلىپمۇ يېيىشكە بولىدۇ. بۆلدۈرگەنمۇ شۇنداق. دەرۋەقە، يېپ-يېڭى بۆلدۈرگەننى يەردىن ئۈزۈۋېلىپ يېيىش ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ، ئەمما بۆلدۈرگەننى دەپ ئۆچەكىشىپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوققۇ. ئېيتىپ كەلسە، گەپ بۆلدۈرگەندىمۇ ئەمەس. ئەمسە

گەپ نىمدە؟ نىمە ئۈچۈن يىلدىن ـ يىلغا ياتلىشىپ كېتىمىز؟ مېنىڭ ئىگور بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىممۇ بارغانسېرى سوغاقلىشىپ بارماقتا، ئىككىمىزنىڭ ئايرىم بىللە بولىدىغان پۇرسىتىمىزمۇ بارغانسېرى ئازايـ ماقتا، ئىلگىرىكىدەك ئارىغا قىلمۇ سىغمايدىغان يېقىنلىقىمىزدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

ــ ئىگور، بىز يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۆلنىڭ بويىغا بېرىپ گۈلخان يېقىپ ئولتۇرايلى. ئولىگا، ئاپام، باللىرىمىز، ئاياللىرىمىزنىمۇ چاقىرىپ كېلىپ بىللە ئولتۇرايلى.

ــ ئۇ يەر بەك نەم... ئۇنىڭ ئۈستىگە، راستىنى ئېيتسام، مەندە بۇنداق ئارزۇ يوق...

ئاپام خېلىدىن بېرى بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشمايدىغان بولدى. ئۇ بارغانسېرى جىمغۇرلىشىپ، كەم سۆز بولۇپ كەتتى، بارغانسېرى تالا ـ تۈزگە كۆپ چىقىپ، نەلەرنىدۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ، كەچ كىرىپ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى جىمىقاندىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كېلىدىغان بولدى. ئاپام بەزىدە مېنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆرسە، بېشىنى ئاستا چايقاپ قويۇپ، ئاچچىققىنا كۈلۈپ قوياتتى، بۇ، ئېھتىمال، ئاپامنىڭ مېنىڭ بىرنىمە دىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى سېزىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلاشنى خالىمايۋاتقانلىقى بولسا كېرەك. مەن ئاپامغا سوئال قويۇپ:

ــ سېنىڭچە، سىڭلىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقـ سىزلىقتا سەۋەب بولغان نەرسە زادى نىمە؟ ــ دەپ سورىدىم.

ئاپام جاۋاپ بەرمەي جىم بولۇۋالدى.

ــ ئىگور، ــ دىدىم مەن ئىنىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ــ بىز ياتلىشىپ كېتىمىزمۇ؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ياق، ئەلۋەتتە ئۇنداق بولمايمىز. ئەمما بىز ئەمدى ھېلىقى گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ ياكى ئۇ پىشۇرۇپ يەيدىغان ياشلار ئەمەسمىز... گەپىڭنىڭ ئوچۇغىنى ئېيتسام، دادام بىزنى مۇشۇ كىچىككىنە داچى بىلەن قاتتىق چىرماپ قويغان...

— بىز بىللە ئولتۇرۇپ، ئۆپكىمىزنى بېسىۋېلىپ، ھەممە ئىشلار توغرىسىدا ياخشىراق سۆزلىشىشىمىز كېرەك. قانداقلا بولمىسۇن، ھېچقايسىمىز ئەسكى ئادەملەردىن ئەمەسمىز - دە... — يەنە بىرنىمىنى دېيىشكە تەمشىلىپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ ياقتىن ئولگىنىڭ ۋاقىراۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

مېنىڭ ئايالىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل قارىشىپ تۇراتتى.

— ھۇ جىن چاپلىغان ساراڭ! — ئولگا ئۇنىڭغا قاراپ ۋاقىرىماقتا.

— سەن ئۆزەڭ ساراڭ!

— نىنا، ھەي نىنا، — دېدىم مەن ئىتتىك ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ — ھەي، مۇشۇمۇ ئىشمۇ؟

— ھە، كۆردۈڭمۇ، ئۇ نىمىشقا مېنى ھاقارەتلەپ، تىللايدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق چېقىلمىدىم، كىيىملىرىڭىزنى دەرىزەمنىڭ ئالدىغا يايماڭ، دېگەن گەپنىلا دېدىم، دېگەن گېپىم شۇ، ئۇ بولسا... ئۇ... — ئولگا يىغلىغان پېتى دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان بىر تۇڭنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى.

ئىشىكنىڭ ئالدىدا ۋالادىك پەيدا بولدى. ئۇ ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ ھەممەيلەنگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىپ چىقتى - دە، ئولگا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— يىغلىما، — دېدى ئۇ، — خەلق سوت مەھكىمىسى بارغۇ. ھەق - ناھەق ئاشۇ يەردە ئايرىلىدۇ. شۇنداقمۇ ئۆي ئىگىسى

بولىدىكەن!

مەن يىغلاپ ئۆلتۈرغان ئۆلگىغا، ۋلادىكقا، ئايالىمغا ۋە ئىگورغا نەزەر سالدىم. بىر ياشلىق نەۋرىسى دەلدەڭشىگەن ھالدا ئۆلگا تەرەپكە قاراپ ماڭماقتا. لېكىن ئۆلگا كەيىننى قىلىپ ئولتۈرغاچقا، كۆرمەي قالدى.

— سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدۇ، — دىدى ۋلادىك سۆزىنى تەكرارلاپ، — تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدۇ...

(«سوۋېت ئەدىبىيات - سەنئىتى»
ژورنىلىنىڭ 1984-يىللىق 2-سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: قېيۇم قۇربان.
تەرجىمە مۇھەررىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان.

سەنئەتتىكى كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىشتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان زىيانلىق نەرسە بولمايدۇ.

— ل. تولستوي.

قولىغا يېڭىدىن قەلەم ئالغۇچىلار ئۆز ئىشىنى ئۆزگىچە ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن باشلىشى لازىم.

— چېخوۋ.

www.uyghurkitap.com

花　　坛

(4)

(文学丛书)

(维吾尔文)

民族出版社编辑出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32　　印张：9 1/2

1984 年 12 月第 1 版

1984 年 12 月北京第 1 次印刷

印数：0001—8,000册　定价：0.55元

书号：M10049(4)185

قىستۇرما رەسىملىرىنى

**تاشپولات قاسىم** سىزغان

书号 M 10049(4)185
定价 0.55元